«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署




• XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • شىنجاڭ مەدەنىيىتى •

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

5

2007

ISSN 1008-6498
09>
9 771008 649003




















www.uyghurkitap.com

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى


بوۋا تىلىكى ..........(شېئىر)............ قاۋۇل ساۋۇر 2

ئوغلۇمغا خەت ............................ئەھمەد ئىمىن 4


## زامان تەقەززا پىكىرلەر


بىز ھەمكارلىققا موھتاج .......................... پەخرىدىن قارلۇق 5

بۆزچىلىكنىڭ يوقىلىشى ۋە بىزگە قالغان مەسىلىلەر............... مۇھەممەتئىمىن سابىر 7


## ئىزدىنىش سەپىرىدە


ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئارىسىدا ..............ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئىمىن 11


## سودا مەدەنىيىتى


سودا مەدەنىيىتى........................ ئىمىن تۇرسۇن 32


## دانىشمەنلەردىن نەسىھەت


«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن ھېكمەتلەر.................. تەييارلىغۇچى: غۇلام ئوبۇلقاسىم 36


## ئىبرەت ئەينىكىدە


هاراق ..........(ھېكايە) ............... ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 38


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .......................... تۇرسۇن ھەسەن قاتارلىقلار 45


## ئۆزۈڭنى تونۇ


ياش باش ۋە مەسئۇلىيەت ..................ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 58


## تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار .................. ئا. ئوسمان ھەقيار

ئا. شاھياقۇپ، ئى. ئىبراھىم، س. ئابدۇرەھمان، س. تىلىۋالدى، ئا. ئابدۇكېرىم تەرجىمىلىرى 61


## مەن كۆرگەن دۇنيا


بۇ كۆنلەردە رىزقىم بار ....................زۇلپىقار بارات ئۆزباش 68


مۇقاۋىنىڭ 1، 2، 3، 4- بەتلىرىدە: بۇگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر رەسساملىقىدىكى ئۇستاز غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى رەسىملىرىدىن ئۈرنەكلەر

**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 56- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2007- يىل 5- سان
( ئومۇمىي 287- سان )



باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**



# بوۋا تىلىكى

— تۇنجى نەۋرەم مۇرادجان مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە يادىكار

**قاۋۇل ساۋۇر**

قولۇڭ باردا ئوينا، يايرىۋال،
تارتىپ ئۇزۇۋەت قۇلاقلىرىمنى.
يۇزۇمنى موتاپ چاچلىرىمنى يۇل،
قانسۇن ئەركىگە بىر جۇپ يىپەك قول،
قوچۇپ ئوينا كۆز چاناقلىرىمنى،
تۇرسەم تىلغىۋەت قاپاقلىرىمنى.

پۇتۇڭ باردا كەزگىن بىمالال،
تاپساڭ ئېغىنا يۇمشاق تۇپراقنى.
باراي يېتىلەپ دەريا بويىغا،
چۆلگە، ئورمانغا ـ قۇشلار تويىغا.
كېچىۋال سۇنى، قۇمنى، پاتقاقنى،
ھىدلىۋال يانتاق، يۇلغۇن، توغراقنى.

تىلىڭ باردا قاينا، سايرىۋال،
ۋىچىرلىشىڭدىن تاڭ قالسۇن قۇشقاچ.
ئۆز تىلىڭ بىلەن ئاتاپ ھەممىنى،
ئۆز دىتىڭ بىلەن ياساپ ھەممىنى،
ئۆزۈڭدەك يۇمران يېڭى دۇنيا ئاچ،
ئۇندا بىھاجەت ۋەزچى ھەم تىلماچ.

نەۋكىرىڭدۇر مەن ئۇچ ياشلىق شاھىم،
سەلتەنىتىڭگە بولايمەن زاكات.
نىتەي، تەشۋىشتە سانايمەن كۈن، ئاي،
يىللار لەشكىرى رايىمغا باقماي،

كەلمەكتە سىلىپ تەختىڭ تامان ئات،
يەتتە ياش سېنى ئەيلەيدۇ بەربات.

دۇنيانىڭ شۇندىن باشلاپ مۇنقەرز،
قول، پۇت، ئېغىزلار بولماس ئۆزۈڭنىڭ.
بېتون قەپەسكە بولسەن بەند،
كىرەر چۇشۇڭگە چەت، يېشىل كەنت،
قۇشلار تېگىگە يەتمەس سۆزۈڭنىڭ،
رەڭ، تەمى ئوخشار قىش، ياز، كۈزۈڭنىڭ.

باشلايسەن سەپەر جىلتاڭغا بېسىپ
زامانىڭ ئېغىر قېلىپلىرىنى.
بۇ «بارسا كېلەر يا كەلمەس» سەپەر،
ئۆزۈڭگە باغلىق ھالاكەت، زەپەر،
دۇنيا چاپار ناز قىلىچلىرىنى،
چىقىرىپ بارچە قىلىقلىرىنى.

سەبىي جىسمىڭنى بۆلگەن تۇپراق
بوپقالار بەلكىم روھىڭغا قالقان.
چىقىرار بەلكىم توغراق ۋە يانتاق
ئۇمىد شېخىڭدا سارغايماس ياپراق.
يۇلغۇن چوغىدا سىڭىپ پىشقان نان
بېغىشلار بەلكىم جېنىڭغا دەرمان.

ئىلىم ـ پەن، «قوش تىل»، ئىنگلىز تىلى،
سەپىرىڭدىكى ئۇچ تىلسىم داۋان.
كۈتىدۇ ئۇندا ئۇچ ئاچقۇچ سېنى،
سىرلىق، خىسلەتلىك بىرىدىن بىرى.
بولمىسا سەندە ئۇچ كىشلىك جان،
ئېلىشقا ئۇنى بولمايدۇ ئىمكان.

ئاتىلار سۆزى ـ ئەقىلنىڭ كۆزى

نە ئاچقۇچكى، ئۈچ ئەڭگۈشتەر گويا،
ئۇ بىلەن جاھان خاقانىدۇر سەن،
ھەقىقىي ئىلىم تەختىڭنىڭ ئۈلى،
سەنكى ئۆنىڭسىز تەقدىرنىڭ قۇلى،
ھەتتاكى قۇلنىڭ نىمجانىدۇر سەن،
بەلكى قۇل ئارا پايخانىدۇرسەن.

بىلمىسەڭ «قوش تىل»كېتەر قولۇڭدىن
جاھاننىڭ شەكسىز ئالتىدىن بىرى.
كېتىدۇ پۈتكۈل جاھان ئىلكىڭدىن،
ئالمىسا ئورۇن زۇۋان مۈلكىڭدىن
ئىنگلىزچە تىل ـ «تىللار سەرۋەرى»،
چۈنكى ئۇ تىلنىڭ چوڭ جاھانگىرى.

كۆپ تىل ئىگىلەش كاتتا مۆجىزە،
بىرەر ئۇ ساڭا كۆپ قۇلاق، ئېغىز.
توسالماس سېنى ھېچ چېگرا ـ سېپىل،
كېلەر قول تەگلەپ ئېينىشتېين، نوبېل.
تىكلىنەر ئۇ چاغ باش ـ قەددىڭ ئېگىز،
كۆرەر جاھانمۇ دوستىدەك ئەزىز.

بىراق، ئۆزگە تىل«تىل»كىتابىڭنىڭ
بولغاي ئىككىنچى، ئۈچىنچى ... بابى.
ئانا تىل مەڭگۈ ھاياتقا تۈتقا،
ئوخشار ئۇ تەننى تىرىگەن پۇتقا،
سەپەرنى پۈتتەك قىلالماس جارى،
ئۆزگىنىڭ ئالتۇن ھاسىسى زادى.

ئانا تىلىڭسىز بىلگىن مىڭ زۇۋان،
چالا ئېشىلگەن تاناپسەن ـ زەيسەن.
ئەگدۈرسەڭمۇ گەر ئاتايدۇ مايمۇن،
سۈنئۈيكۈڭ بولۇپ پەلەكنى بويۇن.
«ئادەم»لىكنى كۆتۈرەلمەيسەن،
كۆكتە لەيلىگەن قاناتسىز پەيسەن.

تىل بىر مىللەتنىڭ ھاياتى ـ جېنى،
تىلنىڭ ئۆلۈمى ـ مىللەت ئۆلۈمى.
مەھمۇد كاشغەرىي، لۇتفىي، نەۋائىي،
ئانا تىل ئۈچۈن بولدى پىدائىي.
بولماس بۇنىڭچە مىللەت كۆيۈمى،
تىلدىدۇر ئەلنىڭ ئۆلۈم ـ كۆرۈمى.

بولۇر ياشاشتا لازىم بىر ساڭا
ئۈچ ئىنگلىزنىڭ قۇدرىتى دېمەك.
يولۇڭدا ئۆتكەل ـ داۋانلىرىڭ كۆپ،
بېشىڭدا قاينار قازانلىرىڭ كۆپ،
رىقابەت ـ جەڭگە چىداملىق كېرەك،
جەڭدە بەل يەشمەك ئۆلۈمدىن دېرەك.

مەيلى دۇچ كەلگىن قانچە ئۆتكەلگە،
«كىم»لىكىڭ بىلەن يۈزلەنگىن دادىل.
جاھاننىڭ مەركەز ـ يۈرىكىدىمۇ،
دۇنياۋى تىللار كۆرىكىدىمۇ
ئۆز ئەسلىڭ بىلەن كۆرسەتكىن ۋەسل،
سەندىن ئىپتىخار ئەيلىسۇن نەسل.

سوۋغام بۇ ساڭا چۈجە يۈركۈتىم،
ئۈچساڭ پېيىڭگە ئېسىۋال ئۇنى.
تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئۈندەپ كۆڭلۈڭنى،
چىن مېھرىم بىلەن سۇندۇم بۇ گۈلنى.
چىقسا ساۋاتىڭ قىسىۋال ئۇنى،
دىل تەشتىكىڭگە تىزىۋال ئۇنى.

2007 ـ يىل ئاۋغۇست، قاغىلىق

---

ئاپتور: شائىر، قاغىلىق ناھىيە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى(M1)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى: رىسالەت مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئوغلۇمغا خەت

ئەھمەد ئەمىن (مىسىر)

ئوغلۇم، مىسىردىكى ئوقۇشۇڭنى تاماملاپ ئەنگلىيىدە ئوقۇشقا ماڭـدىڭ. سەندىن بۇرۇن ياۋروپادا ئوقۇغانلار خىلمۇ خىل چىقتى. ئۇلارنى بىر نەچچە تۈركۈمگە ئايرىش مۇمكىن:

ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىسىر ـ ئەركىنلىكنىڭ چەكلىگۈچىسى، دەپ قارايدىغانلار بولدى ۋە ياۋروپادا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، مەكتەپنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزى خان ـ ئۆزى بەگ بولۇپ ناھايىتى ئەركىن يۈردى. ياۋروپادىكى رەڭگـارەڭ ئويۇنلارغا بېرىلىپ ئاتا ـ ئانىسىدىن ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن پـۇل ئېلىـپ، تاپقان ـ تەرگىنى، ۋاقتى، زېھنىنى ئويۇن ـ تاماشا، ھاۋايى ـ ھەۋەسـلەرگە سەرپ قىلدى. ئاقىۋەت، ھەممە ئىش تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشـتى. ئـۇلار روھىيىتى چىرىگەن، قەلبى قۇرتلاپ كەتـكەن ھالـدا دۆلەتـكە ئىلىمـسىز، ئەخلاقسىز پېتى قايتىپ كەلدى ـ دە، ھېچقانداق خىزمەتكە لايىق كەلمـىدى. ئۇلار ياۋروپاغا بېرىپ كەلدىيۇ، ھەممىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالدى.

ياۋروپادا بۇلارنىڭ ئەكسىچە ئوقۇيدىغانلارمۇ بار، ئەمما بۇلارنىڭ سـانى كۆپ ئەمەس. ئۇلار باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىدۇ، ياتىقـىدىن، كىتابلىرىـدىن، ئۇنىۋېرسىتېتىن ۋە ياتىقىدىن ئۇنىۋېرسـىتېتقا بارىـدىغان يولـدىن باشـقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىـشتى، دىپلـوم كۆتـۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۆسكەن، بىلىمى ئاشقاندى، ئەمما قەلـب كۆزلىرى يۇرۇمىغان، تېخىچە يۇمۇق ئىدى. بۇلارمۇ خۇددى ئاۋۋالقىدەكلەرلا مېنى قىزىقتۇرالمايدۇ.

بۇ يەردە مېنى قىزىقتۇرىدىغان ھەم مەن سېنىمۇ ئاشـۇلاردەك بولـسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدىغان بىر تۈركۈم بار. ئۇلار ئۆز ۋەزىپـىسىنى چۈشـەنگەن، ئۆزلىرىنىڭ پەقەت ئىلىم، ئەخلاق ئۆگىنىش ئۈچـۈن سـەپەر قىلغانلىقىنـى تونۇپ يەتكەنلەردۇر. ئۇلار ھەربىر مەنزىلدىن ساۋاق، ھەربىـر قەدەمدىـن نەپ ئالدى ھەممە دۆلەتكە مول بىلىم، پايدىلىق تەجـرىبە ئېلىـپ قايتـىپ كەلدى.

ياۋروپادا ئوقۇغانلار خىلمۇ خىل بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى قىسمىتىمۇ ھەرخىل بولىدۇ:

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياۋروپادىكى ئويۇن ـ تاماشـىسى، قـارامىلىقى بىـلەن كۆرەڭلەپ ماختىنىپ يۈرىدىغانلارمۇ، ئۆزى يايرىغان تاماشا دۇنياسـىغا يەنە قايتىپ بەھرىلەنگۈسى بارلىقىنى تىنماي كاپىلداپ سـۆزلەپ يۈرىدىغانلارمـۇ بار. يەنە يادلىۋالغان نەزەرىيە، ئېرىشكەن دىپلومىـنى ھېـسابقا ئالمىغانـدا، ھاياتىي كۆز قارىشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان، دىلـى كـور ھالـدا بېرىپ، شۇ پېتى قايتىپ كەلگەنلەرمۇ بار.

ياۋروپادا تۇرۇپ ئىلىم ۋە دۇنيا قاراشتا نەپكە ئېرىشكەنلەر بارىيۇ، ئەمـما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەتكە قايتىـپ كېلىپـلا ئۈمىدسىـزلىككە مۇپتىـلا بوپقېلىشتى. دۆلەتتىكى قالايمىقانچىلىق، نامراتلىق، مەينەتچىلىكنى ئۆزى بىر مەزگىل ياشىغان پاكىز، رەتلىك مۇھىت بـىلەن سېلىـشتۇرۇپ، ۋەتەندىكـى قالايمىقانچىلىق، زۇلۇم، قالاقلىقنىڭ جىق ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلـدى. ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى بولدىيۇ، ئازراق قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىلا، بەزى ئىشلارغا قورىبى يەتمىسىلا ھەممىدىن يالتىيىۋالدى.

مانا بۇلار، ئوغلۇم، مېنىڭ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كـۆرگەن ـ بىلگىنـىم. مەن سېنىڭ ئۇلاردەك بوپقېلىشىڭنى پەقەت خالىمـايمەن. سـېنىڭ دۆلەتـكە ئىلىملىك، ئەخلاقلىق، ساپالىق بولۇپ قايتىپ كېلىشىڭنى ئۈمىـد قىلىـمەن. قايتىپ كەلگىنىڭدە، ئەگەر مىللىتىڭنىـڭ ئەيىـب ـ نۇقـسانلىرىنى كـۆرۈپ قالـساڭ، ئۇلارنى ئەيىبلىمەي ئۇلارنى كۈچۈڭ يەتكىچە ئىسلاھ قىلىشىڭنى؛ ئەگەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلالمىساڭ ئۆزۈڭگە خاس مۇھىتىـنى بولسىمۇ ئىـسلاھ قىلىـشىڭنى؛ ئوقۇغۇچىلىرىڭـنى جـان ـ دىـل بىـلەن تەربىيىلىشىڭنى؛ ئۇستازلىرىڭ بىـلەن ئەدەپ ئۆتۈشـۈشۈڭنى؛ ئىللىـق ئـائىلە قۇرۇشۇڭنى؛ دوستلىرىڭ بىلەن ھەمپىكىر ئۆتۈشۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋاقىت ئۆتۈپ ئارزۇلىرىڭ كېڭەيسە، نەتىجەڭ، نوپۇزۇڭ ئاشسا ئاندىن ئىسلاھاتىڭنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرالايسەن.

سەندىن بۇرۇنقىلارنىڭ كۆپ قىسمى مەغلۇب بولدى. چۈنكى ئۇلار دىپلوم ئۈچۈن سەپەر قىلىپ، خىزمەت ئۈچۈن قايتىپ كېلىشتى. سـېنىڭ سـەپىرىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن، قايتىپ كېلىشىڭ ئىـسلاھات ۋە نەپ يەتكـۈزۈش ئۈچۈن بولسۇن!

ـــ داداڭ ئەھمەد ئەمىن

---

«ئەرەب تىلىـدىكى يېڭـى ئوقۇشـلۇق» نـاملىق كىتابنىـڭ 3 ـ قىـسمىدىن نۇرجان ئەلى تەرجىمىسى (M3)



# بىز ھەمكارلىققا موھتاج*

## پەخرىددىن قارلۇق

ئەسسالامۇئەلەيكۇم:

دەسلەپتە بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، ئۆزۈمنىڭ كەسپى بولغان لايىھىلەش ـ تارقىتىش تىپىدىكى كومپيۇتېر گرافىك ساھەسى ۋە كۆرۈم ئۇقۇمى توغرىسىدا سۆز ئېچىشنى پىلان قىلغانىدىم. ئەمما بۇ خىل كەسپىي ئىبارىلەردىن كۆرە كۆز ئالدىمىزدىكى شەخس بىلەن تۈركۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا سۆز ئېچىشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇ زۆرۈرىيەت بىزنى بۇ يەردە جەم بولۇشقا چاقىردى. بىز بۇ يەردە ئۈمىد ۋە ئىرادە توغرىسىدا، ئەقىدە، ھەمكارلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا سۆز ئاچماقچىمىز.

بىر زۆرۈرىيەت بىزنى بۇ يەرگە جەم قىلدى. بىز بۇ يەردە ئۆزۈمىزدىن بىرى بىزگە ھەمراھ بوپكېلىۋاتقان گۇمان ۋە تېڭىرقاش ئۈستىدىن، بىزنى چىرمىۋالغان چۈشكۈنلۈك، بىكار تەلەپلىك، غايىسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقچىمىز.

بىر زۆرۈرىيەت بىزنى بۇ يەرگە جەم قىلدى. بىز بۇ يەردە ئۈزلۈكسىز تىرىشىشنى، بۇ تىرىشىشنىڭ ئەقىدە ۋە مەنىگە ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلماقچىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە بىز كۆزىمىزنى مۆلدۈرلىتىپ يېڭى ئاتالغۇلارنى يادلاۋاتقاندا، ئۆزگىلەرنىڭ مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاسىتىلىرى بىزنىڭ غەلىبىمىزگە ماس كەلمەيدىغان باشقا بىر دۇنيانىڭ ئەندىزىسىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. تاشقى دۇنيادىكى نەچچە ئەسىرلىك ئىدىيە، سەنئەت ۋە تېخنىكىنىڭ جۇغلانمىسى بىراقلا پارتلاپ، بۇ پارتلاشتىن ھاسىل بولغان ۋاقىت كارىدورى بىزنى سانائەت دەۋرىمۇ ئەمەس، ھەتتا غايە ۋە ئەقىدىمۇ تۈزۈك شەكىللەنمىگەن بىر دەۋرگە ئايرىپ تاشلاپ قويغاندەك قىلىدۇ.

قارىغىلار، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئەتراپتىكى ئىختىرالارنى بىز كەشىپ قىلمىغان، باشقىلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا تۈزۈك تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ھالدا ياشاپ كەلدۇق. تاشقى دۇنيا خەلقى بىزنىڭ ئۆلۈمىمىز ئۈچۈن ياش تۆكمەيدۇ، بىزنىڭ غەلىبىمىز ئۈچۈن باش قاتۇرمايدۇ. بىز راستىنلا بۇ ئالەمدىكى مۇھەببەت ۋە ھېسداشلىقتىن ئايرىلىپ قالدۇقمۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلىش ۋە باشقىلارغا ھېس قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇقمۇ؟ بىز بۇ ئەھۋالنىڭ يەنە داۋاملىشىشىنى ھەرگىز خالىمايمىز.

بىر ئويغىنىش بىزگە ئازابنى ھېس قىلدۇردى. كۆرۈش ئىقتىدارىمىز بوپقالغانلىقى تۈپەيلى ئائىلىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان تۈركۈم ـ تۈركۈم قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرىمىز؛ ئاڭلاش ئىقتىدارىمىز بوپقالغانلىقى تۈپەيلى تالاي كىشىنىڭ تراگېدىيە ۋە پاجىئەگە تولغان تۇرمۇشىنى بايقايمىز؛ پۇراش سېزىمىمىز بولغانلىقى تۈپەيلى

زامان تەقەززا پىكىرلەر

تەگتۇشلىرىمىزنىڭ چاكىنا ئىس- تۇتەكلەردىن ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز...

قارائىلار، ھەتتا سەزگۇ ئەزالىرىمىزمۇ بىزنى ئازابلاۋاتىدۇ. بۇلغانغان ئاتموسفېرا، بۇلغانغان مۇھىت، بولغانغان قېرىنداشلىرىمىز... ھەممىسى بىرلىشىپ بىزنى ئىستىخىيىلىك ھالدا مەغلۇبىيەتكە باشلىماقچىمۇ؟

بىز بۇ ئازابلارغا، بۇ مەنىسىزلىك، چۇشكۇنلۇكلەرگە تويۇندۇق! ئەمدى بىز نۆۋەتتىكى تىرىكلەر ۋە ھەمكارلاشقۇچىلار بىلەن بارلىق سەلبىي ئاتالغۇنى ئۇمىدسىزلەندۇرمەكچى.

بىز سەمىمىلىك، سوغۇققانلىق ۋە دانالىققا ئېرىشمەكچى...

بىز مەسئۇلىيەتچان، نىشانلىق، غايىلىك ئىنسانغا ئايلانماقچى...

بىز غايەت گۇللەنگەن ماددىي تەمناتقا ئېرىشمەكچى...

بۇلار بىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر. بىز بۇلار ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز. بىز بۇلار ئارقىلىق ئاخىرقى غۇرۇرىمىزنى قوغداشنىڭ چىقىش يولىنى تاپالايمىز!

بەزىدە ھېسسىياتلىنىپ ئەسلىمىزدىكى شانلىق تارىخىمىزدىن سۆز ئاچساق، بەزىدە مەغلۇبىيەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئۆتمۇشىمىزدىن ئۇمىدسىزلىنىمىز. مەيلى بىز ئۆتمۇشنى قانداق شەرھلەيلى، ئۇ بۈگۈنكى قىسمەت بىلەن نەتىجىلەندى. مەيلى ئۆتكەنلەر ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ياكى ئورۇندىمىغان بولسۇن، بىزنىڭ مۇشۇ دەۋردە تۇغۇلۇپ، خاتالىقنى، مەغلۇبىيەتنى تونۇغان، مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلغان ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىمىزنىڭ ئۆزىلا كاتتا بەخت ۋە شان- شەرەپ. بىزنىڭ داۋاملىق تىرىشىش ئىمكانىيىتىمىزنى ھېچكىم چەكلەپ قالالمايدۇ!

بىز بۇ يەردە سىرتقى كۈچنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىمايدىغان بىر كۈچلۈك روھقا، بىر قۇدرەتلىك روھىي ئېنېرگىيەگە موھتاج. بۇ ئېنېرگىيە بىزنى ئالتە مىليارد ئىنسان ئارىسىدا ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئېنېرگىيە بىزنى قولىمىزدىكى بىر تۇتام ۋاقىت ۋە زېھنىمىزدىن پايدىلىنىپ، تۇرغۇزۇلغان نىشانىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش بىلەن ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئەمما سەممىزدە بولسۇنكى، ئازابنى ئەس- ھوشى جايىدا ئادەم ھېس قىلىدۇ. يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالدا كىشىلەر توپى ئۈچىگە بلۇن- تىنىسىز سىگىپ كېتىش ئارتۇقچە باش ئاغرىقى ئەكەلمەيدىغان ئاتالمىش راھەت ئىش. بىراق چېچىلاڭغۇ، چىدامسىز، نىشانسىز خاراكتېرىمىزگە؛ ئارىمىزدا يامرىغان چاكىنا كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىغا چىرمىلىپ كەتكەن زەھەرخەندە خاتىرجەملىكتىن ھوزۇرلانغۇچى زەيپانە روھىمىزغا ھامان شۇنداق بىر سوئالغا جاۋاب بېرىش مەجبۇرىيىتى كېلىدۇ: مەن زادى غەلىبە قىلغۇچىمۇ ياكى مەغلۇب بولغۇچىمۇ؟

ھەربىر ئىنسان بالىسى مۇكەممەل فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلما ۋە تەپەككۇرغا ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. مانا بۇ بىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىمىز. تۇرغان- پۈتكىنىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر مەۋجۇدات بىزنى تەپەككۇرغا ئۈندەيدۇ. بىز تەپەككۇر قىلايلى، ئۆزىمىزنىڭ ئادەمىيلىك قىممىتىمىزنى تونۇيلى. ئاندىن بىز تۇركۇم سۈپىتىدە ھەمكارلىشىشنى ئۆگىنىۋالايلى. ئالدىنقى باسقۇچ بىزگە غۇرۇر بېغىشلاپ ئادەمىيلىك ئۇلۇغلۇقىمىزنى ھېس قىلدۇرسا، كېيىنكى باسقۇچ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئېتىقاد ۋە غۇرۇرغا ئېرىشەلمىسەك، ھەمدە باشقىلار بىلەن قانداق ھەمكارلىشىشنى بىلمىسەك، بىز راستتىنلا ھەقىقىي مەغلۇب بولغۇچى بوپقالىمىز.

بىز ماددا سۈپىتىدە تۇغۇلغۇچى ۋە ئۇزۇنغا قالماي توپا- تۇپراققا قېتىلىپ كەتكۈچى، ئەمما مەنىۋىيەتلىك ئۇلۇغ يارالمىش بولغانلىقىمىز تۈپەيلى مەڭگۈ ياشىغۇچى ۋە ھەرىكەتلىرىمىزدىن ھېساب بەرگۈچى. بىز بۇ مەڭگۈلۈك سەپەردە زىيان تارتىشنى خالىمايمىز.

---

*بۇ، 2005-يىلى 18-ئىيۇن، ئاپتور بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ كەسپىي ئېنستىتۇتكا تەتقىقات مەركىزىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىگەن نۇتۇق.

ناتىق(ئاپتور): «قارلۇق»مەدەنىيەت تارقىتىش شىركىتىنىڭ سەنئەت- تېخنىكا يېتەكچىسى، «قارلۇق»ستۇدىيىسىنىڭ دىرېكتورى(M3)





# بۆزچىلىكنىڭ يوقىلىشى ۋە بىزگە قالغان مەسىلىلەر

مۇھەممەتئىمىن سابىر

بۆزچىلىك ـ پاختا رەخت توقۇمىچىلىقى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ بۆز توقۇمىچىلىقى ۋە بۆز رەخت بوياقچىلىقىغا دائىر بارلىق جەريان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قول ھۈنەر تۈرلىرى، بۇ ھۈنەرلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەممە مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز بۆزچىلىك ساھەسىدە پاختا چۈرۈش، ئاتقۇچىلىق، يىپچىلىق، چەكمەنچىلىك، ماتاچىلىق، داكىچىلىق، ئەستەرچىلىك، داستىخان توقۇمىچىلىقى، پوتا توقۇمىچىلىقى، ئۈشتەگەرلىك (شۇستەگەرلىك)، رەڭچىلىك، شاتىۋارچىلىق، تىرىكىچىلىك، ھەمزەكچىلىك، سەرگەزچىلىك، داستىخان بوياقچىلىقى، زەدىۋالچىلىق، سىدام بۆز بوياقچىلىقى قاتارلىق يىگىرمە خىلغا يېقىن مەخسۇسلاشقان قول ھۈنەر تۈرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا شاخارچىلىق، زاكىچىلىق، توغرىغا قازمىچىلىق، ئاق تاش قازمىچىلىقى قاتارلىق قازما دېھقانچىلىق كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان بىر قانچە خىل كەسىپ، بوياق ماتېرىياللار ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆستۈرۈش ـ يىغىشقا دائىر كەسىپلەرمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مۇلازىمەت، تەمىنلەش، سېتىش ھالقىسى بولۇش سۈپىتىدە بۆزچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا زىچ باغلانغان ھالدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بۆز توقۇمىچىلىقىدا سەككىز خىل تۈرگە مەنسۇپ 22 خىل نۇسخىدىكى توقۇلما مەھسۇلات، بۆز رەخت بوياقچىلىقىدا 15 خىل مەھسۇلات تۈرى، 240تىن ئارتۇق گۈل نۇسخا تۈرىگە مەنسۇپ بولغان 1200 خىلدىن ئارتۇق رەڭ تۈرىدىكى بۆز گۈللۈك ۋە سىدام بوياق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان. گەرچە بۆز توقۇلمىلار ۋە بۆز بوياق مەھسۇلاتلار كۆركەملىك، نەپىسلىك، رەڭدارلىق جەھەتتە يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلاردىن تۆۋەن تۇرسىمۇ، لېكىن خام ئەشيا مەنبەسىنىڭ موللۇقى، مەھسۇلات تۈر، نۇسخا، رەڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئەرزانلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ بىسات، مۇراسىم، تۇرمۇش ئىستېمالىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەن. بۆزچىلىك ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە مەھسۇلات تۈرى، گۈل نۇسخا ـ رەڭ تۈرلىرى ئەڭ تولۇق، مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان، ئۇيغۇرنىڭ ھەربىر يېزا ـ كەنتىگىچە ئومۇملاشقان ئەڭ چوڭ كەسىپ بوپكەلگەن. بۆزچىلىك مەھسۇلاتلىرى دىيارىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئىستېمال ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماي، يۇرتىمىزنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان قول سانائەت تاۋارىغا ئايلانغان.

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان جەمئىيەت تەرەققىياتى، سانائەتلىشىش ـ ماشىنىلىشىشنىڭ تېزلىشىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ئەنئەنىۋى بۆز رەخت توقۇمىچىلىقى ۋە بۆز رەخت بوياقچىلىقى پەيدىنپەي ئىستېمالدىن قېپقېلىشقا باشلىدى. ھازىر قەشقەر ۋە خوتەندە ئاز مىقداردا تالما، ماتا (خام) ۋە بۆز چەكمەن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. لېكىن بۇ مەھسۇلاتلارنى توقۇشتا ئاساسەن زاۋۇت يىپى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. پەقەت قىسمەن ھۈنەرۋەنلەرلا قول مەشغۇلاتى ئارقىلىق يىكچاقتا ئىگىرىلگەن بۆز يىپ ئىشلىتىدۇ. توقۇش ۋاستىسى جەھەتتە، ئەنئەنىۋى ياغاچ قورۇلمىلىق بۆزچىلىك دۇكىنى ھېلىھەم ئاز ساندا ئۇچرىسىمۇ، كۆپىنچە بىراك قىلىنغان پاختا توقۇمىچىلىق ماشىنىسى ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنئەنىۋى بۆز توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۆزچىلەر ئىككى

خانلىق سانىغىمۇ توشماسلىقى مۇمكىن. مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئاساسەن كېيەنلىك قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۆز رەخت بوياقچىلىقى بولسا، 1960ـ يىللاردىن باشلاپ ئاساسەن مەۋجۇدلۇقتىن قالغانىدى. ئۆزىگە خاس بەزى ئەۋزەللىكلىرىگە تايىنىپ بۆز بوياقچىلىقىدىكى يېگانە نامايەندە سۈپىتىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن تامغا باسما بوياق داستىخانچىلىقىمۇ پەشقەدەم كاسىپلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئىزباسارلارنىڭ چىقماسلىقى، تېخنىكا، سۈپەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ يېڭىلانماسلىقى، كونا ئەندىزىدىن ھالقىپ چىقالماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدا ئاساسەن تارىخقا ئايلاندى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئۆتكەن ئەسىر بىلەن يالغۇز بۆزچىلىك ساھەسىدىلا 20 خىلغا يېقىن ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر، مىڭ خىلدىن ئارتۇق قول ھۈنەر توقۇمچىلىق ـ بوياقچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا خوشلاشتۇق. ئىككى مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئاشۇ قول ھۈنەر تېخنىكىسىغا، ئاشۇ ھۈنەرلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارغا مۇجەسسەملەنگەن ئېسىل سەنئەت دۇردانىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان ـ ئۇنمىڭلىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ تىرىكچىلىك ئۈچۈن كەتمەنگە يېلىنغان ھالدا يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى. شۇنچە كۆپ قول ھۈنەر تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك ساھەيىمىزدىن، تۇرمۇشىمىزدىن، كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالىمىزدىن نام ـ نىشانسىزلا غايىب بولغانلىقىغا ھەممىمىز جىمجىت شاھىت بوپقالدۇق. مەن بۇ يەردە سارجا كىيىمنى تاشلاپ ماتا كىيىم كىيەيلى، بۈگۈندىن ۋاز كېچىپ ئۆتمۈشكە قايتايلى دېمەكچى ئەمەس. ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىيات تارىخى. تەرەققىيات دېمەكلىك تاللاش ـ تاللىنىش، شاللاش ـ شاللىنىش؛ يېڭى، ئىلغار نەرسىلەرنىڭ كونا، قالاق نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىش جەريانى دېمەكتۇر. ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە مەھسۇلاتقا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ شاللىنىپ كېتىشى، تەبىئىكى، قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىغا بېشارەت. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزدىكى بۆزچىلىككە دائىر، شۇنداقلا باشقا ساھەلەردىكى دەۋر تەرەققىياتىدىن كېيىن قالغان بىر قىسىم ياكى كۆپ قىسىم قول ھۈنەر تۈرى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت مەھسۇلاتىنىڭ شاللىنىشى، ئىستېمالدىن، مەۋجۇدلۇقتىن قېلىشى، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق نەرسىگە ئايلىنىشى بىر خىل مۇقەررەرلىك. تەن ئېلىشنى خالىمىساقمۇ بېشىمىزغا كەلگەن مەۋجۇد رېئاللىق ئەنە شۇ. ۋايساپ، ئاھ ـ داد ئۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. تەرەققىياتتىكى تاللاش ۋە شاللاش بىر خىل تەبىئىي ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. ئەمما بۇ، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن شەرتسىز، تارتىنمايلا، پەرۋاسىزلىق بىلەن ۋاز كەچسەكمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئاشۇ ھۈنەرلەرگە، ئۇلار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مىڭ خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلاتقا ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەجىر ـ مېھنىتى، ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملەنگەن. ئاشۇ ھۈنەر ۋە مەھسۇلاتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى بىلىش، تەبىئىي بايلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى ئاۋۇتۇش يولىدا ئېلىپ بارغان تىنىمسىز كۆرەشلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى. تەبىئەتنى، تۇرمۇشنى سۆيۈش ھېسسىياتلىرىنىڭ تىندۇرمىسى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىك يارىتىش يولىدىكى ئىجتىھات ـ ئىختىرالىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. ئۇلار خەلقىمىزنىڭ بىئولوگىيىلىك، ماتېماتىكىلىق، فىزىكىلىق، خىمىيىلىك، گېئومېترىيىلىك قاراش ـ چۈشەنچىلىرى، پىسخىكىلىق بىلىملىرى ۋە ئەقىدە ـ ئادەت قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىباھا فولكلور خەزىنىسىنى، مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ شاللىنىشىنى قوبۇل قىلغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ جىمجىت يوقىلىپ كېتىشىگە، نام ـ نىشانسىزلا غايىب بولۇشىغا بىپەرۋالىق، يۈزسىزلىك بىلەن قاراپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. مەغلۇب بولۇش، ئارقىدا قېلىش ياكى شاللىنىپ كېتىش ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ـ شاللانغاندىن كېيىنكى كۆرەش ئىرادىسى ۋە قىزغىنلىقىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشتۇر. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچتىن ئايرىلىپ قېلىش ئەڭ قاباھەتلىك مەغلۇبىيەتتۇر. ئىستېمالدىن قېپقېلىۋاتقان بۆزچىلىك ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ بايلىقلىرىمىزدىكى دۇردانىلەرنى سۈزۈپ ئالغۇلۇق؛ يېزىق، سۈرەت، ئۈن ـ سىن لېنتىسى، ئەۋرىشكە، مۇزېي قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى خاتىرىلىگۈلۈك؛ يىغىۋالغۇلۇق، ساقلىغۇلۇق؛ ئاندىن ئۇلارنى رەتلەپ سىستېمىلىق تەتقىق قىلغۇلۇق ئىدى. ئاشۇنداق قىلساق، ھۈنەر ـ سەنئەت تارىخىمىزدىكى نۇرغۇن غۇۋا مەسىلە ئايدىڭلىشار؛ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى نۇرغۇن ئۈزۈك نۇقتا بىر ـ بىرىگە باغلىنىشار ئىدى؛ خەلقىمىز ھاياتىدىكى ئىلغار، ئىجادىي تەجرىبە ـ ئىختىرالار ۋە قاراش ـ چۈشەنچىلەر ھەممە زاماننىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە باب كەلمەيدىغان ئاجىز، قالاق، كونا ئۇسۇل ـ ئادەتلەر ھەققىدىمۇ ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولار ئىدۇق. شۇنداقلا مىللىي ئىگىلىك، سانائىتىمىزنى زامانغا خاس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بەلگىلىك ئەندىزىگە ئىگە بولار ئىدۇق. مۇئەللىپنىڭ كالتە پەمىچە، بۆزچىلىكنىڭ يوقىلىشى بىزگە كەم دېگەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى قالدۇرۇپ كەتتى:

1. تارىم ۋادىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئۆستۈرۈپ كېلىنگەن كېۋەز سورتى ئاق پاختا بىلەنلا چەكلەنمىگەن. مەللە پاختا، سېرىق پاختا، (يەنە بەلكىم قارا پاختا؟) سورتلىرىمۇ تېرىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككى يىل ئىلگىرى گۇما ناھىيىسىدە ئايرىم دېھقانلارنىڭ سېرىق پاختا تېرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن بۇ خىل سېرىق پاختىنى يېقىنقى يىللاردا دىيارىمىزغا چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن رەڭلىك پاختا سورتلىرىنىڭ بىرەرسى بولسا كېرەك دېگىنىمدە، سۆھبەتدىشىم: «ياق! بۇ قەدىمدىن تارتىپ تېرىپ كېلىنگەن، يېقىنقى يىللاردا ‹بەشتە بىر تۇتاش بولۇش› دېگەن يەرلىك سىياسەتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن

www.uyghurkitap.com

تېرىلمىغان، زىرىپ دېھقانلار ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن قەدىمىي سېرىق پاختا سورتى ئىكەن. ھازىر يۇقىرىقى چەكلىمە بىكار قىلىنغاچقا، ئۇرۇقنى يېڭىلاپ قويۇش ئۈچۈن ئاز ساندا تېرىپتۇ» دېدى ئېنىق قىلىپ.

دېمەك، ئەسلىدە تارىم ۋادىسىدا رەڭلىك پاختا سورتلىرىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ تېرىپ كېلىنگەنلىكى ئېنىق. كېيىن ئۇنى يولسىز چەكلىمە بىكار قىلىنغاندۇ ياكى ئۇنىڭ توقۇمىچىلىقتىكى ئالاھىدە ئورنىنى بايقىشىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن توقۇمىچىلىقىمىزنى ئىلغار تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇپ رەڭلىك پاختىدا توقۇلغان ئېسىل رەختلەرنى بازارغا سېلىش، ئۇنىڭ كېڭىيىشى، ئىشلىتىلىشىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلالمىغاندىمىز. يېقىنقى يىللاردا چەت ئەللەردىن رەڭلىك پاختا سورتى كىرگۈزۈلۈپ تېرىلىۋىدى، بۇ ئىش ھەممەيلەنگە يېڭىلىق بىلىنىپ: ئوھوي، پاختا دېگەننىڭمۇ رەڭلىك سورتى باركەنغۇ، دەپ ھەيران بولۇشتى. بۇ خىل پاختا سورتى يېڭىچە تېخنىكا، يېتەرلىك بازار ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا رايونىمىزغا كىردى- دە، دېھقانچىلىقتىكى يېڭى بوشلۇق، بېيىشتىكى يەنە بىر يېڭى كۆزنەك سۈپىتىدە تەرىپلەندى. ھالبۇكى، مۇشۇ داۋراڭلار ئارىسىدا تارىم ۋادىسىدا رەڭلىك پاختا تېرىشنىڭ بۇنىڭدىن ئۇزاق زامان مۇقەددەم بارلىققا كەلگەنلىكى ھېچكىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلمىدى. مۇبادا بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ ئورمانلىقىدا ئۆسىدىغان ياۋا كېۋەز [1] بىلەن تارىمنىڭ قەدىمىي پاختا سورتلىرىنىڭ گېن قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلسا، دېھقانچىلىق، تېرىلغۇ، ھۈنەر- تېخنىكا تارىخىمىزدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن يېڭى بايقاشلارغا ئېرىشكىلى؛ ئەڭ مۇھىمى دىيارىمىزنىڭ تۇپراق، سۇ، ھاۋا، مۇھىتىغا تېخىمۇ ماسلاشقان پاختا سورتىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق دېھقانچىلىقىمىزنى يۈكسەلدۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن.

2. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا ئەجدادلىرىمىز گۈللۈك ۋە رەڭدار يوللۇق بۆز رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا باسما قېلىپ، باسما تامغا ۋە باسما چىغرىقتىن پايدىلانغان. ئەنئەنىۋى گۈللۈك بۆز رەختلەر ئىچىدە ھەمزەك باسما قېلىپىدا چەكلىگۈچى بوياق بېرىپ ئاندىن سوغۇق بوياش ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا ھازىرغىچەلوپ- سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى، نىيا قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، كېرىيە قارا دۆڭ خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن ھەمزەك ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. دېمەك ئەجدادلىرىمىز ئىككى مىڭ يىللارچە بۇرۇنقى چاغلاردىلا قېلىپ باسما بوياق ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان. بۇ تېخنىكىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باسما تامغا ۋە باسما چىغرىقنى كەشىپ قىلغان. باسما قېلىپ، باسما تامغا ۋە باسما چىغرىق ئەۋرىشكىلىرى ھېلىھەم خەلق ئارىسىدا، مۇزېيلاردا، يىغىپ ساقلىغۇچىلار قولىدا ساقلانماقتا.

ھازىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئويما مەتبەئە ۋە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردا ئاساسەن تارىخىي يازما ۋەسىقىلەر (ئۇنىڭ قانداق ئۇسۇلدا بېسىلغانلىقى) بىلەن دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مىخ مەتبە ھەرپ ئەۋرىشكىلىرى ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ خىزمەت ئىشلىنىپ بەلگىلىك نەتىجىمۇ قولغا كەلگەن بولدى. مەسىلەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، پەلسەپە دوكتورى، ئالىم ياسىن ھوشۇر ئەپەندى 1992- يىلىدىن باشلاپ يەتتە يىل جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، (ئالىم شى جىنبو بىلەن بىرلىكتە) «تاڭغۇتلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىككە يەتكۈزگەن مۇھىم تۆھپىسى»، «جۇڭگودا مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى— تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۆز تەتقىقاتىدا: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى... سۆزنىلا ئاساس قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى ئەمەس، بەلكى ئېلىپبە ھەرپلىرىنى، بوغۇم(قوشۇمچە)لارنى، سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ ھەرپلەر» ئىكەنلىكىنى، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل- يېزىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئىجاد قىلىپ، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى غەربىي دىيارغىچە كېڭەيتكەن»[2]لىكىنى، «تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئەدىن پايدىلانغان ۋاقتى 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ»غانلىقىنى ئىسپاتلاپ، «مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىپ بېرىشىدىكى ئىككى ئەسىرلىك ئۆتكۈنچى دەۋرنى زامان جەھەتتىن تولۇقلىدى، ماكان جەھەتتىن بولسا ئوتتۇرا ئىقلىمدىن غەربكە ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى ئىلگىرى سۈردى»[3].

لېكىن بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەتبەئەچىلىكى 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان دېگەنلىك ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىشتىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىپ پايدىلانغان. «ئىلىم ئەھلىلىرى: ‹ئۇيغۇرلاردا تەرجىمىچىلىك، كىتاب كۆچۈرۈش ۋە بېسىپ تارقىتىش 5- ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن› دەپ قارايدۇ. ئەينى دەۋردە تۇرپان ۋە خوتەندە قەغەز ياساش ئۇستىلىرى، مەتبەئە ۋە باسمىخانىلار بولغان»[4].

دەرەخنىڭ يىلتىزى، سۇنىڭ بېشى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئويلىغاندا، تەبىئىيلا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى قانداق كەشىپ قىلىنغان ياكى نەدىن كەلگەن؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ باسما بوياقچىلىق ھۈنەر تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنسا، يەنى ئەجدادلىرىمىز قېلىپ ياكى تامغا بىلەن رەخت يۈزىگە گۈل ـ نەقىش بېسىشنى ئويلىيالىغان، قىلالىغان يەردە ئۇنىڭدىن كۆپ سىلىق بولغان قەغەز يۈزىگە خەت بېسىشنى خىيالىغا كەلتۈرەلمىگەنمىدۇ؟ گۈل باسىدىغان ئويما قېلىپ، ئويما تامغا تېخنىكىسى ئۇلارنىڭ خەت باسىدىغان ئويما مەتبەئە تاۋىقىنى ئىختىرا قىلىشىغا تۈرتكە بولمىغانمىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەلسە، بەلكىم بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئويلىمىغان بايقاشلار قولغا كېلىشى مۇمكىن.

3. يېرىم ئەسىردىن بۇيان دىيارىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجە قولغا كەلدى. يەر ئاستىدىن بايقالغان ئاسار ئەتىقىلەر خېلى كۆپ بولدى. ئەمما مۇشۇ بايقاش نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە ئەسەرلەردە ئۇلارنىڭ نامىلىرى، گۈل نۇسخا، رەڭ نامىلىرى، ئۇسكۈنە، ئەسۋاب نامىلىرىنى ئاتاش ناھايىتى قالايمىقان ۋە مۈجمەل بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، بۇ ھەقتىكى خەنزۇچە ماقالىلەردە «蓝白印花棉布»ياكى «蓝白花布» دېگەن ئاتالغۇلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەمزەك رەختىنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئەسەرلەردە پەقەت ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىلا بۇ خىل رەختنى «ھەمزەك» («تارىمدىن تامچە» ناملىق كىتابىدا) دەپ ئاتىغاندىن ئۆزگە، باشقا ئارخېئولوگ، تەتقىقاتچى، تەرجىمانلىرىمىز ئۇنى «كۆك گۈللۈك رەخت»، «كۆك تەگ ئاق گۈللۈك رەخت»، «كۆك چىت» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئاتالمىلار ھەمزەكنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى تەبىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىشى كېرەك ئىدى. كېرىيە قارا دۆڭ خارابىسىدىن ھەمزەك بىلەن بىللە يەنە «红底白花绞缬绢» تېپىلغان. بۇ خىل رەخت «قىزىل تەگ ئاق گۈللۈك شايى» دەپ ئىپادىلىنىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خەلقىمىز قەدىمدىن يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئىشلەپچىقىرىپ ۋە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، خەلقىمىز ئارىسىدا «گۈلۋەرە» دەپ ئاتىلىدىغان گۈللۈك يىپەك رەختنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئاياللارغا خاس بولغان «گۈلۋەرەم»، «گۈلۋەرىخان» دېگەن ئىسىملار دەل ئاشۇ مەنىدىن كەلگەن. ئۆز بايلىق، ئىختىرالىرىمىزنىڭ ئىسمىنىمۇ تاپالماي ئاتىشىمىزنى قانداق قىسمەت دەيلىكىن؟

ئەگەر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت بايلىقىمىزنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنمىغان، ئۇلارغا دائىر بارلىق ئىسىم، ئاتالغۇ، ھەرىكەت نامىلىرى قاتارلىقلارنى توپلاپ «ھۈنەر ـ سەنئەت ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، «ئارخېئولوگىيە لۇغىتى» دېگەندەك قورال كىتابلار تۈزۈلگەن بولسا، ھۈنەر ـ سەنئەت، ئارخېئولوگىيىگە ئائىت ئەسەرلەر تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن خاتا، مۈجمەل ئاتالغۇ ئۇچرىشالغان، تارىخىي مىراسلىرىمىز ئەسلىي نامىنى تاپقان، يازمىلىرىمىزدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان بولاتتى.

ھېلىھەم ئىگەمگە شۈكرىكى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت مىراسلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش خۇسۇسىدىكى ئىشلىرىمىز تولىمۇ كېچىكىپ ـ كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستازلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئالەمدىن ئۆتكەن بىر چاغدا بولسىمۇ باشلاندى. بۇ، نۇرغۇن كىشىنىڭ، بولۇپمۇ ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىشتىراكى بولغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل روياپقا چىقىدىغان كاتتا ئىش. بۆزچىلىك ياكى يەنە باشقا ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرلىرى يوقالسىمۇ، بۆزچىلىككە ۋە يەنە تالايلىغان ئىگىلىك، سانائەت، ھۈنەر ـ كەسىپكە بېغىشلانغان پىداكار روھ، كامىل ئەقىل، كۈچلۈك جاسارەت، ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق يوقالمىسىلا، ئاللا خالىسا، بىزدىن تېخىمۇ ئىلغار، زامانىۋى، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىگىلىك شەكىللىرى مەيدانغا كېلىدۇ ۋە بىر زامانلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، سودا ـ سانائەتتە شۆھرىتى جىمى ئىقلىمغا يېيىلغان خەلقىمىز قايتىدىن قەد كۆتۈرگەي. چۈنكى شاللىنىش ياكى تاللىنىش بىر قوۋمغا نىسبەتەن مۇتلەق ياكى مەڭگۈلۈك ئەمەس. بۈگۈن يىقىلغاننىڭ ئەتە دەس تۇرۇشى رىۋايەت ئەمەس. ئېگىلمەس روھ يوقالمىسىلا ئۈمىد بار. شۇندىلا بىرى ئۆلسىمۇ مىڭى تىرىلگەي!

2007 ـ يىل 3 ـ ماي، شەھرى خوتەن

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى 451 ـ بەت.

[2]،[3] تەن شى: «تۇمانلار تۇزۇپ، تارىختىكى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 1 ـ سان 6 ـ، 8 ـ بەتلەر.

[4] ئابدۇرەھمان باقى: «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 2 ـ سان 22 ـ بەت.

ئاپتور: خوتەن ۋىلايىتى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر سەنئىتى تەتقىقاتچىسى (M3)

www.uyghurkitap.com



# ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئارىسىدا

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن

«تارىخنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇش، كۆڭۈل ئېچىش، مۇراسىم، رەسمىيەتلەرنى خاتىرىلەپ قويۇش ئەمەس. بىز تارىختىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ دەۋر روھىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.»[1]

— ۋولتېر (فرانسىيە. 1694 — 1778)

## 1. بىلىم ۋە تەقدىر

«بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.»[2]

— ئېمېرسون (ئامېرىكا. 1803 — 1882)

گېنشۇناسلار بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى بولغان «ئادەم»نىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 60 مىڭ يىل بۇرۇن ئافرىقىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار ئىزچىل كۆپەيدى. كىلىمات ئۆزگىرىش، ئوزۇقلۇق ئىزدەش، زېمىن ئىگىلەش ئىستەكلىرىدە قىتئەلەر ئاتلاپ كۆچتى. ئۇلار ياشاش داۋامىدا بىھېساب قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرى، تەسەۋۋۇرى، بىلىم - ئىقتىدارى يەتكەن دائىرىدە ھەل قىلدى. بۇ جەرياندا ھەر خىل روھىي ۋە ماددىي ئېھتىياجلار بارلىققا كەلتۈردى. ئادەت - قاراشلارنى شەكىللەندۈردى. ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ تۇردى. بىز بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ مەدەنىيەت دەپ ئاتايمىز. ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى، ھەرقايسى قوۋملارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا قوشقان تۆھپىلىرى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنگىچە ئېرىشكەن ۋە يوقاتقان مەنىۋى قىممەتلىرىنى چۈشىنىش، ئۆتمۈشنى بىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بۈگۈننى چۈشىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى كەلگۈسىنى مۆلچەرلەشنىڭ مۇھىم ئۇلىدۇر.

مەدەنىيەتشۇناسلار ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى مۇنداق بەش باسقۇچقا بۆلۈپ ئىزاھلايدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: دەسلەپكى مەدەنىيەت باشلانغان مەزگىل بولۇپ، ۋاقتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000 - يىللاردىن باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا، مېسوپوتامىيىدىكى سومېرلاردا ۋە كېيىنچە مىسىردا دەسلەپكى پولىس - شەھەرلىك شتاتلار بارلىققا كەلدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللارغا

ئىزلىنىش سەپىرىدە

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە ھوقۇق پەيدىنپەي بەلگىلىك زېمىنلارنى باشقۇرۇۋاتقان ھۆكۈمرانلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. بۇ ھۆكۈمرانلار ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشتى ۋە شەھەرلەرنى خانلىققا، ئاندىن ئىمپېرىيىگە تەرەققىي قىلدۇردى.

ئىككىنچى باسقۇچ: ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000- يىللاردىن باشلىنىدۇ. بۇ، پەيلاسوپلار، پەيغەمبەرلەر، دىنىي مۇتەپەككۇرلار ياشىغان دەۋردۇر.

ئۈچىنچى باسقۇچ: ۋاقتى ياۋروپا ئەدەبىيات- سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشتىن باشلىنىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچ: ئۇنىڭ ۋاقتى سانائەتلىشىش دەۋرى بىلەن تەڭ باشلاندى. بۇ ئادەتتە «ئاممىۋى شاد- خۇراملىق باسقۇچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بەشىنچى باسقۇچ: بۇ، كومپيۇتېرلىشىش دەۋرىدۇر.

بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەركىزىي تېمىسى، بارلىققا كەلگەن تېپىك يېڭىلىقلىرى ۋە تەسىر دائىرىسى بار. بىرىنچى باسقۇچتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ھوقۇق بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، مىلادىيە 2- ئەسىردە، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۆت چوڭ ئىمپېرىيە- رىم ئىمپېرىيىسى، پارتىيانلار ئىمپېرىيىسى- پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، كۇشانىيلار ئىمپېرىيىسى ۋە خەن ئىمپېرىيىسى شەكىللەندى. بۇ باسقۇچتا يەنە مەنىلىك يېزىق بارلىققا كەلدى. ئىككىنچى باسقۇچنىڭ مەركىزىي تېمىسى ئېتىقاد ۋە پەلسەپە بولۇپ، مۇتەپەككۇرلار ۋە پەيغەمبەرلەر تۈرلۈك پەلسەپىۋى ئېقىملارنى- تويۇنغان پەلسەپىۋى ئاڭلارنى، مۇقىم ئەقىدىلەرگە ئىگە بولغان دىنلارنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ جەرياندا دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى شۇنداقلا بۇ دىنلارغا ماسلاشقان باشقا دىنلار بار بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ دىنلار سىياسىي ئىمپېرىيىلەرگە ئوخشاش، ئىدېئولوگىيە ۋە ھەربىي جەھەتتىن ئۆز ئارا كۆرەشتى. بۇ باسقۇچتا يەنە ھەرپلىك يېزىق ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئۈلگىسى بارلىققا كەلدى. ئۈچىنچى باسقۇچتىكى مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىي تېمىسى پەن- تېخنىكىدۇر. بۇ باسقۇچتا تۈرلۈك زۆرۈر تېخنىكىلار بارلىققا كەلدى. 14-، 15- ئەسىرلەردە ھازىرقى سودا تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى. دىندىن خالىي ماتارىپنىڭ يېڭى ئۈلگىلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرگۈزۈلدى. يەر شارىدىكى مۇستەقىل جەمئىيەتلەر ئوكيانلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئوكيانلاردىن ھالقىغان دېڭىز قاتنىشى ياۋروپانىڭ ئۇلۇغ ئوكيان بويلىرىدىكى دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي ۋە سودا جەھەتتىكى رىقابەتلىرىگە، ياۋروپانىڭ باشقا قىتئەلەردىكى خەلقلەرنى مۇستەملىكە ۋە قول قىلىشىغا، ياۋروپانىڭ سانائەت ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابلىرىغا سەۋەبچى بولدى. ئاقىۋەتتە، 1- ۋە 2- دۇنيا ئۇرۇشلىرى پارتلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، پۈتكۈل دۇنيا دېگۈدەك ياۋروپالىقلار بىلەن تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى. تۆتىنچى باسقۇچتىكى تىپىك ئالاھىدىلىك دىندىن خالىي مەقسەتتە شاد- خۇراملىق ئىزدەشتىن ئىبارەت بولدى. سانائەت جەمئىيىتىدە زاۋۇتلارنىڭ چىشلىق چاقلىرىغا ئوخشاش جىددىي، مەلىكىلىك — تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى تەكرار ئىشلەپ زېرىككەن، ھارغان كىشىلەر ئازادە، خۇشھال- خۇرام دەم ئېلىش پائالىيەتلىرىنى ئارزۇ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى خۇشھال- خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بېرىشكە توغرا كەلدى. نەتىجىدە، ساقلاشقا ۋە يەتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان، تويغۇچانلىققا ئىگە سۈرەتلىك ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرۈۋەتتى. رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىقلار ئوپېراخانىلار ياكى ناخشا- ئۇسسۇللۇق ئويۇنخانىلاردىكى نەق مەيدانلىق نومۇر ئورۇنداشنىڭ ئورنىنى ئالدى. تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى دىندىن خالىي- دەھرىي بولغان ياشلار مەدەنىيىتىنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئېلېكترون ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان يېڭى ئاخبارات ۋە شاد- خۇراملىق سىياسىينىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ھەتتا تەشكىلىي ئاساسقا ئىگە بولغان دىن ۋە بالىلارنىڭ پۈتكۈل دىققەت مەركىزىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مەكتەپنىمۇ بېسىپ كېتىپ، سودا تاۋارلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بازارلىق، ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. ئېلېكترونلۇق ئالاقە تېخنىكىسى ھەممىنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بەشىنچى باسقۇچ، نۆۋەتتە بىز كۆپ تىلغا ئالغان ئۇچۇرلىشىش دەۋرىدۇر. بەشىنچى باسقۇچتا كومپيۇتېر بارلىققا كەلدى ۋە دۇنيا كىچىككىنە كەنتكە ئايلاندى.

بىز تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سۈرۈشتۈرسەك بىلەلەيمىزكى، ئۈچىنچى باسقۇچ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مەزگىللەر بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئىنسانلار بۈگۈنكى تەرەققىياتتا مۇھىم رول ئويناۋاتقان ئاساسلىق پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ۋاقتى ئالدىنقى مەدەنىيەت باسقۇچلىرىغا قارىغاندا قىسقا، ئەمما يۈكسىلىش تېز بولدى. دىققەتكە سازاۋەر ئالاھىدە ھال شۇكى، بۇ باسقۇچتىكى تۆھپە ياۋروپاغا تەۋە بولدى. بۇلارنى ساناپ چىقىشقىمۇ خېلى كۈچ كېتىدۇ. بۇ سۆزىمىزگە، دەسلەپكى نەتىجە قاتارىدا كوپېرنىك(1473- 1543)نىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى قايتا دەلىللىشى، كېپلېر(1571- 1630)نىڭ قۇياش سىستېمىسىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بايقىشى، گالىلېي(1564- 1642)نىڭ مۇستەقىل تەتقىقاتى ئارقىلىق كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى قۇۋۋەتلىشى ۋە 1609- يىلى دۇنيادىكى تۇنجى تېلېسكوپنى كەشىپ قىلىپ، ساما يولى ھەققىدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشى، پاسكال(1623- 1662)نىڭ ئىككىلىك سىستېمىدىكى ھېسابلاش ئەسۋابىنى ياسىشى ۋە ماتېماتىكىدىكى باشقا مۇۋەپپەقىيەتلىرى، نيۇتون(1642- 1727)نىڭ فىزىكا ۋە ماتېماتىكىدىكى زور بايقاشلىرى، بويلې(1627- 1691)نىڭ گاز تەجرىبىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بايقاشلىرى، ئاندىراس ۋىسالىي(1514- 1564)نىڭ ئادەم بەدىنى ئاناتومىيىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ۋىلىيام ھارۋېي(1578- 1657)نىڭ ئادەم بەدىنىدىكى قان ئايلىنىش قانۇنىيىتى ۋە يۈرەكنىڭ ناسوسلۇق رولىنى بايقىشى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

18- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ياۋروپادا بىرىنچى قېتىملىق پەن- تېخنىكا ئىنقىلابى بولدى. دۇنياۋى سودا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، توقۇمىچىلىق ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تەقدىرىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغان كەسىپكە ئايلانغانىدى. 1733- يىلى تېز سۈرئەتلىك موكا كەشىپ قىلىنىپ، توقۇش تېخنىكىسىدا ئىلگىرىلەش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەم كۈچى تېجەپ قېلىنىپلا قالماي، سۈپەتلىك، ئېنى كەڭ رەخت توقۇش يولى ئېچىلدى. 1738- يىلى چاقسىمان توقۇش ئۈسكۈنىسى كەشىپ قىلىندى. 1751- يىلى ئەنگلىيە خانلىق ئىلىم جەمئىيىتى بىرلا ۋاقىتتا ئالتە يىپتا توقۇغىلى بولىدىغان، پەقەت بىرلا ئادەم باشقۇرىدىغان ئالاھىدە ئۈسكۈنە كەشىپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1764- يىلى بۇ ئۈسكۈنە مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالدى. دەسلەپ ئۇ سەككىز ئۆرۈچۇقلۇق ئىدى. كېيىن بىراقلا 80 ئۆرۈچۇققا كۆپەيتىلدى. ئۇچ- پاختا يىپنى تارتىش ۋە ئېشىشنىڭ ھەممىسى ئۈسكۈنە مەشغۇلاتى بىلەن بولاتتى. بۇ ئۈسكۈنە توقۇش ئۈنۈمىنى ئون نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ ئۈسكۈنە ئەلۋەتتە قول بىلەن ھەرىكەتلىنەتتى. 1768- يىلى بىر ساتىراش

سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان توقۇش ئۇسكۇنىسى ياسىدى. 1779- يىلىغا كەلگەندە 400 ئۇرچۇقلۇق ئۇسكۇنە ياسالدى. پار ماتورىنىڭ كەشىپ ئېتىلىشى توقۇمىچىلىق سانائىتىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولدى.

غەربتە 18- ۋە 19- ئەسىرلەردىكى تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتى يەنىلا تېز بولدى. 1752- يىلى ئېلېكتر ئېقىمىنىڭ بايقىلىشى ۋە 1800- يىلى باتارېيە ياسىلىشى، ئەنگلىيە خىمىيە ئالىمى دالتون(1766- 1844)نىڭ خىمىيىدىكى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ۋىللىيام تومسون- يەنى كالۋىن (1824- 1907)نىڭ ئىسسىقلىق، ئېلېكتر ماگنىت، ئاقار جىسىم مېخانىكىسى، ئوپتىكا، يەر شارى فىزىكىسى، ماتېماتىكا، قۇرۇلۇش قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، فارادېي(1791- 1867)، ماكسۋېل (1831- 1879)لارنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يەنە تۈرلۈك ئىلمىي نەزەرىيىلەر 1- قېتىملىق پەن- تېخنىكا ئىنقىلابى دەۋرىدە غەربنىڭ ئىلىم- پەندە تولىمۇ سالماق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بوپقالدى. 2- قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى قاتناش قوراللىرى ئىنقىلابى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىنقىلابىدا غەرب دۆلەتلىرى يەنىلا ئۆتقۇچى بولدى. 3- قېتىملىق پەن- تېخنىكا ئىنقىلابى بولمىش كومپيۇتېرلىشىش- ئاپتوماتلىشىش ھەم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كەشپىياتىدۇر. بۇنداق تۆھپىلەر ياۋروپانىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى دۇنياۋى ئىلىم- پەن، ئىقتىساد، سىياسىي جەھەتتىكى نوپۇزدار ئورنىنى بەلگىلىدى.

## 2. غەربنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى

«پەلسەپە بىلىمگە نىسبەتەن ئومۇمىي ۋە كەڭ شەكىلدە ئىنتىلىش دەپ چۈشىنىلسە، ئېنىقكى، ئۇنى بارلىق ئىلىم- پەن تەتقىقاتىنىڭ ئانىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.» [3]

—ئېينىشتېين

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ 1- ۋە 2- باسقۇچىدا غەرب بىلەن شەرق- خرىستىيان ياۋروپاسى بىلەن مۇسۇلمانلار شەرقى جىق پەرقلەنمەي كەتمەيتتى. غەربتە گەرچە شەرق ئەللىرىدىن پەرقلىق رەۋىشتە مىلادىدىن بۇرۇنلا نەچچە ئونلىغان مۇتەپەككۇر، ماتېماتىك، تېبابەت ئۇستازى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، يېزىق، كالېندارچىلىق، مەكتەپ مائارىپى، سىرلىق قۇرۇلۇش ئەلئېھرام، ئېرا ئاتلاپ چىرىمەيدىغان مومىيا، ئەرەبچە ھېساپلاش ئۇسۇلى، مېدىتسىنا ... قاتارلىق تەرەپلەردە شەرق ئەللىرى يەنىلا ئۈستۈن تۇراتتى. ئەمما 3- قېتىملىق مەدەنىيەت تەرەققىياتى باسقۇچىدا غەرب ئەللىرىنىڭ پەن- تېخنىكا جەھەتتىن بۇنچە ئىلگىرىلەپ كېتىشى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈش، بۈگۈن ئەقلىي ئادەملىك سالاھىيىتى بىلەن ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتىدۇر.

غەرب تارىخشۇناسلىرى بۇنى ئومۇمەن ياۋروپادىكى تەبىئەت پەنلىرى ئىنقىلابى، سانائەت ئىنقىلابى ۋە سىياسىي ئىنقىلابلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ يەنىلا پەلسەپە، ئېتىقاد، سىياسىي قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئىنقىلابلارنىڭ - تەپەككۇر ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى، پەلسەپە بىر خىل ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ، كىشىلەر بىلەلەيدىغان بارلىق شەيئى ھەققىدىكى مۇكەممەل بىلىمدۇر. زامانىمىزدىكى پەلسەپە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەبىرىچە، پەلسەپىنىڭ سۆز مەنىسى «بىلىمنى سۆيۈش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ھۆكۈممىز، باھايىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى سىستېملىق، تەنقىدىي رەۋىشتە تەكشۈرۈش شەكلىمىزدۇر. مەقسەت ئۆزىمىزنى تېخىمۇ پاراسەتلىك، بىلىدىغان قىلىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىر پەلسەپىدە مۇكەممەل ئادەم بولۇشنىڭ نۇرغۇن ھېكمىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي، ئېتىكا- ئەخلاق، ئىلىم- پەن، ھەزارەتكە بولغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بىلىش تەس ئەمەسكى، قەۋمنىڭ پەلسەپە ئېڭىدىكى ئىلغارلىق ئاۋامنى توغرا تەپەككۇرغا يېتەكلەيدىغان نىشاندۇر. بۇنداق تەپەككۇر خورۇچى تەرەققىياتنىڭ مەنبەئى ئاساسىدۇر.

بىز ئىلىم تەرەققىياتىنى ئېتىقادنىڭمۇ سىرتىدا قويالمايمىز. ھەرقانداق بىر چوڭ دىن بەلگىلىك پەلسەپىنى ئۇل قىلىپ قۇرۇلىدۇ. ئەلۋەتتە، دىندا بار بولغان دىنىي ئەقىدە، مۇراسىم ۋە قائىدە - يوسۇن، تۈزۈم ۋە بەزى خوراپاتلار پەلسەپىدە يوق. ھەقىقىي پەيلاسوپلار كۆپىنچە دىنىي ئەقىدىلەردىن، قائىدە- يوسۇنلاردىن، دىنىي تۈزۈملەردىن ۋە خوراپات دەرىجىسىگە يەتكەن قاراشلاردىن ھالقىپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئەمما، پەلسەپىدە كىشىلىك ھايات، ئالەم، بىلىم ھەققىدە تەلىماتلار بار. دىنمۇ ئوخشاشلا كىشىلىك ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، دىن بىلەن پەلسەپە مەزمۇن جەھەتتىن ئازراق ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تارىختىن بۇيان كۆپ ساندىكى قەۋمنىڭ ئومۇمىي دىنىي ئېتىقادى بولغان. بۇنداق ئېتىقاد ئۇلارنىڭ ئاڭ- ئىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

بىز يەنە تارىختىكى تۈرلۈك ئىلگىرىلەشلەرنى سىياسىيسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. چۈنكى، ئىنسانلار سىنىپىي- دەرىجىلىك جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئىرادىسى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ نورمال يۈرۈشۈش- يۈرۈشەلمەسلىكىدىكى ھالقىلىق ئامىل بوپكەلدى. سىياسىي- يەنى دۆلەتنىڭ ئىلىم- پەن تەرەققىياتىدىكى ھىمايىسى ئىدىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاشتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھۆكۈمدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇھىم پەرقى شۇكى، ھۆكۈمدارلار قارار چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە. سىياسىي ئۆزىگە زىيانلىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ھامان چەكلەيدۇ. ئەگەر شەخسنىڭ قىممىتى ئېتىبارسىز قارالسا، پۇقرا گۇمانلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالسا، سىياسىينىڭ تىرىشچانلىقى پۇقرانىڭ جاسارىتىنى ئۆلتۈرۈش بوپقالىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمدارلار زىيادە شەخسىيەتچى، گۇرۇھۋاز بولسا، ئۆز ھۆكۈمىتى تەۋەسىدىكى پۇقرالار ئېغىر كەمسىتىلىشكە ئۇچرايدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىلغار قاراشلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شۇمبۇيا بوپقالىدۇ. ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. تارىخقا قارىساق، بۇنداق ئىشلارنىڭ مىساللىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئىنتايىن كۆپ.

قەدىمقى گرېكلار ئېتىقاد بىلەن ئەقىلگە، تەپەككۇرغا تەڭ ئۆلچەم نەزەرىدە قارىغان. سوقرات(م ب 469- م ب 399)، ئەپلاتون(م ب 427- م ب 347) ۋە ئارىستوتېل(م ب 384- م ب 322)لارنىڭ ئىدىيىسى ئىللىنىزمنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم پەلسەپىۋى مەنبە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئىجابىي ياكى سەلبىي جەھەتتىن بولسۇن، غەرب جەمئىيىتىدە كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان. سوقراتنىڭ قارىشىچە، تەپسىلىي قاراپ چىقىلمىغان- يەنى تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق ھاياتنىڭ قەدىر- قىممىتى، شان- شەرىپى، ئېتىبارى بولمايدۇ. ھەقىقىي سەممىي، راستچىل ئادەم بولۇش ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئۆز ھاياتى ۋە ئېتىقاد ئىشەنچىسىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي بەختكە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر بىز مەنىلىك ياشىماقچى بولساق، بۇ مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ھەقىقىي بەخت ۋە ھەقىقىي ھايات ئۈچۈن بىز چوقۇم مۇۋاپىق بولغان ئاڭ ۋە ھەرىكەت پرىنسىپىنى بويلىشىمىز كېرەك. بۇ پرىنسىپ چوقۇم ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئورۇندا، بارلىق ئادەم ئۈچۈن راست بولۇشى كېرەك. ئادەملەر ھەقىقەتنى بايقاپ، ئۇنى ھاياتىنىڭ تايانچىسى قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقەت يۇلتۇزلاردا، دىنىي دەستۇرلاردا ياكى دورامچىلىقتا ئەمەس، دەل بىزنىڭ قەلبىمىزدە. قانچىلىك يوشۇرۇن بولسۇن، ھەقىقىي توغرا ئىدىيە ۋە ھەرىكەت پرىنسىپى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. سوقرات كىشىلەرنى ئۆزى ۋە باشقا ھەرقانداق شەيئى ھەققىدە سوغۇققان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە، راستچىل، سەممىي بولۇشقا چاقىرغان. ئەپلاتون: «كىشىلەرنىڭ ئىلىم- پەن بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋاقىتلىق زاھىر بولغان نەرسىلەرنى ئەمەس، مەڭگۈلۈك شەيئىلەرنى بىلىش ئۈچۈندۇر» دېگەن.

كېيىنكى ئەھۋال بۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك بولمىدى. خرىستىيان دىنى ئېزىلگەن ئاممىنىڭ نىجاتلىق تېپىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، رىم ئىمپېرىيىسى نەزەرىدە ئىسيانكار ئىدىيە دەپ قارىلىپ، دەھشەتلىك باستۇرۇشقا ئۇچرىغانىدى. 3- ئەسىردىن 5-، 6- ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلغان تىنچسىزلىق چېركاۋ ھوقۇقىنىڭ رەسمىي جارى بولۇشىغا ئىمكان بەردى. ئاقىۋەتتە ئىمپېرىيە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇر بولدى. بۈگۈنكى تارىخشۇناسلار 476- يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىلىشىدىن 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەدەبىيات- سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى مەزگىلىگىچە بولغان تەخمىنەن 1000يىل ۋاقىتنى «قاراڭغۇ دەۋر» دەپ ئاتايدۇ. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن غەربىي ياۋروپادا سىياسىي ۋەزىيەت بەكمۇ تۇراقسىز بولغانىدى. شۇنداقلا، ئەرەب قوشۇنلىرى 7-، 8- ئەسىرلەردە شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيىنىڭ كۆپ قىسىم رايونىنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزدىكى باشقا رايونلارنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغانىدى. شۇڭا، سودىمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، نوپۇس ئازلاپ، ئۆل- ئەسلىھەلەر كونىراپ، قەدىمكى ئەڭ نېگىزلىك قۇرۇلۇش تېخنىكىلىرى 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن قايتا قولغا ئېلىنغانىدى. كۇتۇپخانىلارنىڭ بىر قىسمى كۆيدۈرۈلگەن، بىر قىسمى بۇلاپ قۇرۇقدالغانىدى. بۇ جەرياندا، غەربىي ياۋروپادا قەدىمكى گرېك تىلىنى بىلىدىغان ئادەم ئاساسەن قالمىغان بولۇپ، كىشىلەر ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېللارنىڭ ئاز مىقداردا ساقلىنىپ قالغان قول يازمىلىرىنىمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلمەيتتى. ئەمما ئەپلاتون كۇڭفۇزى(م ب 551- م ب 479)غا ئوخشاشلا ئىستىبدات ھاكىمىيەتچىلىكنى ياقلاپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قاراشلىرى ئۇنتۇلۇپ، مۇستەبىت سىياسىي پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئېغىرلاپ بارغانىدى.

تېخىمۇ چاتاق بولغىنى شۇكى، بۇ دەۋرلەردە ئىلىم ئېغىر رەۋىشتە تاشلىۋېتىلگەنىدى. چېركاۋ ئاۋگۇستىن(354- 430)چە ئاڭنى كۆرەك قىلىپ، ھەممىگە چات كىرىۋالغانىدى. ئاۋگۇستىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى پۈتكۈل خرىستىيان دۇنياسىنىڭ داڭلىق مۇتەپەككۇرى، پېداگوگى بولۇپ، ئۇ بىلىم، ھەقىقەت ئىزدەش بىر خىل خەتەرلىك قىزىقىش دەپ قارايتتى. ئۇنىڭچە، ئادەمنىڭ روھىدا ھەر خىل ئارزۇ- نەپس بولىدۇ. تەندىكى نەپس بارلىق سەزگۈ ئەزانى لەززەتكە مەستانە قىلىۋېتىدۇ. بۇ، ئادەمنى پەرۋەردىگاردىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق سەۋەب. ئاۋگۇستىننىڭ قارىشىچە، بارلىق ئوبيېكتىپ شەيئى ھەققىدىكى بىلىم تۆھمەتخور، ئويدۇرما بىلىمدۇر. تەبىئىي پەنلەر ئالىملىرىنىڭ قەلبىدە پەرۋەردىگار يوق. شۇڭا ئۇ تەبىئىي پەنلەر ئالىملىرى ۋە ئۇلار ئېرىشكەن نەتىجىلەرگە كەمسىتىش نەزەرى بىلەن قارىغانىدى. ئاۋگۇستىن: «ئەگەر بىر ئادەم كەڭ تەبىئەتكە يۈزلەنسىلا، ئۇ پەرۋەردىگارغا خائىنلىق قىلغان بولىدۇ. پەرۋەردىگارغا يۈزلەنمىگەن ئادەم، پەرۋەردىگارغا يۈزلەنمىگەن بىلىم- مەلۇمات كېرەكسىزدۇر»[4] دەپ قارىغانىدى. ئاۋگۇستىننىڭ نەزەرىدە يەنە شېئىر، تراگېدىيە، كومېدىيە قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈشمۇ تازا بىمەنە ئىش بولغاچقا، بۇلارنى ئوقۇشمۇ جازالاشقا تېگىشلىك ئىدى. ئۇنىڭچە، پەقەت «ئىنجىل»لا ئەڭ مۇھىم كىتاب بولۇپ، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى، بارلىق بىلىمنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئاۋگۇستىن يەنە خرىستىيان دىنىي مائارىپىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي نوپۇزى ئۆز قاراشلىرىنى كېڭەيتىشكە يېتەرلىك تىرەك بولغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بىرمۇ پاك ئادەم يوق. ھېلىلا تۇغۇلغان بوۋاقمۇ شۇنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇ: بوۋاقلار ھەمىشە ئېرىشىشنى خىيال قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي غەزەپلىنىدۇ. ھەتتا باشقىلارنى ئۇرىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىمۇ غەرەزسىز دېگىلى بولمايدۇ، دېگەنىدى. چېركاۋ ئۇنىڭ قاراشلىرىنى دەستەك قىلىپ، «ھەرقانداق ئادەم چوقۇم جاپالىق تۇرمۇشنىڭ ئازابىنى بېشىدىن كەچۈرۈشى كېرەك. گۇناھنى ئىنجىل يۇغاندىلا ئاندىن روھنى پاكلىغىلى بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم كەلگۈسىدىكى جەننەت بەختىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چېركاۋنىڭ تەنبىھلىرىنى ئاڭلىشى، يىلبويى پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشى، پەرھىز تۇتۇشى كېرەك» دەپ داۋراڭ سالغان بولۇپ، بالىلارنىڭ كۈلكە- چۇقانلىرى، ئويۇن- ھەۋەسلىرى كىچىك چېغىدىن باشلاپ چەكلىنىشى كېرەك، دەپ قارايتتى ۋە بۇنداق ئەھۋاللارنى قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن چەكلەيتتى. چېركاۋ مەكتەپلىرىدە دىن بارلىق ئىلىمنىڭ «تاجدار»ى ئورنىدا تۇراتتى. بالىلار كىچىك چېغىدىن باشلاپ «ئىنجىل» ۋە ئۇنى ئىزاھلايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نوپۇزىغا قارىغۇلارچە ئىشىنەتتى. ھەرقانداق ئىختىيارىيلىققا ۋە مۇستەقىل قاراشنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا يول قويۇلمايتتى. «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسكىلىكى» نەزەرىيىسى ۋە «پەرھىزچىلىك»نى ئاساس قىلغان بۇ خىل مائارىپتا، چېركاۋ «تەننى جازالاپ روھنى قۇتقۇزۇش»نى تەلەپ قىلغان بولۇپ، «بالىلارنى باشقۇرمىسا بولمايدۇ. ئۇلارنى تاياق بىلەن ئۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇپ، ئاخىرەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ» دەپ جار سالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن مائارىپتا تەن جازاسى يامراپ كەتكەن، تەنتەربىيە قالدۇرۇۋېتىلگەنىدى.

ئەپلاتوننىڭ سىياسىي پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ۋە دىنىنىڭ ئۇزاق مەزگىلگىچە ھاكىمىيەت بىلەن بىرگەۋدىلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە پۈتكۈل ياۋروپادا پەلسەپە، سەنئەت، تارىخشۇناسلىق پەنلىرى، ھەتتا تەبىئىي پەنلەرمۇ ئىلاھىيەتنىڭ مالىيغا ئايلىنىپ قالدى. مائارىپ، ئەخلاق، قائىدە- يوسۇن، ھېسسىيات، ئىرادە، ئىدىيە- قاراشلارمۇ دىنىي جەمئىيەتلەردە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خرىستىيان دىنىي تەلىماتى بويىچە «ئىنسانلار دەسلەپكى ئەجدادىدىن باشلاپلا جىنايەتكار(بۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. - ئا)، پەقەت خرىستىيان دىنىغا ۋە خرىستوسقا ئىشەنسىلا ئاندىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ» دەپ قارالغاچقا، ئەسلىدىكى يۇنانچە ئەقلىيلىك دىنىي ئېتىقادقا سىڭىپ كەتكەنىدى.

ياۋروپادا ئەنە شۇنداق بىر نەچچە ئەسىرلىك ئاستا تەرەققىياتتىن كېيىن، 11- ئەسىرلەردە ئىقتىساد قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا تەرەققىي قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شەھەرلىشىش تېزلىشىپ، خەلق فېئودال بايلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەلۇم دەرىجىدە قۇتۇلدى. سودا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئىسپانىيە ئارقىلىق غەربىي يارۋوپاغا تارالدى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شەرقلىقلەرگە كۆپ ئازاب كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى شۇ بولدىكى، شەرق- غەرب قاتنىشى ئارقىلىق شەرقنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ ئەرەب مەدەنىيىتىنى غەربكە تاراتتى. 11- ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ ماتېماتىكىسى ۋە ئاسترونومىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى ھەم ئۇلار قەدىمكى گرېتسىيە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. غەربىي ياۋروپالىقلار قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ تەبىئىي پەنلىرى، مېدىتسىناسى، پەلسەپىسىنى ئەرەبلەر ئارقىلىق تونۇدى.

قەدىمقى گرېك، رىم مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئەرەبلەرنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى مۇشۇ مەزگىللەردە تەرجىمە قىلىندى. ئۇلار ئۆز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەرەبلەردىن چۈشەندى.

بۇلار غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ نەزەرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىۋەتكەن بولۇپ، بۇنداق شارائىتتا يېڭى، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان پەلسەپىنىڭ بولۇشى، دىنىي ئەھكاملارنى نەزەرىيە جەھەتتىن قايتا دەلىللەش زۆرۈر بولدى. مەدرىسە پەلسەپىسى ئەنە شۇنداق زۆرۈرىيەتتە بارلىققا كەلدى. ئېتىقادنى ئاقىلانىلىك بىلەن ھىمايە قىلىش، دىن بىلەن پەن، ئېتىقاد بىلەن ئىدراك مەسىلىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ماسلاشتۇرۇش، خرىستىيان دىنىي ئەقىدىلىرىنى نەزەرىيىلەشتۈرۈش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش مەدرىسە پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. توماس ئاكۋىنا(1225 ـ 1274) مۇشۇ مەزگىللەردە تونۇلغان مەشھۇر پەيلاسوپتۇر. ئۇنىڭ قوش قاتلاملىق ھەقىقەت چۈشەنچىسى ئەنئەنىۋى ئىلاھىيەت ئىدىيىسىگە قارىتا چوڭ سەكرەش بولۇپ، ئەقلىنىڭ ئېتىقاد چەمبىرىكىدىن ھالقىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

پەلسەپەدىكى «ئاكۋىنا دەۋرى» ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي يېڭى دىنىي ئەسەبىيلىك پەيدا بولدى. يەنە بىر قېتىملىق قېلىپبازلىق، شەكىلۋازلىق باشلاندى. ھوقۇققا قارىغۇلارچە بويسۇنۇش، تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئەۋج ئالدى. كىشىلەردە ئىجادىي ئۆگىنىش بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈشكە نىسبەتەن كۈچلۈك قارشىلىق خاھىشى بار ئىدى. زېھنىي كۈچكە تايىنىپ تاماملايدىغان خىزمەت بىلەن قول سېلىپ ئىشلەپ ماددىي ئۆزگىرىش ئەكېلىدىغان خىزمەت ئارىسىغا پاسىل بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇنداق ئايرىلىپ كېتىش مېدىتسىنا ساھەسىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرگەنىدى. ئىچكى كېسەل دوختۇرى ئەقلىي ئەمگەكچى، تاشقى كېسەل دوختۇرى جىسمانىي ئەمگەكچى سانىلاتتى. بۇ ھال قەدىمقى مۇتەپەككۇر، سىياسىيونلارنىڭ رېئالىزملىق قاراشلىرىغا زىت ئىدى. مانا مۇشۇنداق زىددىيەت ئاساسىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش ھەرىكىتى يۈز بەردى. بۇ كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تىرىلدۈرۈش ئىدى. بۇ جەرياندا، قەدىمكى گرېكلارنىڭ ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرى كىشىلەر قەلبىگە خېلىلا سىڭدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە ياۋروپادا ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. 1160 ـ يىلى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1167 ـ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، 1209 ـ يىلى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى، ئارېززو ئۇنىۋېرسىتېتى، 1222 ـ يىلى پادۇئا ئۇنىۋېرسىتېتى، 1224 ـ يىلى نېئاپول ئۇنىۋېرسىتېتى، 1290 ـ يىلى لىسبون ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى ۋە روھانىي فېئوداللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇردى. 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەردە ئىتالىيىدە 18 ئۇنىۋېرسىتېت، فرانسىيىدە 16 ئۇنىۋېرسىتېت، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىدە 15 ئۇنىۋېرسىتېت بار بولدى. 1348 ـ يىلدىن 1386 ـ يىلغىچە ئارقا ـ ئارقىدىن پراگا ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتى، ھېيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. بۇنداق كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېت ياۋروپانىڭ ئىلىم پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزىي سورۇنىغا ئايلانغانىدى. كوپېرنىك ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بولونىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، پادۇئا ئۇنىۋېرسىتېتى، فلارا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مەدرىسە قانۇنى، تېبابەت، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ئۆگەنگەنىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشى پىكىر دولقۇنى، جۇغراپىيىدىكى يېڭى بايقاشلار ئۇنىڭ يېڭى تەلىمات قۇرۇشىغا جاسارەت ۋە كۈچ ئاتا قىلغانىدى. گالىلېي 17 يېشىدا پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ تېبابەت، ماتېماتىكا، فىزىكا ئۆگەنگەن ۋە 25 يېشىدا پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەكلىپ قىلىنىپ، لېكتور بولغانىدى؛ نيۇتون كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى 31 ـ ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ماتېماتىكا ۋە ئوپتىكىدا ئىينى دەۋردىكى بارلىق بىلىمنى ئۆگەنگەن ۋە 26 يېشىدا ماتېماتىكا پروفېسسورى بولغانىدى.

بۇنىڭدىن سەل كېيىن دىن ئىسلاھاتى ھەرىكىتى بولدى. دۇنيا تارىخچىلىرى مارتىن لۇتېر(1483 ـ 1546)نىڭ 1517 ـ يىلى ۋىتتېنبېرگ چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسىغا «95 ماددىلىق تېزىس»نى چاپلاپ قويۇشىنى غەرب ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارايدۇ. دىن ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، شۋېتسارىيە، ھوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە كېڭەيگەن بولۇپ، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا قەدەر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ دەۋردە كىشىلەر ئوتتۇرا ئەسىردە شەكىللەنگەن دىنىي ئادەت ۋە دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرۇپ، «ئىنجىل»دا بايان قىلىنغان دەسلەپكى خرىستىيان دىنىغا قايتىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇلار پەقەت «ئىنجىل»دىكى پەرۋەردىگارغىلا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىسلاھاتتىن كېيىن پاپانىڭ نوپۇزىنى ئىنكار قىلىدىغان، چېركاۋ تۈزۈمىنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، دىنىي تۈزۈملەرنىڭ قاتتىق، بىر خىل بولۇشىنى تەنقىد قىلىدىغان، «مۆرت ـ مۇخلىسلار پەرۋەردىگار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلسا بولىدۇ. پوپنىڭ ئارىدا ۋاستىچىلىك قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ قارايدىغان يېڭى دىن ـ يەنى پاك دىن ـ پروتېستانت دىنى بارا ـ بارا ئومۇملاشتى. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئىلگىرىكى ھوقۇقى چەكتىن ئاشقان پوپلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرى بىۋاستە پەرۋەردىگار بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئىزدىدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكىنى مەلۇم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دىن ئىسلاھاتچىلىرى مائارىپتا ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان تەركىدۇنياچىلىققا، قاتتىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىشنى، باللارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. مەكتەپلەردە تەبىئەت، فىزىكا، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق دەرسلەر كۆپەيدى.

ئېتىقادتىكى بۇنداق بۇرۇلۇش غەربنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. گېرمان مۇتەپەككۇرى، ئىجتىمائىيەتشۇناس ئالىم ماكس ۋېبېر (1864 ـ 1920)نىڭ قارىشىچە، پروتېستانت دىندىكىلەر رېئال دۇنيادىن ھالقىغان پەرۋەردىگارغا ئىشىنىپ، جادۇگەرلىكنى رەت قىلىدۇ. دۇنيانى پەرۋەردىگارنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن كونترول قىلىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەش، ئىسلاھ قىلىش غايىسى بار. ئۆزىنى ئادەمنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى تىزگىنلەش، پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىنى ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن كونترول قىلىدۇ. بارلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتتە پەرۋەردىگارغا باقىدۇ. سودا ـ سېتىق، بېرىش ـ كېلىش، ئەلئارا تەشكىلاتلار، قانۇن ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئاقىلانە پرىنسىپ ۋە ئەھدە ـ توختام ـ كېلىشىملەر ئاساس قىلىنىدۇ. پەقەت ئورتاق ئېتىقاد بولسىلا، ھەرقانداق ئادەمگە ئىشىنىشكە بولىدۇ. بايلىقنى بىر خىل ئېزىتقۇ، ئادەمنىڭ ئەخلاقىنى نابۇت قىلىدىغان تۇرمۇش ئىنتىلىشى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پروتېستانت دىنى يەنە ئەمگەكچانلىق، تېجەشچانلىق، ئىجاد قىلىش ۋە يىغىشقا ماھىر بولۇشتەك كاپىتالىزم روھىغا «ھامىلدار» ئىدى. بۇ خىل روھ دەل كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد رولىنىڭ ئۈنۈمى قاتارلىق تەرەققىياتنى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئۇلى شۇنداقلا پەلسەپىۋى ئالدىنقى شەرتى ئىدى. 17 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا بايلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پروتېستانت دىنى مۇخلىسلىرى بولۇپ، ئۇلاردا كەيپ ـ ساپا، بۇزۇپ ـ چېچىشتىن يىراق تۇرۇپ، تېجەشچانلىق بىلەن ئىزچىل بايلىق توپلايدىغان تۇرمۇش ئادىتى بار ئىدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە كوپېرنىك، كېپلېر، گالىلېي ۋە نيۇتوننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ ئالەمنىڭ تۈپ مەسىلىلىرى ھەققىدە تەپەككۇر

www.uyghurkitap.com

يۇرگۈزۈشكە ئىلھام بەردى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى يېڭى تۇپراق بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداقلا، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئاسترونومىيە، مېخانىكا، ماتېماتىكا تەرەپلىرىدىكى نەتىجىلىرى ۋە خىمىيە، بىئولوگىيە قاتارلىق تەرەپلەردىن تەرەققىي قىلمىغان ئەھۋالدا شەكىللەنگەن تەبىئەت دۇنياسى ئۆزگەرمەيدۇ دەيدىغان كۆزقاراش پەلسەپىگە نىسبەتەن پاسسىپ تەسىر ئېپكەلدى. فرانسىس بېكون(1561 ـ 1626)نىڭ تەجرىبە پەلسەپىسى مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن، غەربنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەپەككۇر يولى ئېچىپ بەرگەن كاتتا ئىلگىرىلەشتۇر. چۈنكى، غەربتىكى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىلىم ـ پەننىڭ پەقەت غەربتىلا جەمئىيەتنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تەجرىبە پەلسەپىسى ئىلىم ـ پەن بىلەن جەمئىيەتنىڭ، ئالىملار بىلەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ، مۇتەپەككۇرلار بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىگە تەپەككۇر يولى ئاچقانىدى.

بېكون بارلىق ھازىرقى زامان تەجرىبە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەقىقىي ئاساس سالغۇچىسى بولۇپ، ئىلىم ـ پەننىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەرغىب قىلغانىدى. بېكوننىڭ قارىشىچە، بىلىشنىڭ مەنبەسى سەزگۈ ۋە تەجرىبىدۇر. ئىلىم ـ پەن سەزگۈ ۋە تەجرىبىگە تايىنىشى كېرەك. تەجرىبە دېگەنلىك خالىغانچە، تاسادىپىي ۋە قارىغۇلارچە ئىشلەنگەن تەجرىبە ئەمەس. تاسادىپىي، قارىغۇلارچە تەجرىبە كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىگىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەمما مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. تەجرىبە دېگەنلىك ھەقىقىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە «ھەزىم» قىلىنغان تەجرىبىدۇر. تەجرىبە دېگەنلىك تەجرىبە ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ئاكسىئوما ـ ھەقىقىتى، قانۇنىيىتى، تېئورېمىسىنى ئىزدەش، ئاندىن كېيىن ئاكسىئوما ـ ھەقىقىتى، قانۇنىيىتى، تېئورېمىسىدىن يېڭى تەجرىبە كەلتۈرۈپ چىقىرىشتۇر. بېكون يەنە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇلۇغ تەشەببۇسچىسى. ئۇنىڭ «بىلىم ـ كۈچ» دېگەن يەكۈنى ئىلىم ـ پەندىكى ئىلگىرىلەشنىڭ زور مەنىۋى قورالى بوپقالدى.

بېكون ياشىغان دەۋرگىچە ئاردا، كىشىلەرنىڭ قەدىمكىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئىلىم ـ پەننىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشى، خۇراپات، ئىلىم ـ پەننىڭ كۈچىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە ئىلىم تەشكىلاتلىرىدىكى ئادەت ۋە تۈزۈملەرنىڭ ئىلىم ـ پەننى ئەركىن تەتقىق قىلىشنى قاتتىق چەكلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن، ئىلىم ـ پەننىڭ ئىلگىرىلىشى كىشىلەرنى رازى قىلالمايتتى. ئۇنىڭ مول بىلىمى، ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ئۇنى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قىلدى. ئۇ، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى ئىدېئالىزمغا، سۇبيېكتىۋىزم، دوگمىچىلىق ـ ئەقىدىپەرەسلىككە قارشى كۈرەشتە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. بېكوننىڭ قارىشىچە، ئىلىم ـ پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسەت، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئىنسانلارغا بەخت يارىتىشتۇر. بېكون سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئىلىم ـ پەننى قانداق قوللىنىش، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق قانداق ياخشىلاش مەسىلىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدىنىش نىشانى قىلغانىدى. بېكون پەن بىلەن سانائەتنىڭ «تويىنى قىلىپ» قويۇپ، پەننى چوقۇم سانائەتتە ئىشلىتىش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەنىدى.

دىنىي ئېتىقاد، پەلسەپە جەھەتتىن يۇقىرىقىدەك ئىلگىرىلەشلەر بولسىمۇ، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە غەرب دېھقانلىرى ئاقسۆڭەكلەر، پوپلار ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى بېقىپ، روھىي ۋە جىسمانىي قەددى پۈكۈلگەنىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بىر قىسىم سىياسىي مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا كەلدى. ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر جون لوك(1632 ـ 1704) پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئۈچ خىل ھوقۇقنى ئايرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ 1690 ـ يىلى «ھۆكۈمەت نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابىدا شەخسنىڭ ھوقۇقى، ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى ۋە ھوقۇق چېكى، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش، ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش پرىنسىپى ۋە خەلقنىڭ زوراۋانلىق، ئىستىبداتلىق، مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئېنىق بايان قىلغانىدى. ئۇ: «ئادەملەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر، مۇستەقىل بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقى، ئەركىنلىكى ۋە مۈلكىگە خەۋپ يەتكۈزمەسلىكى لازىم»، «دۆلەت قانداق شەكىل قوللانسۇن، باشقۇرغۇچىلار ئىش باشقۇرۇشتا ۋاقىتلىق بۇيرۇق ۋە بىرلىككە كەلمىگەن كېلىشىملەر ئارقىلىق ئەمەس، رەسمىي ئېلان قىلىش ۋە قانۇن ئارقىلىق قوبۇللىنىش شەكلىدە باشقۇرۇشى كېرەك. باشقۇرۇش ئادەمنىڭ تەبىئىي ھوقۇق مەنپەئىتى ئېھتىياجىغا ھەقىقىي ماس كېلىشى كېرەك. شۇنداقلا، ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش كېرەك. ھۆكۈمەت بۇ مەقسەتلەرگە سەل قاراپ، خەلققە شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇستەبىتلىك يۈرگۈزسە، كىشىلەر ئۆز ھاۋالىسى ـ ھۆكۈمەتكە بەرگەن ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. بۇ ھاۋالىنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ دەپ قارىغان باشقا ئادەمگە بەرسە بولىدۇ. ھەتتا خەلقنىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىشكىمۇ ھوقۇقى بار»[5] دەپ كۆرسەتكەنىدى. فرانسىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ روسسۇ(1712 ـ 1778) لوكتىن كېيىنكى يەنە بىر دېموكراتىزمچى بولۇپ، لوكنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قارىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. روسسۇ ئۆز پەلسەپىسىدە دەرىجىلىك ئالاھىدە ھوقۇقنىڭ ئورنىغا كىشىلىك ھوقۇق ۋە باراۋەرلىكنى، ھاكىممۇتلەق سىياسىينىڭ ئورنىغا دېموكراتىيىنى دەسسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاراشلىرى فرانسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ پروگراممىسى بوپقالغانىدى. «ئىجتىمائىي توختام نەزەرىيىسى» دۇنيا سىياسىي تەلىمات تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، روسسۇ بۇ ئەسىرىدە زورلۇق كۈچتىن ئىمتىياز بارلىققا كېلىدۇ. قۇل ئىشلىتىش ئەزەلدىن قانۇنلۇق دېگەنگە ئوخشاش فېئوداللىق ھوقۇقچىلىق قارىشىنى تەنقىد قىلغان ھەمدە «جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەزاسى تەرىپىدىن ئورتاق ھاسىل قىلىنغان ‹ئەھدە› ـ توختاملا بۇ دۇنيادىكى بارلىق قانۇننى نوپۇزنىڭ ئاساسى بولۇپ خىزمەت قىلالايدۇ. شۇڭا، دۆلەت ئەركىن خەلق تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىجتىمائىي ئەھدە ـ توختامنىڭ مەھسۇلىدىنلا ئىبارەت بولۇشى، يەنى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك يوسۇندا كېڭەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىنلا ئىبارەت بولۇشى كېرەك»[6] دەپ ھېسابلىغان. روسسۇ بۇ يەردە دېموكراتىيىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى سىياسىي ھاياتنىڭ ئاساسىي مىزانى قىلغان ۋە دېموكراتىك سىياسىي جۇمھۇرىيەتنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى سىياسىي ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەر فرانسىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ پروگراممىسى بوپقالغان. لوك بىلەن روسسۇنىڭ سىياسىي پەلسەپىسى ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»غىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. يەنى، ئامېرىكا 1776 ـ يىلى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ماھىيەتتە بىر شەخسچىلىك خىتابنامىسى ئىدى. 1789 ـ يىلى ئامېرىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزۇلدى. قانۇندا شەخسكە دىن، سۆز، ئاخبارات، تىنچ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ۋە مۇراجىئەت قىلىش قاتارلىق ھەر خىل ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق بېرىلدى. بۇ مەزگىللەردە يەنە گېرمانىيە پەيلاسوپى كانت(1724 ـ 1804) پۇقرالار جەمئىيىتىگە قارىتا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزدى. كانت ئۆزىنىڭ سىياسىي پەلسەپىسىدە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئومۇملاشتۇرۇلغان پۇقرالار جەمئىيىتىنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ مەسىلە ھەل قىلىشقا

تېگىشلىك ئەڭ چوڭ مەسىلە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىلار ھوقۇقى دائىرىسى كۇمۇمىيۇزلۇك كېڭىيىپ، ھازىرقى مەنىدىكى يۇقىرالىق سالاھىيىت تىكلەندى. يۇقىرا ئۇقۇمىنىڭ مەنىسىدىمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولدى. لىبېرالىزملىق سىياسىي ئىسلاھات ھەرىكىتى تەسىرىدە دېموكراتىيە- قانۇنچىلىق يېڭى پەللىگە كۆتىرىلدى. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە دۇنيا تارىخىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىسلاھاتلار ئىدى. «ئىجتىمائىي توختام نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسەردىكى تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خوجايىنلىق ھوقۇق خەلقتە بولۇش دېگەندەك پىكىرلەر 1948- يىلى ب د ت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»گە كىرگۈزۈلگەندى.

بۇزۇلۇش، شەخسنى دۆلەت- ھۆكۈمدارلارنىڭ قۇلى دەپ قارايدىغان مۇتەئەسسىپ سىياسىي ئاڭدىن شەخسنىڭ مۇستەقىللىقىغا دىنغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشتىن، ئىلىم مەسىلىسى بىلەن ئېتىقاد مەسىلىسىنى ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بۇرۇلۇش، دىن پەلسەپىسىدىن تەجرىبە پەلسەپىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ھۆرىيەتپەرۋەر(自由主义) لىك- لىبېرالىزملىق سىياسىيغا بۇرۇلۇش، پەن بىلىملىرىنى قەغەز يۈزىدە كۆرەك قىلىشتىن سانائەتتە قوللىنىشقا بۇرۇلۇش... مانا بۇلار يېقىنقى زامان تارىخىدا غەربتە يۈز بەرگەن كاتتا بۇرۇلۇشلاردۇر.

## 3. مۇسۇلمانلار شەرقى: مەغرۇرلۇق، چۈشكۈنلۈك، مەھكۇملۇق

*«ئىلىم- پەن بىلىملىرى ۋە ئىلمىي ئۇسۇللار مەقسەتلىرىمىزگە يەقەت ۋاسىتىلىك ياردەم بېرەلەيدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەچچە ئەۋلاد كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.»[7]*

- ئېينىشتېين

ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى گەرچە مىسىر، بابىلون، ھىندىستان، جۇڭگودەك قەدىمىي بولمىسىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە دۇنياغا تارقىلىشى بىلەن (مەسئۇل مۇھەررىردىن) ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت تەسىرى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە تۇتاشقان. ئەرەبلەرنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەرەب تىلى بۈگۈنكى ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش ئورتاق قوللىنىلىدىغان خەلقئارالىق تىلغا ئايلىنىپ، ئەرەب ئەدەبىياتى ياۋروپا ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

بىز ئەرەب تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساق بىلەلەيمىزكى، ئۇلار يەن- مائارىپ جەھەتلەردە قالتىس گۈللەنگەن دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. غەربتە ئەدەبىي ئويغىنىش باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئەرەبلەرنىڭ ئايىغى تەگكەن كەڭ زېمىنلاردا پەلسەپە، ئەدەبىيات، بىناكارلىق، رەسساملىق، بىزەكچىلىك، مۇزىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە زور ئۇتۇقلار بارلىققا كەلگەن. يەقەت تەبىئىي پەنلەرنى مىسال قىلساق، ئەرەبلەردە ئاسترونومىيە تەتقىقاتى ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەل مەنسۇر(754- 775) دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، مۇسۇلمان ئالىملار باغداتتا بوشلۇق سىستېمىسى، ئاي تۇتۇلۇش ھەققىدە ئىزدەنگەنىدى. ئىبنى ھېسام(965- 1039) ئوپتىكىنى تەتقىق قىلغان. ئىنېرتسىيە قانۇنىنى بىلگەن(كېيىن بۇ قانۇن نيۇتوننىڭ بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنى بولدى). نۇرنىڭ سۇنۇش جەريانىنى بايان قىلغان(بۇ قانۇن كېيىن نيۇتون تەرىپىدىن بايقىلىپ، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلدى). ئەل خازىنى يەر شارى مەركىزىگە يۆنەلگەن ئالەملىك تارتىشىش كۈچى نەزەرىيىسىنى، ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى بار دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىبن سىنا يەنە يورۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى، ئىسسىقلىق، كۈچ ۋە ھەرىكەت ھەققىدە مۇھىم قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. قۇتبىددىن شىرازىي (1236- 1311) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى كامالۇددىن تۈنجى قېتىم ھەسەن- ھۈسەننى چۈشەندۈرگەن ھەمدە نۇر سۈرئىتىنىڭ مۇھىتنىڭ ئوپتىك زىچلىقى بىلەن(ماددا زىچلىقى ئەمەس) تەتۈر تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى، ھېپىربولا (كۆپۈنگۈ) يۈزلۈك لىنزا ئارقىلىق شار سىرتىنىڭ ئابېرراتسىيىسى- بىنورمال ئۆزگىرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار يالغۇز فىزىكا، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە ئالىملىرى بولۇپلا قالماي، ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن مۇتەپەككۇرلىرى ئىدى. شۇ زامانلاردىلا مۇسۇلمان ئالىملار باغداتتا كوپېرنىك، كېپلېردىن خېلى بۇرۇنلا بوشلۇق سىستېمىسى، ئاينىڭ تۇتۇلۇشى ھەققىدە كۆزىتىش ئېلىپ بارغانىدى. تېبابەتتە نەتىجە ياراتقان ئىسلام تېۋىپلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىبن نەفىس ھارۋېيدىن بۇرۇن قان ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى بايقىغانىدى.

بولۇپمۇ تۈركىي قوۋملار دۇنيا تارىخىدا تېخىمۇ مۆجىزىلىك ئىشلارنى قىلغانىدى. قەدىمكى تۈركىي قوۋملاردىن بولغان ئېلاملار، سومېرلار ۋە ئەرەملەر مېسوپوتامىيىدە يېزا ئىگىلىكى، سۇغىرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش، دۆلەت قۇرۇش، قانۇن تۈزۈش، دورىگەرلىك، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا بىلىملىرىنى يەكۈنلەش، يېزىق ئىجاد قىلىش، مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇش، مەدەنىيەت تېخنىكىسىنى قوللىنىش، تارىخ پۈتۈش، كۇتۇپخانا قۇرۇش... قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپتە «دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ»لەرنى ياراتقان. قەدىمكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت سانالغان مىسىر مەدەنىيىتى ۋە بابىلون مەدەنىيىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000- يىللاردا باشلانغان بولۇپ، ئۇ، سومېرلار، ئېلاملار، ئەرەملەر ياراتقان ئەشۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ داۋامىغا قۇرۇلغان ۋە ھازىرقى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئافرىقا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. تۈركىي قوۋملار تارىختا يەنە كاتتا سەلتەنەتلەرگە بىۋاستە قول تىققان. ئۇلار ئاسىيانىڭ مەركىزىدە سوزۇلۇپ ياتقان غايەت كەڭ ۋە ئېكىن زېمىننى ئانا ماكان قىلغان. نوپۇسى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر قوۋمنىڭ بۇنچە كۆپ «ئالتۇن قوزۇق»لارغا ئىگە بولالىشى دۇنيا تارىخىدا يېگانە ئەھۋال بولسا كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ تارىختا قانچىلىك مەغرۇر، قانچىلىك جاسارەتلىك ياشىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇلاردا پەن بىلەن تېخنىكا خېلى بۇرۇنلا بىرلەشكەن بولۇپ، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كىرگەندە، بۇ يەردىكى شەھەرلەردە سۇ تۇرۇبىلاشقان ئىدى. 1500- يىللارنىڭ ئالدى- كەينىدە ئەرەبلەردىن باشقا تۈركىي قوۋملارنى يادرو قىلغان مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تەسىرى خرىستىيان دۇنياسىنىڭ تەسىرىنى بېسىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغلاردا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى پېرسىيە- سافىي ئىمپېرىيىسى ۋە ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن بىر قاتاردا ھەربىي، مەمۇرىي، ئىقتىساد جەھەتتىن دۇنيادىكى زور گەۋدە ھېساپلىناتتى.

ئىلىم- پەن تارىخىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى گرېتسىيىلىك گىگانت شەخسلەردىن ئەپلاتون(م ب 427- م ب 347)، ئارىستوتېل(م ب 384- م ب 322)، ئېۋكلىد(م ب 330- م ب 275)، ئارخىمېد(م ب 287- م ب 212) قاتارلىقلار مەشھۇر بولغان بولسا، 9-، 10-، 11- ئەسىرلەردە فارابىي(870- 950)، جابىر، ئەلخارەزمىي(780- 850)، رازىي (865- 935)، مەسئۇدىي(؟- 957)، ۋەفا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي (973- 1044)، ئىبن سىنا(980- 1037)، ئىبن ھەسەن، ئۆمەر ھەييام (1048- 1131)لارنىڭ نامى مەشھۇر ئىدى.بۇلاردىن فارابىي، ئەلخارەزمىي، ئەبۇرەيھان بىرۇنىي، ئىبن سىنالار تۈركىي قوۋملاردىندۇر. فارابىي ئۆز دەۋرىنىڭ نەزەرىيە ماتېماتىكى ئىدى. ئىبن سىنانىڭ تېبابەتتىكى بىر قىسىم ئوخشاش تېمىدىكى ئىزدىنىشلىرى غەربتىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن بولغانىدى. ئۇ يەنە يورۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى، شۇنداقلا ئىسسىقلىق، كۈچ ۋە ھەرىكەت ھەققىدە مۇھىم قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىرۇنىي گالىلېيدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن جىسىمنىڭ ئەركىن چۈشۈش قانۇنىنى تىلغا

www.uyghurkitap.com

ئالغانىدى. ئۇ يەنە ماتېماتىكا، خەرىتىچىلىك، مىنېرالوگىيە ساھەسىدە ئىلمىي ئىشلارنى قىلغانىدى. ئۇ، دارۋىن(1809 ـ 1882)دىن بۇرۇنلا ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى تەبئىي شاللاشنى بايقىغانىدى.

خوش، ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي قوۋملارنىڭ «ئۆچكەن يۇلتۇزلار» بوپقېلىشىنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟

جۇڭگودىكى ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنىنى بىلىمنى قەدىرلەپ، ھەقىقەتنى قوغداش؛ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلىپ، تەپەككۇرنى قوزغىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش؛ جەمئىيەتتە تۇرۇپ، دۇنيانى ئۆزگەرتىش؛ نامراتلارغا ياردەم بېرىپ، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ ئىسراپچىلىقنى چەكلەپ، تېجەشلىك بولۇش؛ خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، جادۇگەرلىكنى ئەيىبلەش؛ ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ، ئاياللار ھوقۇقىنى ئۈستۈرۈش؛ يېتىم بالىلارغا كۆيۈنۈپ، مىراسنى قوغداش؛ دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھاكىممۇتلەقلىققە قارشى تۇرۇش؛ مېھرىبانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، چوڭ ئۇمۇملىقنى رىئاللاشتۇرۇش؛ تىنچلىقنى سۆيۈپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق 11 نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. «ھەدىس شەرىف»تە ئىسلامنىڭ بىلىم روھى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «1.ئىلىم ئىزدەش مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىر ئوغۇل ۋە قىزى ئۈچۈن پەرزدۇر؛ 2. سىلەر بۆشۈكتىن باشلاپ تاكى يەرلىككە كىرگىچە ئۆگىنىڭلار؛ 3. ئىلىم يىراق چىندا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار؛ 4. ئالىملار تارىختىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر؛ 5. ئالىملارنىڭ سىياھى شېھىتلەرنىڭ قېنىدىن قىممەتلىكتۇر؛ 6. بىر ئالىمنى ھۆرمەتلىگەنلىك يەتمىش پەيغەمبەرنى ھۆرمەتلىگەنلىك بىلەن باراۋەر؛ 7. ئالىملار ئۈچىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرىسىدا پەقەت خۇدا ۋە پەرىشتىلەرلا بار»[8]. دېمەك، ئىسلام قانلىق جەڭلەر بەدىلىگە كېڭەيگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئىلغار ئىجتىمائىي غايە، چاقناپ تۇرغان بىلىم روھى بار ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئىلغار ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەسلەپكى مەزگىللەردىلا مائارىپنى تەشەببۇس قىلىدىغان، بىلىمنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئەلى(600 ـ 661)گە ئوخشاش خەلىپىلەر بارلىققا كەلگەنىدى. كېيىنكى ئەرەب پېداگوگلىرى بىلىمنى دىنىنىڭ يار ـ يۆلىكى، زېھىن ئويغاتقۇچى، زېرىكىشنىڭ تەسەللىسى، ئىجتىمائىي ئالاقىگە پايدا يەتكۈزگۈچى، مال ـ مۈلۈكنى كۆپەيتكۈچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانىدى. بىراق، 13 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئەرەب دۇنياسى ئومۇمەن كۆپ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، چىرىكلىك باش كۆتۈرگەن بولۇپ، ئىسلام روھىنىڭ سۇسلىشىشى ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زەئىپلىكنى تېزلەتكەنىدى. فىلىپ ھىتتىنىڭ سۆزى بويىچە، «ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىشى، ئۇلارنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىي مىزانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى... خەلىپە ئوردىسىدىكى سانسىزلىغان ئاغۋات، ھەرەمخانىلاردىكى نىمتا ـ ئاختا قىلىنغان قۇللار، ئەيش ـ ئىشرەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چۆرە ـ كېنىزەكلەر، قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدىغان غىلمان ۋە زەيپانىلەر ئاستا ـ ئاستا ئەرلەرنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى، ئاياللارنىڭ ئاياللىق زىباسىنى يوقىتىپ، ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ چۈشكۈن، چىرىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى» [9]. بۇ ھال تەبئىيلا سىياسىي جەھەتتىن بۆلۈنۈش ئىدىيىسىنى بىخلاندۇردى. بۇ خىل بۆلۈنۈش خاھىشى تەسىرىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقى ئاجىزلاپ، خەلىپىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ قورچاققا ئايلىنىپ قالغانىدى. 1258 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ شاھزادىسى ھلاكۇ باغدادنى ئىشغال قىلىپ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى يوقاتتى. ئەمەلىيەتتە، «موڭغۇللارنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغىنى پەقەت ئىسمى بار، جىسمى يوق بۇ تۆزۈمنىڭ جەستىنى يەرلىككە دەپنە قىلىشتىنلا ئىبارەت»[10] بولغانىدى. ئىككىنچىدىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ئىسراپچىلىق سەۋەبىدىن ئىقتىساد كۆپ خارابلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئەرەبلەر كونترول قىلىپ تۇرغان ئەللەردە ئىقتىسادىي ساھە، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە پۇل ـ مۇئامىلە ئۇسۇلى ياكى سودا تەشكىلاتلىرى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئۆزلۈك ـ كېسەل، تۆپكى ئىسلاھاتلار بولمىغانىدى. 17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بارغان سەيياھ ـ ساياھەتچىلەر 500 يىل بۇرۇنقى ئەھلىسەلىپ ئارمىيىسى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىقتىساد ئادىتى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنى كۆرەلەيتتى. پەقەت ھۆكۈمرانلىرى جەسۇر، ئوقۇمۇشلۇق، ئىستىبدات بولغان ئىمپېرىيىلەردىلا ھۆكۈمرانلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايتتى. بىراق خانلىق ئاجىزلاشسىلا ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، بەگ ـ تۆرىلەر، لەشكەر ـ ساقچىلار دېھقان ياكى ئىشلەمچى بولسۇن، سودىگەر بولسۇن ھەممەيلەننى تالان ـ تاراج قىلىشقا ـ شىلىۋېلىشقا باشلايتتى. پۇقرالارنىڭ بايلىقى ئازراق ئاشكارىلىنىپ قالسىلا، خالىغانچە مۇسادىرە قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىناتتى. شۇڭا، سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى يوشۇراتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مەبلەغ سالالمايتتى. ئۈچىنچىدىن، ئۇلاردا غەربلىكلەردىن ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بار ئىدى. بۇ چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىردە دۇنياغا كەڭ تارقىلىپ، تېز سۈرئەتتە چوڭ دىنغا ئايلىنىشىدەك كاتتا ئۇتۇقلىرى سەۋەبىدىن يات دىندىكىلەرنى كەمسىتىش تۇيغۇسى كۈكلىگەنىدى. ئەينى چاغلاردا ئۇلار يات دىندىكىلەردىن نېمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايتتى. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنسەپدارلىرى ۋە ئالىملىرى ئادەتتە خرىستىيان ياۋروپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى كەمسىتەتتى. بۇنداق ئۆزىنى چوڭ چاغلاش پوزىتسىيىسىنىڭ يامان ئاقىۋىتى شۇبولدىكى، مۇسۇلمانلار دۇنياسى بىلەن غەرب ئارىسىدا، بولۇپمۇ كۈنسېرى پايدىلىق ۋە مۇھىم بولۇۋاتقان ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ئىدىيە تۈمۈر پەردىسى شەكىللەنگەنىدى. مۇسۇلمان ئالىملار ۋسالىي بىلەن ھارۋېينىڭ ئاناتومىيە جەھەتتىكى، كوپېرنىك، كېپلېر، گالىلېيلارنىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتىكى دەۋر بۆلگۈچ نەتىجىلىرىنى بىلمەيتتى. تۆتىنچىدىن، كېيىنكى مەزگىللەردە ئىناقسىزلىق ـ تەپرىقىچىلىك باش كۆتۈرگەنىدى. پۇقرالار داھىيلار، خان ـ پادىشاھلارغا يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا قەست قىلىدىغان، داھىيلار، خان ـ پادىشاھلار قورال كۈچىنى ئىشلىتىپ ئۆز خەلقىگە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدىغان، مۇسۇلمان تۇرۇپ مىللەتلەر بىر ـ بىرىنى يەكلەيدىغان، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك كەمسىتىلىدىغان ئەھۋاللار، مەزھەپ توقۇنۇشلىرى ئۇلارنى تۈگىمەس ئىچكى نىزا ـ ماجىرالارغا سۆرەپ كىرگەنىدى. ئەرەبلەر يۇقىرىقىلاردىكىدەك ساددا مەغرۇرلۇق، چۈشكۈنلۈك، سىياسىي تەدبىرسىزلىك، ئۆزىنى چوڭ چاغلاش، ئىناقسىزلىق سەۋەبىدىن ئاجىزلىشىپ، ھاكىمىيەت جەھەتتىن بېقىندى ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۆز دەۋرىدە ئەرەب شائىرى ئوبۇلئەئلا مۇئەررىي(937 ـ 1057) مۇنداق يازغانىدى:

«مۇسۇلمانمۇ، خرىستىيانمۇ، ... جوھۇتلارمۇ خاتا قىلدى،
ئىككى خىللا ئادەم مەزھەپ تۈزۈپ، ئالەمگە جاكار قىلدى.
بىرسىدۇركىم ئەقىللىقلار، بىراق يوق ئېتىقاد ـ ئىمان،
بىرسىدۇركىم ئەھلى تەقۋادار، نادانلىقنى ئاشنا قىلدى.»[11]

دەرۋەقە ئۇلار خېلى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە خۇدىنى يوقىتىپ، نادانلىق ئاشناسى بوپكەتكەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تارىختىكى ئەرەبلەرنىڭ گۈللىنىشى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ۋە ئىلغار دىنىي، پەلسەپىۋى قاراشقا ئىگە بولغانلىقىدىن بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ نامىنىڭ تارىخ بېتىدىن تېزلا سۇسلىشىشى يەنىلا ئىلغار ئاڭدىن ياتلىشىپ

بىخۇدلۇق، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىشتىن، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى مەغلۇبىيەتتىن بولدى. كېيىنكى ئەرەب داھىيلار، خان-پادىشاھلار ئىسلامغا يات رەۋىشتە ئىسراپخورلۇق، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ، دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى دىققەتتىن چەتتە قالغانىدى.

ئەمدى تۈركىي قوۋملارغا كەلسەك، ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆز ئېتىقادىغا سادىق بوپكەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئاۋام بىلەن ھۆكۈمدارلار ئېتىقاد ئاساسىدا ئورتاقلاشقان. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىدە ھۆكۈمدارغا ۋە ھوقۇققا چوقۇنۇش ئەمەس بەلكى تەبىئىي — ئەركىن روھ ۋە ئالەم قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەددەسلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلامنىڭ ئەسلىي ئىدىيىسىدە ھوقۇقدارلارمۇ، دىنىي داھىيلارمۇ، دېھقانلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن پاراللېل بولغان بولىدۇ. ئاللانىڭ ھەممىگە قادىرلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانلار پۈتۈنلەي ئاجىز مەخلۇق بولۇپ، مۇشۇ ئاجىزلىق جەھەتتىن قارىغاندا، جېمى ئىنسان باپباراۋەر بولغان بولىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ بىر ئادەم بولۇپ، غىزالىنىدۇ، بازار ئايلىنىدۇ، ئۇ خرىستىيان دىنىدىكىگە ئوخشاش ئىلاھلاشتۇرۇلمايدۇ.

تۈركىي قوۋملارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەخلاق ئېڭى تارىختا ئۇلار ياشىغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت، تۈركىي مىللەتلەرگە خاس بولغان سىياسىي ئاڭ، ئېتىقاد قىلغان ياكى تەسىرىگە ئۇچرىغان شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، مانىمىزم، گرېكىزم — ئىللىنىزم، ئىسلامىزم قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تۈركىي قوۋملارنىڭ دېڭىز ۋادىسىدىن تولىمۇ يىراق بولغان قۇرغاق ماكاندىكى قەدىمكى ئۇۋچىلىق ھاياتى ئۇلارغا كەسكىنلىك، مەردلىك قاتارلىق خاراكتېر سۈپەتلىرىنى ئاتا قىلغان بولسا، تېرىم ۋە باقمىچىلىق ھاياتى ئۇلارنىڭ روھىنى تەبىئەت بىلەن يېقىنلاشتۇرغان. ياشىغان ماكانىنىڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇشى ئۇلارنىڭ سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەپەككۇردىكى ئۇچۇقلۇقنى، خاراكتېردىكى تەۋەككۈلچىلىككە سەۋەب بولغان، ھۈنەر-سەنئەتمۇ ماس تەرەققىي قىلغان. كۆپ قېتىم تارىخىي خاراكتېرلىك كۆچۈش، ئېتىقاد، يېزىق ئالماشتۇرۇش، قىتئەلەر ئاتلىغان سودا پائالىيەتلىرىدە كۆپ خىل مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشلار نەتىجىسىدە تىل تەربىيىسى ئېھتىياجىنى پەيدا قىلغان. ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش شەكلى تەسىرىدە تەبىئىي پەنلەر ۋە ئادىمىيەت ئىلىملىرى تەكشى ئېتىبارغا ئېرىشكەن. تۈركىي قوۋملارنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى مىلادى 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، مىلادى 760-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇرخۇن خانلىقىدا مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغاندىن كېيىن، مانى دىنى مەكتەپلىرى قۇرۇلغان. ھەر ئون ئۆيلۈككە بىر مانى خەلىپەت بەلگىلىنىپ، پۈتكۈل خەلق ئوقۇتۇلغان. كۈنسايىن گۈللەنگەن مانى مائارىپى كېيىنچە ئىسلام مائارىپىغا ئورۇن بوشىتىپ، قاراخانلار سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشكىچە ئارىدا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. قاراخانلار سۇلالىسى دەۋرىدە سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەند، بالاساغۇن، كاشغەر ۋە ياركەندلەردە يۈزلەرچە مەدرىسە قۇرۇلغانىدى. بۇلار شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئاساس مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپنىڭ كاتتا تەرەققىي تاپقانلىقىنىڭ ئۇچۇرىدۇر.

13-ئەسىردىن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلاردىكى ئالەم نەزەرىيىسى، جۇغراپىيە، تەبىئەت تارىخى، گېئولوگىيە، مىنېرالوگىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىكى نەتىجىلەر تۈركىي قوۋملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى بىرىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، 1350-يىللاردىن كېيىن ئىسلامىيەت-ئەرەب دۇنياسى ئارقىدا قالدى. ھالبۇكى، مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. چۈنكى، چىڭگىزخان ئىستېلاسىدا مەركىزىي ئاسىيا ئاجايىپ زور تالاپەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مىمارچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تېخنىكا، سودا، مائارىپ-مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى تەڭ نامايان قىلىپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل شەھەرلەر كۆيدۈرۈلگەن، شەھەر خەلقى تۈمەن-تۈمەنلەپ قىرغىن قىلىنغان، بايلىقلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان، ھۈنەرۋەن-ئۇستىكارلار موڭغۇل دالالىرىغا ئەسىر ھېسابىدا كۆچۈرۈلگەن، يۇرت-يۇرتىنى غېرىبلىق قاپلىغانىدى. ئەمما چىڭگىزخاننىڭ تۈركلەشكەن ئەۋلادلىرىدىن ئەمىر تېمۇر(1336-1405) لەشكىرىي يۈرۈشلىرى داۋامىدا ھەرقايسى ئەللەردىن مەشھۇر ئالىملار، سەنئەتكارلار، ھۈنەرۋەن-ئۇستىلارنى سەمەرقەند بىلەن ھىراتقا توپلىغان بولۇپ، ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ تاڭ نۇرى ئىتالىيىنىڭ فلورېنسىيە، رىم شەھەرلىرىدە پارلىسا، شەرق مەدەنىيەت گۈللىنىشى سەمەرقەند ۋە ھىراتتا باشلانغانىدى. ئەمىر تېمۇر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان شاھرۇھ(1377-1447)، ئۇلۇغبېگ(1394-1449)، ھۈسەيىن بايقارا(1438-؟) قاتارلىق پادىشاھلار ئالىم ۋە سەنئەتكارلارغا ھامىيلىق قىلغانىدى. دوكتور ئەسەد سۇلايمان ئەپەندى كۆرسەتكىنىدەك: «...ئىتالىيىدە دانتې(1265-1321)، پېتراركا(1304-1374)، بوككاچچىئو(1313-1375) قاتارلىق بۈيۈك ئەدىبلەر ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ياۋروپا گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى پەردىسىنى قايرىغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا نەۋائىي(1441-1501)، جامىي، سەككاكىي، لۇتفىي(1366-1465) قاتارلىق شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلار پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ئالتۇن دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى.: ئىتالىيىدە مىكېلانجېلو(1475-1564)، رافائېل (1483-1520)، تىتسىئان، داۋىنچى (1452—1519)قاتارلىق سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان قىممىتىگە بولغان چەكسىز ئىززىتىنى ئىپادىلەنگەن ھەيكەل ۋە ماي بوياق رەسىملىرى ئارقىلىق ياۋروپا سەنئىتىدە يېڭى دەۋر ئاچقان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا كامالىددىن بېھزاد(1455-1536)، مەۋلانە مىرەك نەققاش، شاھ مۇزەپپەر، شەيخزادە مەھمۇد، قاسىم ئەلى جېھرىكەش، دەرۋىش مۇھەممەد ئىبنىي مۇھەممەد مۇئمىن قاتارلىق بىر تۈركۈم رەسسام ۋە نەققاش شەرق مىنىياتۇرا سەنئىتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى. ياۋروپادا كوپېرنىك، برونو(1548-1600)، گالىلېي قاتارلىق ماتېماتىك ۋە ئاسترونوملار... غايەت زور ئاسترونومىيىلىك بايقاشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن چاغدا، ئۇلۇغبېگ... كائىناتتىكى 1008 يۇلتۇزنىڭ ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىپ، شەرق ئاسترونومىيىسىدىكى مەشھۇر ئەسەر ‹زىجى جەدىدىي كوراگانى› (يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل)نى يېزىپ چىققانىدى...»[12]. سەمەرقەندتە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن ئۇلۇغبېگ مەدرىسەسى ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى تۈسىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى. يىپەك يولى(بۈيۈك كارۋان يولى) بويىدىكى بۇ مېھنەتكەش قوۋملار ئۆز يۇرتىنى يول ۋە سىرتقى تىجارەت، ھۈنەر-سەنئەت، تەبىئەتنى بىلىش، تىبابەت، ناخشا-ئۇسسۇل، تەسۋىرىي سەنئەت، تىل-ئەدەبىيات، مېھماندوستلۇق، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر قاتارلىق توققۇز جەھەتتىن ھېكمەتلەر ماكانىغا ئايلاندۇرغانىدى. مۇبادا تۈركىي قوۋملار شۇ چاغلاردىكى تارىخىي شەرىپىنى ئىزچىل ساقلىيالىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارمۇ ياپون، گېرمان، يەھۇدىي، ئىنگلىز مىللەتلىرىگە ئوخشاش ئىلىم-پەن مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، سىياسىي جەھەتتىن بۈيۈك تۇرانىيە بىرلىكى ھاسىل قىلىپ، خەلقئارا ئىشلاردا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى نامايىش قىلالىغان بولاتتى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلىشى تۈركىي قوۋملارنىڭ چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىنكى مۇھىم سىياسىي مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، تۈركلەرنىڭ ياۋروپاغا كىرىشىدە ئالاھىدە پۇرسەتلەر بار ئىدى. يەنى، ۋابا تارقىلىپ، پۈتكۈل ياۋروپادىكى خرىستىيان دىنى ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ جېنىغا

www.uyghurkitap.com

زامىن بولۇۋاتاتتى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئارىسىدا 1338 ـ يىلى ئۇرۇش باشلىنىپ 1453 ـ يىلى ئاخىرلاشقانىدى. مۇشۇ يىلى تۈركلەر ئاللىقاچان كونستانتىنپولنى ئىگىلەپ بولغانىدى. ۋېنتسىيە ۋە ژېنوۋا ئارىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشمۇ ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بالقان يېرىم ئارىلىدا كاتولىك دىنى مۇرتلىرى، پراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرتلىرى ۋە غەيرىي دىندىكى مەزھەپلەر ئارىسىدا دىنىي ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. يەنە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى، بۇلغارىيە ئىمپېرىيىسى... ئارىسىدىمۇ ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. بالقان يېرىم ئارىلىدىكى خىرىستىيان دېھقانلىرىدىمۇ ئۆز ئىمپېرىيە ھۆكۈمدارلىرىغا نىسبەتەن ئېغىر نارازىلىق بار ئىدى. تۈركلەر شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى بەك ئاجىز بولغانىدى. دېمەك، پۈتكۈل خىرىستىيان دۇنياسى ئومۇمەن بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇراتتى. تۈركلەردىكى تەشكىللىچانلىق، مەدەنىيلىك، باتۇرلۇق، ئىسلامنىڭ تارتىش كۈچى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئاجىزلىقى ئۇلارنى كىچىك ئاسىيادىن چىقىپ، كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە قىلغان ـ ئۇلارنى تېزلا تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىققانىدى.

ئەمما، دەل مۇشۇنداق غەلىبە شادلىقى سەۋەبىدىن تۈركلەردىمۇ ئەرەبلەرگە ئوخشاشلا يات دىندىكىلەرنى كەمسىتىش، ئۆزىنى چوڭ چاغلاش ئېغى كۈچلۈك ئىدى. 1756 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ كونستانتىنپولدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فرانسىيە بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ، ياۋروپانىڭ دىپلوماتىيە تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بوپقالدى. بىراق، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمىتى يەڭگىللىك ۋە ئەدەبسىزلىك بىلەن: «بۇ بىر چوشقىنىڭ يەنە بىر چوشقا بىلەن بىرلەشكەنلىكى»[13] دەپ ئېلان قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۆزلىرى بىلمەيلا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سودا تاجاۋۇزى ئىچىدە قالغانىدى. كېيىنچە، بۇ تاجاۋۇز ھەربىي تۈس ئېلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىپ، تىنچسىزلىققا ئېلىپ بارغانىدى. ئاقىۋەت تۈركلەر ئاجىزلىشىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ئۇمۇ غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى.

دۇنيا مۇستەملىكىچىلىك تارىخىدىن مەلۇمكى، بىر قوۋم ياكى بىر زېمىن ئىستېلا قىلىنغاندا، يەرلىك قوۋمنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان، ھۆكۈمدارلار ئوخشىمىغان قوۋملارنى دەرىجىگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلغان. شەخسنىڭ قىممىتى ئېتىراپ قىلىنمىغان. بېقىندى قوۋملار ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «تەجرىبە كۆلبىسىدىكى قۇرت»قا ئايلانغان. ئىستېلاچى ھۆكۈمدارلار تائىپىسىدىكى بىر قوۋم بەھرىلەنگەن ئەۋزەللىكتىن بېقىندى قوۋم بەھرىلىنەلمىگەن. ئىستېلاچى ھۆكۈمدارلار يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ئۆز قوۋم ـ پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان ھەر خىل جىنايى قىلمىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنى مەنپەئەت ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك ئەمىنلىك ياراتماقچى بولغان. بۇنداق ئەللەرنىڭ يەرلىك بەگ ـ تۆرىلىرى ئىستېلاچى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئاڭ ـ مەپكۇرىسىدىكى مەنپەئەت يەمچۈكىگە ئېلىنىپ كىرگەنلىكتىن ئۇلار يۇكسەك دەرىجىدە سەزگۈرلەشكەن، ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئالدىدا مۆمىن ـ رايىشلاشقان، پۇقرالىرى ئالدىدا مەمەدان ـ شىرلاشقان. بۇنداق ئەلدىن خائىن ـ مۇناپىقلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. ئىستېلاچى ھۆكۈمدارلار تەرەققىياتتىن قورققاچقا، تەرەققىيات ئامىللىرىنى ئىدىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىمايلا قالماي، قوۋمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئاقىللارنى قۇربانلىق قىلغان. بۇنداق قوۋم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر يەكلەنگەن. بۇنداق ھال 7 ـ ئەسىردىكى ئەرەبلەرگە بېقىندى بوپقالغان قوۋملاردا تولۇق كۆرۈلگەن.

تۈركىي قوۋملاردا ئىلىمنى قەدىرلەش روھى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. مانا: كۆماراجىۋا ئىلىم تەھسىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندە، كۇسەن خانى ئاقارىي پاك ئۇنىڭ ئولتۇرۇپ ئىلىم سۆزلىشى ئۈچۈن ئالتۇن تەخت ياسىتىپ بەردى ۋە ئالتۇن تەختكە ئۆز دۇمبىسىگە دەسسىتىپ چىقاردى. فارابىي ئۆزىنى ئۇستاز تۇتقان پادىشاھ سەيفۇل دەۋلە ئۇنىڭغا بارلىق خەزىنىسىنى ئېچىپ بېرىپ خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشىنى ئۆتۈنگەنىدە رەت قىلىدى. ئىجادىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن نەۋائىي ۋەزىرلىكتىن ئىستىپا بەردى. ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەن ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئوردىغا كىرمەي ئۇنىڭ مۇبارەك مېيىتى يېنىدا تۇردى ۋە ھىراتتا دۆلەت خاراكتېرلىك زور ماتەم پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى (خاندەمىر: «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ۋاپاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 1 ـ سان). ئۇلۇغبېگ شاھلىقتىن ئىلىم تەتقىقاتىنى ئەلا بىلدى... تۈركىي قوۋملاردا شاھرۇھ، ھۈسەيىن بايقارا، ئۇلۇغبېگدەك كاتتا ئىلىمخۇمار شاھلار بارلىققا كەلگەنىدى. ئەمدى كېيىنكى تارىخقا قارىساق، ئۇلۇغبېگ پاجىئەسىدىن كېيىن ئىلىم ئەھلىلىرى جاھالەتچىلەرنىڭ قىلىچىدا جان بەردى. «ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك غايىب بولدى. تىنچلىق خۇددى سىمۇرغ قۇشىدەك كۆھقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى»(موللا مۇسا سايرامىنىڭ سۆزى). ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى ئىلگىرىكى گۈللەنگەن دەۋر ئاخىرلىشىپ، كىشىلەر «بۇخارا ئۇيقۇسى»غا غەرق بولدى. كىشىلەر ئەقلىيلىك، دېموكراتىيە، تەجرىبىچىلىك... دېگەنلەردىن بىخەۋەر ئىدى!

بۇ قوۋملار ئاشۇنداق ئېغىر كۆلپەتتىن بىلىنى رۇسلاپ بولغىچە، رۇسلارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملار تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ پاجىئە يەنىلا سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرى (1917 ـ 1991)دە يۈز بەردى. چۈنكى روسىيە گەرچە قۇللۇق تۈزۈمىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولسىمۇ، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ راۋاجلانغان كاپىتالىستىك ئىگىلىك بىلەن كرېپوستنويلۇق تۈزۈم (ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمى) مۇرەسسەسىز زىددىيەت ھاسىل قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەينى دەۋردە روسىيىلىكلەر كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. چېركاۋنىڭ بېسىمىمۇ ئېغىر ئىدى. غەربىي ياۋروپادىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى، كۆنساناپ ئۇلغىيىۋاتقان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ تەسىرىدە روسىيىدىكى يومبىچېك ھاكىممۇتلەق تۈزۈمىنىڭ ئۈچ قورغىنى ـ كرېپوستنويلۇققا، ھاكىممۇتلەق پادىشاھلىق تۈزۈمگە ۋە چېركاۋ تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدە دىن، پادىشاھلىق ۋە ھاكىممۇتلەق مىللىي خۇسۇسىيەتنى قالقان قىلىۋالغان «سلاۋيانچىلىق» ئىدىيىسىمۇ، ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى «ياۋروپاچىلىق» ئىدىيىسىمۇ بازار تاپقان بولۇپ، سلاۋيانىزمچىلار ياۋروپا كاپىتالىزمى، دېموكراتىيىسى ۋە مەرىپەتچىلىكى روسىيە مۇھىتىغا لايىق ئەمەس، رۇس خاراكتېرىگە زىت دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ياۋروپالىشىش ـ لىبېرالىزملىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىسلاھاتچىلار كرېپوستنويلۇققا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپلا بولىدۇ قىلىشنى ئويلايتتى. مۇشۇنداق زىددىيەتلىك مۇھىتتا، كرېپوستنويلۇق تۈزۈم، ھاكىممۇتلەق پادىشاھلىق تۈزۈم ۋە چېركاۋ تۈزۈمىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئىسلاھ قىلالايدىغان، بىراق رۇس خاراكتېرىگە ماس بولغان ياۋروپالىشىش ـ لىبېرالىزملىشىشتىن توسۇپ قالالايدىغان ئىدىيە قورالىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. لېنىنچىلار بۇنى ماركسىزمدىن تاپتى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. نەتىجىدە ھاكىمىيەت ئۈزۈل ـ كېسىل ئىسلاھ قىلىندى: پادىشاھلىق تۈزۈم، ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمى، چېركاۋ ھوقۇقى ھەممىسى بىتچىت قىلىندى. بىراق، رۇس خاراكتېرى ساقلاپ قېلىندى. غەرب دۇنياسىدا دىن بىلەن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئەخلاق ھاياتىنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر بولۇۋاتقان 20 ـ ئەسىردە، دەھرىيلىكنى بىرىنچى بولۇپ

ھۆكۈمەت تۈسىدە قوبۇل قىلغان بۇ ئىمپېرىيىدە ئاجايىپ غەلىتە ئىشلار يۈز بەردى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتكۈل دۇنيا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، ئادەمىيلىك روھنىڭ داۋام ئېتىشىگە توسقۇن بولىدىغان ئىشلار بولدى. مىسالدىن ئالساق، لېنىن دىندارلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارىغان ھالدا، كوممۇنىستلارغىمۇ ئۆز ئېتىقادىغا سادىق، ھەر تەرەپلىمە پاكىز ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ تەلىم بەرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، لېنىندىن كېيىن دۆلەت ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە نەزەر سېلىنسا تەن شۈركىنىدۇ. بۇ ھەقتە سابىق سوۋېتلەر ئوتتۇرا ئاسىياسى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك يازمىلاردىن مۇنۇلارنى بىلەلەيمىز:

سوۋېتلەر ئوتتۇرا ئاسىياسى جۈملىدىن ئۆزبېكىستاندا 1950 ـ يىللارغىچە ئىمانلىق، ئېتىقادلىق ئادەملەر سوراقسىز ئېتىلغان، جازالانغان، سۈرگۈن قىلىنغان. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئاياغ ئاستى قىلىنغان. مىللىي غۇرۇر كەمسىتىلگەن. ھەتتا 1960 ـ يىللاردا توي ـ تۆكۈنلەردە كاناي ـ سۇناي چېلىش كونىلىق قالدۇقى سۈپىتىدە تەقىپلەنگەن. 1970 ـ يىللاردا پارتىيىلىك كىشىلەر بالىلىرىنى خەتنە قىلدۇرغىنى ئۈچۈن تەشكىلىي جازاغا ئۇچرىغان. 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۆلگەن ئاتىسىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇتقان ياكى قەبرىستانلىققا بېرىپ ياش تۆككەن ئادەملەر شەرمەندىلەرچە ئىشتىن بوشىتىلغان. خۇدا ئىنكار قىلىنغانىدۇ، شەخسلەرگە خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش ئەۋجىگە چىقىپ مەركەزدىن يەرلىككىچە چوڭ ـ كىچىك ساختا خۇدالار ياساپ چىقىلىپ، خۇدادىن ئاشۇرۇپ چوقۇنۇلغان.

20 ـ ئەسىردە يەنە شۇ سوۋېتلەر ئوتتۇرا ئاسىياسىدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىيلىكى بولغان خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك، بايلىق توپلاش، ئىلىم تەھسىل قىلىش چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئۆزى خالىمىغان ئىشلارنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلىدىغان ئىشلار كۆپلەپ كۆرۈلدى. تەبىئەت پەنلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن مىليونلاپ «ئاقچا»لار سەرپ ئېتىلىپ پۈتكەن تەجرىبىخانىلار، ھېچبولمىغاندا دەۋر بىلەن تەڭ سەۋىيىدە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالايدىغان زاۋۇتلار، تەتقىقات ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى قوللايدىغان ھۆكۈمەت ھىماتى، ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن ئالىم ـ مۇتەخەسسلەر قوشۇنى بولۇشى كېرەك. تەبىئىي پەنلەردىكى بايقاشلارنىڭ رېئاللىققا يۈزلىنىشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا، خادىملاردا ئۇزاق ۋاقىت ئىزچىل ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت بولۇشى كېرەك. ئەھۋال شۇ تۇرسا، بۇ قوۋملارنىڭ ئىلىم ـ پەنگە قىزىققان كىشىلىرى قانداقمۇ خاتىرجەم ئىش قىلالىسۇن؟

20 ـ ئەسىردە ئىدېئالىزمچى ئالىملار: ئادەم تەبىئەتنىڭ قۇلى، شۇڭا، ئادەملەر تەبىئەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. تەتقىقات، تەجرىبە، كەشىپ ـ ئىختىرا قىلىش، ئىجاد قىلىش پائالىيەتلىرىدە تەبىئەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش قىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. ماتېرىيالىزمچىلار بولسا ئادەملەر تۇرلۇك ـ تۈمەن نەرسىنى ئىجاد قىلالايدۇ، كەشىپ قىلالايدۇ. شۇڭا، ئادەملەر تەبىئەتنىڭ خوجايىنى، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ـ ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىدۇر» دېگەن يەكۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەبىئىيلىككە قارشى مۇقاملار تۈۋلاندى. بۇ خىل ئەھۋال سوتسىيالىزم لاگېرلىرىدا تەكرار يۈز بەردى. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمان ئالىملار «دوزاخ نېمىشقا يەتتە، جەننەت سەككىز؟...» دېگەندەك ئابستراكت مەسىلىلەرنى نەچچە ئەسىر مۇھاكىمىگە قويغاندا، ماركسىزمچىلار ئەۋلادلارغا بارلىق كۈچى بىلەن خۇدانىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىدېئالىزم پاتقىقىدىن قۇتقۇلدۇرۇشنى ماتارىپنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈۋاتقاندا، ياپونلار، يەھۇدىيلار، گېرمانلار،

فرانسۇزلار... پەن بىلەن سانائەتنىڭ، ئىدېئالىزم بىلەن ماتېرىيالىزمنىڭ «توينى قىلىپ» قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىشىنى قىلىۋەردى. 1987 ـ يىلى بىر مۇخبىر ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئالىم، فىزىكا نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى ياڭ جېننىڭ ئەپەندىدىن: «نېمە ئۈچۈن غەربتىكى نۇرغۇن تەبىئىي پەن ئالىمى دىنغا ئىشىنىدۇ؟ دىنغا ئىشىنىش دېگەنلىك ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. سىز بىلگىلى بولمايدىغان ئالەمگە، ياراتقۇچىنىڭ ھەممىنى ياراتقانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «پەن بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بىر ئالىم تەتقىقات خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقاندا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىنتايىن سېھرىي ـ كارامەتلىك ھادىسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلسا، تەبىئەتتىكى ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان گۈزەل قۇرۇلمىلارنى بايقىسا، مېنىڭچە بۇنى ‹روھقا يېقىنلىشىپ لەرزىگە كېلىش› دەپ تەسۋىرلىشى كېرەك. چۈنكى تەبىئەت قۇرۇلمىلىرىدا ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان كۆپلىگەن سىرنىڭ بارلىقىنى بىلسە، بۇ چاغدىكى سېزىمنى ‹ئەڭ سەممىي بولغان دىن بىلەن ئەڭ يېقىنلاشقانلىق› دەپ قارايمەن. شۇڭا، سىزنىڭ ‹بىلگىلى بولمايدىغان ئالەمگە، ياراتقۇچىنىڭ ھەممىنى ياراتقانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟› دېگەن بۇ سوئالىڭىزغا ھەئە ياكى ياق دەپ جاۋاب بېرىشىم ئىنتايىن قىيىن... بۇ مەڭگۈ ئاخىرقى جاۋابى بولمايدىغان سوئالدۇر» [14]دەيدۇ. يەھۇدىي ئالىم گېرمانىيە تۇپرىقىدا لايىھەلەپ ئىستېمالاشتۇرغان ئاتومنى يەھۇدىيلارمۇ، گېرمانلارمۇ تولۇق قوبۇل قىلمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل تالاش ـ تارتىشنىڭ ئەڭ ئېغىر زىيىنىغا ئۇچرىغانلار يەنىلا سوۋېتلەر ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى تۈركىي قوۋملار بولدى. 20 ـ ئەسىردە سوۋېتلەر ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى تۈركىي قوۋملار ئاڭ فورمىسى جەھەتتىكى توقۇنۇشقا ئەڭ كۆپ دۇچ كەلدى ۋە بىھۇدە بەدەللەرنى كۆپ تۆلىدى. ئەرەب دۇنياسى ۋە كېيىن سوۋېتلەر ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى تۈركىي قوۋملار ماكانىدا چۈشكۈنلۈك، پەلسەپە نامراتلىقى، ئېتىقاد بىلەن ئىلىمنى قارشى قويۇش، چىركىن سىياسىي تەسىرىدىن ئىلىم ـ پەن بايلىقى جۇغلانمايلا قالماستىن، تارىختا ئەڭ كۆپ كىتاب كۆيدۈرۈلگەن جاي بوپقالدى... سوۋېتلەر ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تارىخچىلىرى، مەدەنىيەتشۇناسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەپسۇس ۋە غەزەپتىن ئۆرتىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۈرەك، خاپىغان كېسەللىكلىرى بىلەن ۋاقىتسىز ئالەمدىن ياندىغان ئىشلار ئورتاق ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالدى.

تارىختىن مەلۇمكى، بىر يېڭى شەيئى ھامان كونا شەيئىنىڭ داۋامى، تولۇقلىغۇچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەگەر ئالدىنقىلار بىر قوۋمنىڭ تەرەققىياتىدا كېرەكلىك نەرسىلەرنى يارىتىپ قويمىسا ـ تەرەققىيات ئۈلىسىز قالسا، كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنى تولۇقلىشى ئۈچۈنمۇ بىر جەريان كېتىدۇ. ياۋروپادىكى دىن، تەجرىبە پەلسەپىسى، سىياسىي، تېخنىكا ئېڭى قاتارلىقلاردىكى بۆرۈلۈشلار نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەنى ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن مول جۇغلانمىلار قالغانىدى. مىلادىيىدىن ئاۋالقى 6 ـ ۋە 5 ـ ئەسىرلەردە گرېتسىيىدىكى پەلسەپە ئىنقىلابىنى نېگىز جەھەتتىن گېئومېترىيە كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. پىفاگور (م ب 580 ـ 570 ـ م ب 500): «دۇنيا رەقەمدىن تەشكىل تاپقان» دەپ قارىغان. ماتېماتىكىلىق يەكۈنلەردىكى بۇنداق ساپ نەزەرىيە ئەپلاتوندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. پەلسەپە، ئېتىقادتىكى بۆرۈلۈشلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىشى تەسىرىدە، غەربتە تەبىئىي پەنلەر قىزغىنلىقى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قايتا كۆچەيگەن بولۇپ، ئالىملاردا پات ـ پات يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىدىغان ئادەت بولغانىدى. بۇنىڭغا پادىشاھلارمۇ ئىشتىراك قىلغانىدى. ئىتالىيە پادىشاسى

ئۇربان 8 (1623ـ 1644ـ يىللار تەختتە تۇرغان) ئۆزى ماتېماتىكا ئالىمى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى تەبىئەت پەيلاسوپلىرىدىن تەشكىللەنگەن مۇھىم تەشكىلات بولغان لىنسىي ئاكادېمىيىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. گاللىي 1611ـ يىلى ئاكادېمىيىگە ئەزا بولغان(1630ـ يىلى ئاكادېمىيە تارقالغان). 1660ـ يىلى ئەنگلىيە خانلىق ئىلىم جەمئىيىتى قۇرۇلغان. بۇ، دۇنيا بويىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ۋە پائالىيىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان جەمئىيەت بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ باش مەقسىتى تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بولغانىدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىلىم- پەننى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ، نۇرغۇن ئىلىم- پەن جۇغلانمىسى شەكىللەنگەنىدى. كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز» تەلىماتى قەدىمكى گرېتسىيە ئالىمى ئارىستاكۇس(م ب 315ـ م ب 230) تەلىماتىنىڭ دەلىللىنىشى، شەرھلىنىشى، ئېنىقلىنىشى، كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى ئىدى. گاللىي ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ سۈرئىتى ھەققىدىكى قانۇنىيەتنى ئارىستوتېلنىڭ خاتالىقىنى بايقاپ يىغىنچاقلىغان. 1608ـ يىلى ھوللاندىيىلىك بىر كۆزەينەك دۇكىنى خوجايىنى پېتىنقى ۋە كۆپىنكۆ ئەينەكلەرنى تىزىش ئارقىلىق يىراقنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى تاسادىپىي رەۋىشتە بايقاپ قالغان. بۇ، 1609ـ يىلى ئۇ ياسىغان ئالەم تېلېسكوپىنىڭ ئاساسى ئىدى. نيۇتون بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى. بىراق، قەدىمكى گرېتسىيە ئاسترونومى ئېراتوستېن(م ب 276ـ م ب 194) يەرشارىنىڭ رادىئۇسىنى خېلىلا توغرا مۆلچەرلىگەنىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كوپېرنىك، كېپلېر، گاللىي، روبېرت ھوك(1635ـ 1703)... لارنىڭ ئاسترونومىيە ۋە فىزىكىدىكى بايقاشلىرى بولمىغان بولسا، مىخانىكىدىكى ئاخىرقى خۇلاسىلىرىنى چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭىمۇ، نيۇتون ئۆز ئۇتۇقلىرىنى خۇلاسىلىغاندا: «ئەگەر مەن يىراقنى كۆرەلىدىم دېسەم، بۇ دەل مېنىڭ گىگانت كىشىلەرنىڭ مۈرىسىدە تۇرغانلىقىمدىندۇر» دېيىش ئارقىلىق ئالدىنقىلارنىڭ ئۆز ئۇتۇقلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ماتېماتىكا پرىنسىپلىرى قەدىمكى گرېتسىيە ماتېماتىكى ئۇكلىد(م ب 330ـ م ب 275)نىڭ «گېئومېترىيە ئاساسلىرى»غا تەقلىد قىلىنغان. دېكارت(1596ـ 1650)نىڭ گېئومېترىيە تەھلىللىرىمۇ نيۇتوننىڭ دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال قانۇنىيىتىنى تۇرغۇزۇشىغا زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بېكونمۇ قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپلىرى ئاناھاگور(م ب 500ـ م ب 428) ۋە دېموكرىت(م ب 460ـ م ب 370)لارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكىنى ئىزدەشكە ئۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ پىكىر دائىرىسىدە ئاتوم، ئاتومنىڭ ماھىيىتى، ھەرىكەت قانۇنىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا قار، يامغۇر ياغدۇرۇشنى، ئۆي ئىچى ھاۋاسىنى تەڭشەشنى قىياس قىلغان. جانلىقلار دۇنياسىدىكى تۈرلەرنىڭ پەرقى، ئۆزگىرىشى، يېڭى تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلارنى پەرەز قىلىپ، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى نەزەرىيىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە كەلگۈسىدە تۈرلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنىڭ بايقىلىدىغانلىقى، ئوپتىكا تەرەققىياتىنىڭ يىراق مەنزىرىسىنى، مىكروسكوپ، تېلېسكوپلارنىڭ ياسىلىشىنى ئالدىن پەرەز قىلغان. مېدىتسىنادىكى ئىلگىرىلەشلەر، ئاكۇستىكا- ئاۋاز ئىلمى تەرەققىياتى، ئوتوفون(ياردەمچى ئاڭلىغۇچ)- ئاڭلاشقا ياردەم بېرىدىغان ئەسۋابنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلىشى قاتارلىقلاردىن بېشارەت بەرگەن. ئايروپىلان، سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىپ ياسىلىشى قاتارلىقلارنى پەرەز قىلغان. ئۇ، ئادەملەرنىڭ خاس پەرقىنى، تەبىئىتى ۋە مىجەزىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمىغان. ئۇ، تەبىئىيلىكنىڭ يوشۇرۇن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى بېسىم ئارقىلىق ئەمەس، پەقەت ئادەتكە تايىنىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى قانچىلىغان تەبىئەت پەنلىرى ئالىملىرى، پېداگوگلارنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلاپ، بۇ ھەقلەردە تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولغان بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن. 1769ـ يىلى شوتلاندىيىلىك رېمونتچى ۋات(1736ـ 1819) پار ماتورىنى ياساپ چىقتى. بۇمۇ ئۇنىڭ يېگانە كەشپىياتى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەنگەن پار بېسىش تەجرىبىسى، ئاتموسفېرا بېسىمى تەجرىبىسى ۋە يېرىم شارلار تەجرىبىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كىشىلەرنى پار، ئاتموسفېرا، ۋاكۇئۇمنىڭ ئۆزئارا رولى ھەققىدە كىشىلەرنى تونۇشقا ئىگە قىلغانىدى. كېيىن پارنىڭ ھەرىكەت كۈچى تېخنىكىسىنى فرانسىيىلىك فىزىكا ئالىمى، ئىنژېنېر پاپېن(1647ـ 1712) تەسەۋۋۇر قىلىپ، 1679ـ يىلى پارلىق پىشۇرۇش ئەسۋابى ياساپ چىققان ۋە مۇشۇ ئاساستا پورشېنلىق پار ماتورىنى ياسىغانىدى. پاپېنغا ئۇلاپلا ئەنگلىيىلىك ئىنژېنېر سافىل(1663ـ 1729) پار ناسوسى كەشىپ قىلغان ۋە تېخىمۇ ياخشى پار ماتورى ياساشقا ئاساس سالغانىدى. دالتوننىڭ خىمىيىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىمۇ ئالدىنقىلارنىڭ ئەجرى بار ئىدى. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ماددىي دۇنياغا بولغان تونۇش دەرىجىسى كائىنات قارىشى، ماكرو قاراش، مىكرو قاراش قاتارلىق ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار چەكسىز ئالەمدىن ئەتراپىمىزدىكى دۇنياغىچە، يەنە ئېلېمېنت- مولېكۇلا، ئاتوم، ئېلېكترون، كۋارك...لارغىچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىمىيە ماددا (ساپ ماددا ۋە بىرىكمە ماددا) لارنىڭ تۈزۈلىشى، قۇرۇلمىسى، ماھىيىتى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئېلېمېنت، ئاتوم قاتلىمىدىن تەتقىق قىلىدىغان پەندۇر. ئىلمىي ئاتوم قارىشى خىمىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، خىمىيە نەزەرىيىسىنى تۇرغۇزۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاتوم نەزەرىيىسى ئىدىيىسى قەدىمكى گرېتسىيىدىن باشلانغان بولۇپ، دەسلەپكى ئاتوم قارىشىنى لۇكىپپوس(م ب 500ـ م ب 400) ئوتتۇرىغا قويغان، دېموكرىت كېڭەيتكەن. ئېپىكۇرۇس(م ب 341ـ م ب 270) تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. 16ـ ئەسىردە گېرمانىيىلىك مىنېرالوگىست ئاگرىكولا (1494ـ 1555) «مېتال ھەققىدە» دېگەن كىتابىنى يازغان. بويلې، نيۇتون، پرېستلېي(1733ـ 1804)، لاۋئېسىر(1743ـ 1794) قاتارلىق شەخسلەرمۇ خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەن. خىمىيىدىكى بۇ نەتىجىلەر دالتوننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساس بولغان. ھازىر ھىدروگېن يېقىلغۇ قىلىنىدىغان يېڭى تىپتىكى ماشىنىلار ياسالدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، سۇنى پارچىلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 1789ـ يىلى ھوللاندىيە خىمىكلىرى تۇنجى قېتىم توك ئارقىلىق سۇنى پارچىلاش تەجرىبىسىنى ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئەينى ۋاقىتتىلا كىشىلەر ھىدروگېن ۋە ئوكسىگېننى كۆيدۈرسە سۇ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، سۇدىكى ھىدروگېن ۋە ئوكسىگېننىڭ ھەجىم ئۆلچىمى 2:1 ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. ۋىلبۇر رايت(1867ـ 1912) بىلەن ئورۋىل رايت (1871ـ 1948) ئاكا- ئۇكىلار 1903ـ يىلى تۇنجى ئايروپىلاننى ياساپ چىقتى. ھالبۇكى، ئايروپىلان قىياسىنىمۇ داۋىنچ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. غەربلىكلەر مەيلى شەرقلىقلەرنىڭ نەتىجىسى بولسۇن ياكى ئۆزلىرىنىڭ جۇغلانمىسى بولسۇن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم- پەن بىناسىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇۋاتقاندا، ئەرەبلەرنى يادرو قىلغان ئىسلام دۇنياسى چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتقان، ئىلىم تەتقىقاتىدىكى ئىلگىرىكى ئەمەلىيەتچىل روھتىن يىراقلىشىپ، «قۇرئان» يارىتىلغۇچىمۇ ياكى ئاللاھنىڭ سۆزىمۇ؟ دېگەننى... 800 يىل تالاشقانىدى. «ئاللانىڭ زاتى قانداق؟ ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ‹قۇرئان›دا تىلغا ئېلىنغان جەننەتتىكى ئۆستەڭ قايسى ئۆستەڭ؟ مەسچىتتە پەيدا بوپقالغان تەرەت قايسى پەرىشتىنىڭ؟ دوزاخ نېمىشقا يەتتە، جەننەت سەككىز؟... دېگەندەك ... تېمىلارنى شەرق ئالىملىرى زېرىكمەستىن

مۇلاھىزە قىلىنغانىدى»[15]. تۈركىي قوۋملار پەن- تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەم بولسا زادى بولمايدىغان سىياسىي ھىمايىتىن، ئەنئەنىۋى ئىلغار پەلسەپىۋى ئاڭدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغانىدى. روھىيەت مۇۋازىنىتى تۈرلۈك سىياسىي داۋالغۇشتا دائىم بۇزۇلۇپ تۇراتتى. ھىندىستانلىق مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، سابىق باش مىنىستىر جاۋاھىرال نېھرۇ: «ھىندى مىللىتى ئېغىر ھالدىكى پسىخىكا كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. بۇنى ئۇلارنىڭ 300 يىلدىن بۇيانقى مەھكۇملۇقتا ئۇچرىغان روھىي كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقاردى»[16] دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە، غەرب قوياشى كۆتىرىلگەن بىر نەچچە ئەسىردە ئەرەبلەر ساددا مەغرۇرلۇق ۋە ئىلمىي ئاڭدىن ياتلىشىشتىن، تۈركىي قوۋملار لەنىتى مەھكۇملۇقتىن «كېسەل»گە چىرمىشىپ كەتكەنىدى.

## 4. غەربتىن ساۋاق

«ئىنسانلار ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ماددىچىلىق، پەنچىلىك قاتارلىق بىرتەرەپلىمە ئىزمىيىلىرى بىلەن پەرۋەردىگارنى ئۆلتۈردى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز تەبىئىتىدىكى ئىلاھىيلىق، تۇرمۇشىدىكى مەنىۋىلىكتىن ئايرىلدى.»[17]

— تىن چۇەنباۋ

ئالدىن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، غەربتە ئەقىلنى، ماددىنى مەركەز قىلغان ئالتە ئەسىردە پەن تەرەققىياتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مۇھىم رول ئوينىدى. پەنچىلىكنى ماھىيەت قىلغان ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئىلىم- پەن تەرەققىياتىدا خۇراپات، ئەپسانە قاتارلىق غەيرىي ئەقلىيلىككە چەك قويۇلۇپ، سانائەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىلىم- پەننىڭ يېڭىچە تەتقىقات مېتودلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ، ماددىي تەرەققىيات ۋە ئىلمىي قاراشنىڭ تىكلىنىشى جەھەتتىن بىر توغرا يۆنىلىش، ئەلۋەتتە. بىز غەربنىڭ بۈگۈنكىدەك باياشاتلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقماقچى بولساق، ئۇلارنىڭ ئىلىم- پەن ئېڭى ئۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى بولۇپ چىقىدۇ. دەرۋەقە، ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك باسقۇچىدىن ھالقىپ، تەبىئەت، جەمئىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزۈشى، ھاياتلىق، تەرەققىيات مەسىلىلىرىگە سەگەك مۇئامىلە قىلىشى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى سەكرەشتۇر. ھالبۇكى، غەربنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىسىغا يەنە كۆز يۇمۇشقا ئەسلا بولمايدىغان مەنىۋى مەسىلىلەر يوشۇرۇنغان. بۇ دەل پەنچىلىك ۋە ماددىچىلىققا زىيادە ئىنتىلىشتىن كەلگەن ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكتۇر.

ئېنىقكى، كىشىلەردىكى ئەخلاقسىزلىنىش ماددىيلىشىش، يۈكسەك دەرىجىدە پەنلىشىشكە ئىنتىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. ماددىيلىشىش- تاۋار مۇناسىۋەتلىرى ئاستىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىنى تاۋار دەپ قارىشى، ھەممىنى ماددا دەپ قارىشى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماددا بىلەن ماددا مۇناسىۋىتى دەپ چۈشىنىلىشى- يەنى ماددىيلىشىشى، قۇللىشىشى بولۇپ، بارلىق گۈزەل نەرسە تاۋار دەپ قارىلىدۇ ۋە تاۋار مۇناسىۋەتلىرىگە كىرىدۇ. زىيادە پەنلىشىش- ئىلمىيلىشىشمۇ ئادەم تەبىئىتىدىكى بارلىق ئىلاھىي ھېيقىشنى يوققا چىقىرىپ، ئەخلاقىي ۋاكۇئۇم پەيدا قىلىدۇ. دېمەككى، ماددىيلىق ۋە پەنلىشىش ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى قۇرغاقلاشتۇرۇپ ئۆزۈمچىل قىلىۋېتىدۇ. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىدىن يىراقلىشىشى — ياتلىشىشىدۇر. ئادەملەرنىڭ ياتلىشىشى ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تېگىشلىك بولغان روھىي شەكلىگە كىرىشى ئەمەس، ئەكسىچە، ئەسلىي روھىي شەكلىنىڭ غەيرىي نۇسخىدا ئۆزگەرگەنلىكى بولۇپ، ئەخلاقسىزلىنىش ئەنە شۇنداق ياتلىشىشنىڭ تۇغۇندىسىدۇر. يەنى ئۇ ماددىيلىشىش- ماددىغا قۇل بولۇش، پەنلىشىش — ئەقلىيلىككە باش ئۇرۇشنىڭ ئىپادىسىدۇر. مۇتەپەككۇرلار بۇنى بىر خىل روھىي قالايمىقانچىلىق دېيىشىدۇ.

غەربتە تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دىنىي ئېتىقادنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدىغان دەھرىي خاھىش كۆچىيىپ باردى. دەھرىيلىشىش ھەرىكىتىنىڭ باھانىسى ئەمەلىيەتتە «ماددىي تۇرمۇش ھەممە ئىنسان ماھىيىتىگە تەڭ» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىلاھىيلىق يوق قىلىندى. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېتىكا تۇرمۇشى ماددىي تۇرمۇشقا تەڭ بولدى ھەممە بۇنداق قىلىش «ئەقلىيلىك»، «پەننىي- ئىلمىيلىك»كە مۇۋاپىق بولدى. نەتىجىدە، ئادەملەرنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئىنتىلىشى يوقالدى. بولۇپمۇ ماددىي باياشاتچىلىق تەسىرىدە كىشىلەردە «بەخت= ماددىي مەنپەئەت» دەيدىغان ماددىي باياشاتچىلىق قارىشى ئەۋج ئالدى. ئەسلىدە ئادەم باي بولسىمۇ شۆھرەتپەرەسلىك قىلماسلىق، باتۇر بولسىمۇ يولسىزلىق قىلماسلىق، نامرات بولسىمۇ باشقىلارنىڭكىنى ئېلىۋالماسلىق قاتارلىق روھىي قىممەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاقىۋەتتە، كىشىلەردە مانا مۇشۇنداق بىر قىممەتلىك قىممەت قارىشى خەۋپى بارلىققا كەلدى. ئىلىم- پەن تەرەققىياتىنى ۋە ماددىي باياشاتلىقنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىش يۈزلىنىشى ئېغىر رەۋىشتە پەن خۇراپاتلىقىنى، ماددىچىلىق خاھىشىنى، مەنىۋى تۇرمۇشتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلدى. جەمئىيەتتە ئىشەنچسىزلىك، زوراۋانلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، روھىي چۈشكۈنلۈك — ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولدى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر قىسىم كىشى «دىنىي ئېتىقاد، دىنىي تۈزۈلمە ۋە دىنىنىڭ شەخس ۋە كوللېكتىپقا بولغان ئەخلاقىي يېتەكچىلىك رولىنىڭ يوقىلىشى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاخىرىدا ھۆكۈمەتسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»[18] دېيىشكەنىدى. ئەھۋال شۇنداق بولدى. بۇ ھەقتە شىۋىتسارىيىلىك دوكتور خ. ب. دانىش(H. B. Danesh): «گەرچە، غەربنىڭ تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ، ماددىي پاراۋانلىق بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، غەربلىكلەرنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى خىرە- خۇنۇك، زېرىكىشلىك بولدى. زوراۋانلىق ئەۋج ئالدى. تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ، تەبىئىيلىككە خىلاپ ئەھۋاللار كۆرۈلدى»[19] دەپ يازسا، ئارنولد سپرايگېر: «بىر تەرەپ ئەسەبىيلەرچە ھوقۇق تالاشتى، بىر تەرەپ ئاجىزلاشتى. بىر تەرەپ مەغرۇرلاندى، بىر تەرەپ چۈشكۈنلەشتى. مانا بۇ تەبىئەتتىن، جەمئىيەتتىن، پەرۋەردىگاردىن يىراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپت- بەشىرىسى ئىدى»[20] دەپ يازدى. ياپونىيە پەيلاسوپى مېي يۈەنمېڭ (梅原猛، 1995): «غەربنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئىككى چوڭ مەسىلىنى پەيدا قىلدى: بىرى، تەبىئەتكە بولغان بۇزغۇنچىلىق. زامانىۋى پەن- تېخنىكىنىڭ تەبىئەتكە بولغان بۇزغۇنچىلىقى يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيىتى دەۋرىدىن يۈزمىڭ ھەسسە، مىليون ھەسسە ئېشىپ كەتتى. يەنە بىرى، ئىنسان قەلبىنىڭ بىتچىتلىقى. ئادەملەر زامانىۋىلىشىش ئارقىسىدا ئارزۇغا ھامىلدار، ئارزۇنىڭ ئەسىرى بولدى. روھ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى»[21] دېسە، گېرمانىيە پەيلاسوپى نىچشې: «بىز پەرۋەردىگارنى ئۆلتۈردۇق. بىز ئۇنىڭ قاتىلى. قۇياش پېتىپ، كېچە يېتىپ كەلدى، كۆك خىرەلەشمەكتە. بىز چەكسىز قانائەتسىزلىك ئىچىدە خاتالاشتۇق. يەرشارى قۇياشتىن ئايرىلدى. بىز ئەڭ مۇستەھكەم يۆلەنچۈكىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق»[22] دەپ يازدى. يەھۇدىي مۇتەپەككۇرى ھېربېرت ماركوس(1898- 1979): «كېيىنكى كاپىتالىزم ئۇچۇن ئېيتقاندا، كىشىلەر پۈتۈنلەي تاۋار دۇنياسىنىڭ فېتىشىزمىغا — نەرسە ئېتىقادچىلىقىغا تاپشۇرۇلدى»[23] دېسە، گېرمان مۇتەپەككۇرى ئېرىخ فروم (1900- 1980): «بۈگۈن ئېتىقادنىڭ كەم بولۇشى ئادەملەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ كېتىشى ۋە ئۈمىدسىزلىكتە ئىپادىلەنمەكتە»[24] دېدى. فرانسىيە پەيلاسوپى سارترىي (1905- 1990): «بۇ، ئەمەلىيەتتە يېڭىچە بىر تەرەپلىمىلىك كەلتۈرگەن ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىكى خەۋپ بولۇپ، ئۇ دەل ئېتىقادنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېتەرسىزلىكىدىن باشلانغان»[25] دەپ خۇلاسىلىدى. بۇلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ھازىرغىچە ئارىدىكى دۇنيا رېئاللىقىنىڭ مۇتەپەككۇرلەر قەلىمىدىكى ئىنكاسلىرىدۇر.

پەنچىلىكنى مەركەز قىلغان غەرب جەمئىيىتىنىڭ مۇنداق ئەخلاق چۈشكۈنلىكىگە قارىتا، پەلسەپە ساھەسىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا غۇلغۇلا قوزغالغانىدى. ئەينى دەۋردە، ئالدى بىلەن پەن بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا قايتىدىن كۆزىتىش قىزغىنلىقى باشلانغانىدى. گېرمانىيە پەيلاسوپى ۋىلھېلم دىلزېي(1833 ـ 1911) تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئادىمىيەت ئىلىملىرى ئارىسىغا چېگرا بەلگىلەپ، روھىيەت ئىلىملىرى ئۈچۈن پەلسەپىۋى بىلىش نەزەرىيىسى ئاساسىنى تىكلەپ، پەلسەپىنىڭ ھەقىقىي دىققىتىنى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ئاغدۇردى. كېيىن يەنە نۇرغۇن پەيلاسوپنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن ئادىمىيەت ئىلمىنىڭ خاس ئۇسۇل نەزەرىيىلىرى بارلىققا كەلدى. ئېتىقاد مەسىلىسىنى ئاسان ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى 1948 ـ يىلى ب د ت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دا ئەكس ئەتتى. مەزكۇر خىتابنامىدا: «ھەرقانداق ئادەمدە ئىدىيە، ۋىجدان ۋە دىن ئەركىنلىكى ھوقۇقى بولىدۇ(بۇ، دىنى ياكى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەممە يالغۇز ياكى كوللېكتىپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدىكى ئەقىدە، ئەمەلىيەت، ئىبادەت ۋە ئىمىر ـ مەرۇپلار ئۇلارنىڭ دىن ياكى ئېتىقادىدىكى ئەركىنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ»[26]. «ئەر ـ ئاياللار ئىرق، دۆلەت ياكى دىنىنىڭ ھەرقانداق چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي نىكاھلىنىش ۋە ئائىلە قۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە»[27] دەپ كۆرسىتىلدى (بۇ مەزمۇن جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى). 1950 ـ يىللارغا كەلگەندە، گەرچە مېتافىزىكىغا قارىتا تەنقىدىي پوزىتسىيىلەر بولسىمۇ، كىشىلەر بارغانسېرى مېتافىزىكىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. پەنمۇ ئالەمنىڭ سىرىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلالايدۇ دەپ قارالمايدىغان بولدى. شۇنداق ئىزدىنىشلەر داۋامىدا، غەربتە ئىنسان تەبىئىتىگە يېقىنلاشقان ـ «گۇمانىتارلاشقان مائارىپ» ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەزارەتنىڭ ئورتاق ئامىللىرىنى دەرسنىڭ يادروسى قىلىدىغان «ئاملچىلىق مائارىپى» پىكىر ئېقىمى، قەدىمكى رىم ـ يۇنان مەدەنىيىتىنى قايتا نامايان قىلىش، ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى كلاسسىزم مائارىپ ئەنئەنىسىنى گۈللەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان «مەڭگۈچىلىك ( پېرېپىتۇئالىزم ) مائارىپى» پىكىر ئېقىمى، تەن بىلەن روھنى تەڭ ئورۇنغا قويىدىغان «يېڭى توماسىزم مائارىپى» پىكىر ئېقىمى، ئۆزلۈكنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى نىشان قىلىدىغان، ئەخلاقىي تەربىيىدە بىر تۇتاش ئۆلچەمنى، ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ سىنىپىيلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا پەن ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەمنى ئەركىن تاللىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئادىمىيەت ئىلىملىرىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان «مەۋجۇدىيەتچىلىك مائارىپى» پىكىر ئېقىمى قاتارلىق تۈرلۈك مائارىپ ئېقىمى شەكىللەندى. 1950 ـ يىللاردا پسىخولوگىيە تارىخىدىكى 3 ـ چوڭ بۇرۇلۇش ـ گۇمانىزم پسىخولوگىيىسى(人本主义心理学) ـ ئىنسان تەبىئىتى پسىخولوگىيىسى بارلىققا كەلدى. گۇمانىزم پسىخولوگلىرىنىڭ پۈتكۈل دىققىتى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق ئېچىش بولغانلىقتىن، ئۇلار ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قىزىشقىمۇ زېھىن ئاجراتتى. شۇنىڭ بىلەن گۇمانىزم پسىخولوگىيىسىنىڭ داۋامى بولغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھالقىما پسىخولوگىيە(超个人心理学, 超个体心理学, 超现实心理学) بارلىققا كەلدى. بۇ «ئالىي پسىخولوگىيە» ياكى «4 ـ پسىخولوگىيە» دەپ ئاتالدى. ئىنساننىڭ ھالقىما ئېھتىياجى مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىغا كىردى. غەرب ۋە باشقا بىرقىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر پېداگوگلىرىنىڭ قارىشىچە، دىن بىلەن مائارىپنى ئايرىشنىڭ روھىي ماھىيىتى دىنىي مائارىپنى ئىنكار قىلىش ئەمەس بەلكى مەكتەپلەردە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ مۇنازىرىسىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇلار بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، مەكتەپتە دىنىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

جۇڭگودا تۇغۇلۇپ، كېيىن ئامېرىكىدا ئىلمىي خىزمەتلەردە بولغان پەيلاسوپ، پەلسەپە تارىخچىسى پېڭ يۇلەن( 1895 ـ 1990) ئەپەندى 1947 ـ يىلى يازغان «جۇڭگو پەلسەپىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە:

*«دىن ئەمەلىيەت بىلەن نالاقىدار بولغان ئىجابىي ئۇچۇرلارنى تەمىن ئېتىدۇ. بىراق بۇ ئۇچۇرلار پەن تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، غەربتە دىن بىلەن پەننىڭ توقۇنۇشى ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. پەن بىر قەدەم ئىلگىرىلىسە، دىن بىر قەدەم چېكىنىۋاتىدۇ. دىننىڭ نوپۇزى پەننىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسى جەريانىدا ئىزچىل ئاجىزلاپ بېرىۋاتىدۇ. ئەنئەنىنى قوغدىغۇچى كىشىلەر بۇنىڭدىن ئەھۋالدىن ئېچىنىۋاتىدۇ. كۆپچىلىك دىندىن ئايرىلىشقا قىيايۋاتىدۇ. ئاقىۋەتتە، ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋاتىدۇ.*

*ئەگەر دىندىن باشقا تېخىمۇ ئالىي قىممەتكە يېتىشنىڭ چارىسى بولمىسا، بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭىنىڭ كۈنسېرى سۇسلىشىشى دەرۋەقە ئېچىنىشلىق ئىش. چۈنكى، كۆپچىلىك دىننى تاشلىۋەتسە، تېخىمۇ ئالىي قىممەتنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ. ئۇلار پەقەت رېئال دۇنياغا قاپسىلىپ، مەنىۋى دۇنيادىن يىراقلاشقان بولىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، دىندىن باشقا، پەلسەپە تېخىمۇ ئالىي بولغان قىممەتكە يەتكۈزەلەيدۇ. بەلكى، بۇ يول دىنغا قارىغاندا تېخىمۇ توزدۇر. چۈنكى، پەلسەپە ئارقىلىق تېخىمۇ ئالىي قىممەتلەرگە يېتىشتە، ئادەملەرنىڭ تەرەككۇردا بىر دائىرىنى چۈرگىلىشى، ھەرىكەتتە ئىبادەت ۋە مۇراسىم ئۆتكۈزۈشى ھاجەتسىز. ئادەمنىڭ پەلسەپە ئارقىلىق تېخىمۇ ئالىي قىممەتلەرگە يېتىشى دىن ئارقىلىق يەتكىنىگە قارىغاندا، مەزمۇن تېخىمۇ ساپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا پارچە ـ پۇرات تەسەۋۋۇر ۋە خۇراپات ئارىلاشمايدۇ .»[28]*

دەپ يازغانىدى. ئەمەلىيەت بۇ غايىنىڭ رېئاللىشىشىنىڭ ھەقىقەتەن تەسلىكىنى كۆرسەتتى. ھازىر كىشىلەرنىڭ بىلىم ساپاسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاشتى. كىشىلەر ئىلگىرى «پەرھىز تۇتۇش كېرەك» دەيدىغان روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىققا دائىر ھەرقانداق بىر مەسىلىگە تەبىئىي پەنلەردىن ئاساس تېپىش دەرىجىسىگە يەتتى. جۇڭگودىمۇ ئەخلاق ھەققىدە تەتقىقاتلار، توم ـ توم كىتابلار بار. ئەمما، جۇڭگودا يەنىلا ئىلىم ئىلىم يېتى، ھەرىكەت يەنە ئۆز يېتى قېلىۋەردى. كىشىلەر قەدىرلەش، كەمتەرلىك، راستچىللىق ـ سەممىيلىك، قەيسەر ـ تۈزلۈك، جاسارەت، قەتئىيلىك، باتۇرلۇق، قۇربان بېرىش، ھېسداشلىق، تەقدىم قىلىش، مەسئۇل بولۇش، پىداكارلىق، مەردلىك، ئۆزىنى چەكلەش، مېھرىبانلىق، كىچىك پېئىللىق، ئەدەب، كەڭ قورساقلىق، دوستانىلىك، ئەمگەكچانلىق، تېجەشچانلىق، ئىشەنچ ـ ئىناۋەت، ھۆرمەتلەش قاتارلىقلارنى مۇھىم ئەخلاق كۆرسەتكۈچى دەپ باشقىلارغا ۋەز ئېيتىشنى بىلىدىيۇ، ئەمما قەلبى ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن يىراقلاپ كەتتى. شۇڭىمۇ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جۇڭگو مائارىپ تەتقىقاتچىلىرىدىمۇ دىنغا، دىنىي مائارىپقا بەزى يېڭىچە قاراشلار پەيدا بولدى. بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ ئىلمى دوكتورى تەن چۈەنباۋ ئەپەندى: «دىن ھادىسىلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى سەۋەبىدىن، ... ماركس بىلەن ئېنگېلس دىنىي ئېتىقادتىكى بارلىق مەسىلە، بارلىق تەرەپنى ھەل قىلالمىغان». «بىرى، ئۇلار دىنغا قارىتا سىرتقى جەھەتتىن ـ جەمئىيەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئىچكى جەھەت(كىشىلىك ھايات) نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە سەل قارىغان. ئىككىنچىدىن، ئۇلار دىننى ماكرو جەھەتتىن كۆپ تەھلىل قىلغان. بىراق مىكرو جەھەتتىن تەھلىل قىلمىغان».

شۇڭا، «بىز ماتېرىيالىزم مەيدانىدا تۇرۇپ، ماركس- ئېنگېلسلارنىڭ دىن نەزەرىيەلىرىنىڭ چەكلىمىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمىسەك بولمايدۇ» [29] دەپ كۆرسەتتى. ئۆۋەتتە بۇنداق ئىزدىنىشلەر خېلىلا كۆپ.

دۇنيا ۋە جۇڭگودىكى يۇقىرىقىدەك ئىدىيۋى يۈرۈلۈشلارنى «ئەخلاقنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەش» دەپ ئاتىساق تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار. ئىنتايىن ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ روھ ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى بەكمۇ كېچىكىپ مۇكەممەللەشكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ روھنى قايتا تونۇشى، ئەخلاقنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەپ تېپىشقا تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىرچە ۋاقىت كەتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاۋامنىڭ روھ ھەققىدىكى قاراشلىرى «قېلىپتىن چىقىپ كەتتى». بۇ مەسىلە، ئالدىنقى بىر ئەۋلادنىڭ خۇدادىن يىراقلىشىشى كېيىنكى بىر ئەۋلادقا مەڭگۈلۈك مىراس قالدۇرغانلىقىنىڭ، يەنى، ئەجدادنىڭ ئېتىقادى يىگىلىسە ئەۋلاد ۋۇجۇدىدا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئاسانلىقچە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنىڭ دۇنياۋى ساۋىقى بولسا كېرەك.

## 5. رېئاللىققا يۈزلىنىش

*«ئىلىم- پەن كۈچلۈك قورالدۇر. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بەخت ياكى ئاپەت ئېلىپ كېلىشى ئادەملەرگە باغلىق.»*[30]

*- ئېينىشتېين*

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ مەنبەسى. شۇڭا، ئىنسانلار ئالدى بىلەن تەبىئەتنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك. تەبىئىي پەنلەر بىلىملىرى ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى تونۇشىغا، تەبىئەتكە- بارلىق مەۋجۇداتقا ماسلىشىشىغا، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا ئادەملەر تەبىئەت پەنلىرى بىلىملىرىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىلىم پەقەت تەبىئەت بىلىملىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى، سىياسىي قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىمۇ مۇھىم. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر يەنە روھ ھەققىدىكى بىلىملەر، ۋەھىي بىلىملىرى قاتارلىق ئادىمىيەت ئىلمى بىلىملىرى، ھەرىكەت- ماھارەت بىلىملىرى... نىمۇ بىلىشى كېرەك. ھازىر بىلىمنىڭ ئاممىۋىلىشىشى تېزلەشكەن دەۋر بولۇپ، تېبابەت بىلىملىرىنىڭ كېڭىيىشى بۇنىڭ مىسالىدۇر. بايىلىق يارىتىش جىسمانىي قۇۋۋەتكە تايىنىشتىن مېڭە قۇۋۋىتىگە تايىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، بىز «كەلگۈسىدىكى ئىمپېرىيە مېڭە ئىمپېرىيىسىدۇر» دېگەن يەكۈنگە ئىشەنمەي تۇرالمايمىز. ھازىر كىشىلەر بىلىمنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى، كارخانا، سىياسىي، دۆلەت ۋە پۈتكۈل يەرشارى خاراكتېرلىك كۈچ- قۇدرەت قۇرۇلمىلىرىنى ئۆزگەرتمۇاتقانلىقىنى، دۇنياۋى تەسىر كۈچىنىڭ زورلۇق كۈچى ۋە پۇلدىن بارا - بارا بىلىمگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىلگىرىكى زوراۋانلىق تەھدىتى قانۇنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىۋاتقان بۇنداق دەۋردە پەقەت بىلىمنىڭ يەنىلا يۇقىرى سۈپەتلىك ئىجتىمائىي قۇدرەتنىڭ ئاخىرقى مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئادام سىمىت(1723- 1790): «ئىلىم- پەن تەلۋىلىك ۋە خۇراپاتتىن خالاس قىلغۇچى ئۇنۇملۈك دورا» [31] دېگەنىكەن. ئەھۋال دەرۋەقە شۇنداق.

ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تۈركىي قوۋملار قاتارىدىكى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئازابلىق كەچۈرمىشى، جەمئىيىتىمىزدە بىلىم ۋە بىلىملىكلەرگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ سۇسلىقى، تۈرلۈك پىسخىك بېسىم، ئىقتىسادىي ئاڭنىڭ، تەربىيلىنىش ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، مەكتەپلەردە تەبىئىي پەنلەر ئوقۇتۇشىنىڭ تەييار قانۇنىيەتلەرنى قوبۇللىتىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلمىي مېتودلار، رىغبەتلەرنىڭ بولماسلىقى... قاتارلىق تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىزدە سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك بىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىكتىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. پەلسەپە دېسىڭىز ھەممەيلەننىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. ئېتىقادقا ياتىدىغان زور مەسىلىلەردىكى توغرا- خاتا چۈشەنچىلەرمۇ بىر ياققا قايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. كىشىلەردە سەنئەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە بولغان تونۇش يوقىلىپ، سەنئەت، توغرىراقى ناخشا- مۇزىكا گويا كەيپ- ساپا، ئەيش- ئىشرەت، چەكتىن ئاشقان جىمى شادلىقنىڭ «زاكوسكىسى»غا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى تۆتىنچى باسقۇچ بىلەن بەشىنچى باسقۇچ ئارىسىدىكى ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى كۆپلىگەن قوۋمغا ئورتاق بولغان ئەھۋال بولسىمۇ، بىزدە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. تەبىئەتنى چۈشىنىش دېگەنلىك، ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى تونۇش دېگەنلىكتۇر. تەبىئەتكە بويسۇنۇش دېگەنلىك، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئادەم پەقەت تەبىئەتنىڭ ياردەمچىسى ۋە شەرھچىسى بولۇپ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدىن ھالقىيالمايدۇ. شۇڭا، ئادەم زېھنىنىڭ رولى دەل تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى، شەيئىلەرنىڭ سەۋەبىيەتلىرىنى، شەيئىلەر ئارىسىدىكى سەۋەب- نەتىجىلىك باغلىنىشلارنى، ئۇنىڭدىكى مۇقەررەرلىكلەرنى، ھەرىكەت شەكىللىرىنى چۈشىنىشتۇر. بۇ يالغۇز ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەر بىر تىرىك جان ئىگىسى ئۈچۈن ۋىجدانىي قەرز بولۇشى كېرەك. بىز تېخىچە تەبىئىي پەنلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ رولىنى توغرا چۈشەنمىدۇق. جەمئىيىتىمىز كىشىلەردە شاتۇتسىمان خاراكتېر يېتىلدۈردى. شۇڭا، «بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى يەنىلا تەبىئىي پەن روھى»(ئەھمەتجان خوما: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006- يىل 5- سان)، «تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز» (داۋۇد ئوبۇلقاسىم: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006- يىل 5- سان)، «بىز قانداقلارچە ‹ناخشا- ئۇسسۇل مىللىتى› دەپ ئاتىلىپ قالدۇق»(يالقۇن روزى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006- يىل 5- سان) قاتارلىق ماقالىلار بۈگۈنكىدەك ئەقلىي دەۋردىمۇ كىشىلىرىمىزنىڭ خۇددى بىلىمەي يۈرۈشكە قارىتا تولىمۇ جايىدا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدۇر.

ئەمما يەنە قەيت قىلىش كېرەككى، غەرب ئەللىرىدە ئەينى دەۋردە كىشىلەر پەن بىلەن ئېتىقادنى بىر- بىرىگە قارشى قويغان بولسا، بىزدە پەن تەرەققىياتى بىلەن سەنئەتنى بىر- بىرىگە تۈپتىن قارشى قويىدىغان، سەنئەتنى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تولۇق ئىنكار قىلىدىغان قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنداق مۇھاكىمىلەر بەزىدە ئۇيغۇرنىڭ بارلىق نەرسىسىنى كەمسىتىشكىچە باردى. يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ئىمزالىق ماقالىدا ئاپتورنىڭ قارىشىچە: نېمەڭ بار؟ دېگەن كىشىگە سەنئىتىمىزنى، ناخشا- ئۇسسۇللىرىمىزنى، مۇقاملىرىمىزنى، كۆمۈلۈپ ياتقان يەر بايلىقلىرىمىزنى، تارىم، يورۇڭقاش دەريالىرىنى، تەكلىماكان قۇملۇقىنى، ھەرقايسى شەھەرلىرىمىزنى، مېۋە- چېۋىلەرنى، قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى، يىپەك رەختلىرىمىزنى، گىلەملىرىمىزنى، ھېيتگاھ جامەسىنى، تۇرپان مۇنارىنى، ھەرقايسى شەھەر خارابىلىرىنى، كروران گۈزىلىنى، ئىككى قامۇس(«قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»)نى دېمەكچى. — مەسئۇل مۇھەررىردىن) نى دەپ بەرسەك نومۇسلۇق ئىش بولىدىكەن. چۈنكى، بىز ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدىغان ھېيتگاھ جامەسى، تۇرپان مۇنارى... بىلەن پىسا يانتۇ مۇنارى ياكى ئېففىل تۆمۈر مۇنارى ئارىسىدا زور تېخنىكا ۋە ئەقلىي مۆلۈك (؟- ئا) پەرقى بار ئىكەن. بىزنىڭ ھەر بىر نەرسىمىزدىن، ھەر بىر مىراسىمىزدىن ئاددىيلىق، ئاجىزلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلارغا قاراپ بىرەر ئىلمىي نەرسىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەسكەن. بىز پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىدىغان تارىم دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى، سايرام كۆلى، باغراش كۆلى قاتارلىق دەريا ۋە كۆللىرىمىز جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

نەزەرىدە بىر تامچە سۇدىنلا ئىبارەت ئىكەن. دۇنيادا سۈيى بۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئۇلۇغ، نەچچە ھەسسە چوڭ كۆل ـ دەريالار ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەن. بىز باشقىلارنىڭ ئالدىدا تەكلىماكان قۇملۇقىنى تىلغا ئالساق، ئۇلار سەھرايى كەبىر قۇملۇقى ۋە ۋىكتورىيە قۇملۇقىنى تىلغا ئېلىپلا بىزنى شوك قىلىپ قويالايدىكەن. يېرىمىزنىڭ كەڭلىكىمۇ پەخىرلىنىشكە ئەرزىمەيدىكەن. چۈنكى، تەرەققىيات زېمىننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدە ئەمەسكەن. بىز يەر بايلىقىمىزنى ئاچىدىغان تېخنىكىغا ئىگە بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىنمۇ پەخىرلىنىشىمىز ئورۇنسىز ئىكەن. بىزنىڭ مېۋىلىرىمىزدىن باغداد، ئىران، پاكىستاننىڭ مېۋىلىرى ياخشى ئىكەن.

ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇقاملار خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئورۇن، يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئىناۋەتنى بېرەلمەيدىكەن. بىزنىڭ سازلىرىمىز يۈزگە يەتسىمۇ، دۇنيانىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولماسمىش. چۈنكى، باشقىلارنىڭ سازلىرى ئاللىقاچان خەلقئارا ئۆلچەمگە ئايلىنىپ بوپتۇمىش. ئەمدى ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىكەن. باشقىلار بىر يىل ياكى بەش يىلدا بارلىققا كەلتۈرگەن سەنئەت مېۋىسى ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل دۇنياغا يامرايدىكەن. ئۇلارنىڭ سەنئىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى دەل ئۇلارنىڭ قولىدا ئالدىنقى قاتاردىكى مەدەنىيەتنىڭ بولغانلىقىدا ئىكەن. بىزدە ئىلغار مەدەنىيەت بولمىغاچقا، غېجەك ياكى تەمبۇرلىرىمىز ئىسكرىپكا ياكى پىئانىنونىڭ ئورنىنى ئالالماپتۇ. بۇ بىر داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىگە ئوخشايدىكەن. ئېرپلاندىيە پۈت ئۇسسۇلىلا بىزنىڭ مۇقاملىرىمىز ياراتقان بارلىق قىممەتنى بېسىپ چۈشەلەيدىكەن.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بىزدە سەنئەتچى، يازغۇچى، ماھارەت چولپانلىرىنى سۆيۈش بەك ئېشىپ كېتىپتۇ. جىنس رېكورتى پەقەت ئىنساننىڭ ھەر ئىشنىڭ يۇقىرى چېكىگە جەڭ ئېلان قىلىش ئىپادىسىگە ياكى دۇنيادا ئىسمىنىڭ ئالدىغا «دۇنيادىكى ئەڭ» دەپ نام قويۇلغان نەرسىگە بېرىلگەن قۇرۇق ئاتاقتىنلا ئىبارەت ئىكەن. ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي قىممىتى يوق ئىكەن. ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈش دېگەننى قارا كۈچى بار ھەرقانداق ئادەم قىلالايدىكەن. دار ئۈستىدە ماڭغان كىچىك بالىدىن ھەيران قېلىشىمىز، پولات ئارقان ئۈستىدە نەچچە كۈن تۇرغان كىشىلەرگە قايىل بولۇشىمىز، مۇقام ـ مەشرەپلەرنى تەشكىللىشىمىز ئەخمەقلىق بولىدىكەن؛ پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىلا بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ روھىغا ۋەكىللىك قىلالايدىكەن. پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ كەملىكىدىن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدا كۆڭۈلدىكىدەك ياخشىلىنىش بولماپتۇ.

مەن ماقالىنى ئوقۇپ، كۆڭلۈمدە ئاپتورنىڭ مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋەزنى خېلىلا ئېغىر بىر تېمىدا كۈچەپ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتتىم. ئەمما ئاپتورنىڭ ئۆزىنى، ئۆز ئەجدادلىرىنى، ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۈك مىراسلىرىنى كەمسىتىشتە ئىشلەتكەن غەلىتە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئاغرىندىم. قارىغاندا، ئاپتورىمىز تۇرمۇشتا تېخى خېلىلا خام بىر كىشى بولسا كېرەك. ئاپتورنىڭ قاراشلىرىنى باھالاشنى يەنىلا كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرىمەن. ئەمما، مەن بۇ يەردە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆز ئۆيۈڭ ياخشى»!!! سەنئىتىمىز، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز، مۇقاملىرىمىز بىزنىڭ! ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى بار! بۇ زېمىن بىزنىڭ! ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەۋەررۈك ئىزى بار! يەر بايلىقلىرىمىز بىزنىڭ! بىزنىڭ ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش ھوقۇقىمىز بار! دەريالىرىمىز، كۆللىرىمىز بىزنىڭ! تۇپرىقىمىزنى كۆكەرتكەن، جىسمىمىزنى نەمدىگەن ئۇلۇغ سۇ شۇنىڭدىن كەلگەن! قۇملۇقلىرىمىز بىزنىڭ! ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇمغا كۆمۈلگەن قىممەتلىك خارابىلىرى بار! شەھەرلىرىمىز بىزنىڭ! ئۇنى ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان! مېۋە ـ چېۋىلىرىمىز، قول ـ ھۈنەر بۇيۇملىرىمىز، يىپەك رەختلىرىمىز، گىلەملىرىمىز بىزنىڭ! ئۇنىڭغا بىزنىڭ خەلقىمىز مېھنەت قىلغان! ھېيتگاھ جامەسى، تۇرپان مۇنارى، شەھەر خارابىلىرى بىزنىڭ! ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىلىم ـ تېخنىكىسى، ئېتىقاد ـ ئىنتىلىشى سىڭگەن! كروران گۈزىلى، ئىككى قامۇس... ھەممە، ھەممىسى بىزنىڭ! بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ ئىسپاتى!!!.. خەلقىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر پەرزەنتى ئالدى بىلەن بۇلاردىن شەرەپ بىلەن پەخىرلىنىشكە ھوقۇقلۇق! ھەرقانداق بىراۋنىڭ ئۇنى يۇقىرىقىدەك كەمسىتىشكە ھەققى يوق!!! بىزگە ئىنكارچىلىقنى بايراق قىلغان ـ سەنئەتنى تولۇق ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن تەبىئىي پەنلەر روھىلا ئەمەس (ئەمەلىيەتتە بۇ مۇمكىن ئەمەس)، رېئاللىقنى چىقىش قىلىدىغان، بارلىق ئىلمگە، ئىنساننىڭ جىمى پائالىيىتىگە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئىلىم ـ پەن روھى كېرەك!!! خاس ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزنى ئالساق، مەن كىچىك ۋاقتىمدا چوڭلارنىڭ «خاپىغان بوپقالغان ئادەمنى سۇ بويىغا ئاچىقىپ تەمبۇر چېلىپ بەرسە ساقىيىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغاندىم. ھازىر ئېچكىرى ئۆلكىلەردە مەخسۇس مۇزىكىلىق داۋالاش مەركەزلىرى بار ئىكەن. مۇشۇ ئىلىم بويىچە يېتىشكەن تەتقىقاتچى ئالىملار ھەم داۋالاش بىلەن ھەم تۇرلۇك كۇرس ئېچىپ ئىلىم تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. بىزدە تېخى مۇزىكىلىك داۋالاش ئەمەس، پسىخىكىلىق داۋالاش دېگەن بىر ئومۇمىي ئۇقۇممۇ تولۇق شەكىللەنمىدى. بىزدىمۇ شۇنداق مەركەزلەر بولسا، ئوخشىمىغان بىمارلارغا ئوخشىمىغان ناخشىلارنى قويۇپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا، بۇ چاغدا بەلكىم ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىگە بولغان تونۇشىمىز ئېشىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر مۇقاملىرى، خەلق ناخشىلىرى، ئىجادىي ناخشىلار يېتۈك سەنئەتتۇر. مۇقاملاردىكى ئىلاھنى «يار»لاشتۇرۇپ ئېيتىلغان ئىلتىجالار، شېئىر بىلەن مۇزىكىدىكى ھېسسىيات بىردەكلىكى ئۇنىڭ ھەققىي سەنئەتلىكىنى، خەلقىمىزنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ. كۆپلىگەن ئىجادىي ناخشىدا ئېسىل مەزمۇن، ساپ ھېسسىيات، چوڭقۇر پەلسەپە بار. ئۇنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تېگىشلىك رولى بار.

دار ئۈستىدە ماڭغان كىچىك بالىدىن ھەيران قېلىشىمىز، پولات ئارقان ئۈستىدە نەچچە كۈن تۇرغان كىشىلەرگە قايىل بولۇشىمىز، مۇقام ـ مەشرەپلەرنى تەشكىللىشىمىز ئەخمەقلىق سانالسا، ئۇنداقتا مۇشۇ ئويۇنلارنى باھالاش مەركىزى بولغان جىنىس كومىتېتى، ئۇنىڭدىكى شەخسلەر، مۇقاملارنى قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن خەلقئارا تەشكىلاتلار، بۇنىڭغا مەبلەغ سالغان دۆلەت تەشكىلاتلىرى... ھەممىسى ئەخمەقمۇ؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسنى ئەخمەقلىق سانساق، بۇ بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەنلىكمۇ ـ قانداق؟

ئىنچىكىلەپ قارىساق، ئىلىم ـ پەندىكى بەزى بايقاشلارمۇ ئەخمەقلىقتەك بىلىنىدۇ. مەسىلەن: ماگېللان يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى؛ كوپېرنىك «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى قايتا دەلىللىدى؛ كېپلېر يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى «يۇلتۇزلارنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىش يولى ـ ئوربىتىسى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى ئوخشاش بولمايدۇ. قۇياشقا قانچە يېقىن بولسا ھەرىكىتى شۇنچە تېز بولىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ بىر قېتىم ئايلىنىش ۋاقتىنىڭ كۋادراتى بىلەن يۇلتۇزدىن قۇياشقىچە بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىق ـ مۇساپىنىڭ كۇبى ـ ئۈچىنچى دەرىجىسى ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ» دەپ يەكۈنلىدى؛ گالىلېي ساما يولىنىڭ ئەسلىدە سانسىزلىغان تۇرغۇن يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقانلىقى، ئاي شارىدىمۇ يەر شارىغا ئوخشاش تۈزلەڭ ۋە ئېگىز ـ پەس تاغ تىزمىلىرىنىڭ بارلىقىنى، يۇپىتېر ئەتراپىدىكى تۆت يۇلتۇزنىڭ ئۇنى

چۈرۈپ ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقىدى؛ نيۇتون ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى، ئاق رەڭلىك نۇرنىڭ ھەرخىل رەڭدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى بايقىدى. دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرالنى يەكۈنلىدى. بۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زادى قانچىلىك ئالاقىسى بار؟ قارىماققا بۇلارمۇ مەنىسىز بىلىنىدۇ. ئەمما، كىم بۇلارنى ئارتۇقچە بايقاشلار، ئەخمىقانە قىلمىش دېيەلەيدۇ؟ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قارىساق، پۇت توپىنى ۋارتاغا كىرگۈزۈش، گار توپىنى چەمبەردىن ئۆتكۈزۈش... دېگەنلەر بەزىلەر ئۈچۈن ئاجايىپ مەنىسىز، ئەرزىمەس بىر ئىش تۇيۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى، توپنى ئۇنداق تالىشىپ يۈرگىچە، قىزىققان ئادەم ماگىزىندىن بىرنى ئېلىپلا ئۆزى يالغۇز ئوينىسىمۇ بولىدۇ- دە؟ بىراق، ئىش ئۇنچە ئاددىي ئەمەس. بىز شەيئىلەرگە يەكۈن چىقىرىشتا كۆپ تەرەپتىن ئويلىنىشىمىز كېرەك. مىللەتنى تونۇتۇش، ئىقتىسادىي نەپ نۇقتىسىدىن ئالغاندا، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈش، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى پىيادە بېسىش، دار ئۈستىدە نەچچە كۈنلەپ تۇرۇش... دېگەنلەر غەلىتە ئىش. ئەمما، ئۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن مەنىۋى قىممەت بار. بىز نەق پەملىگەن «چوت»لارمۇ كېيىنچىرەك قولغا كېلىشى مۇمكىن . بىرلا مىسال ئالسام، ئادىل ھوشۇر ئەپەندى سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى پەقەت رايون ئىچىدىكى مەھەللىۋى ماھارەت سانىلاتتى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىمۇ دۇنيادا ئەمەس، جۇڭگودىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇ بۈگۈنكىدەك دارۋازلىق مەكتىپى قۇرالمىغان بولاتتى. ھازىرقى تەرەققىيات بويىچە قارىساق، كەلگۈسىدە ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدە ئۈمىد بار. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئاساس قىلغان ناخشا- مۇزىكا سەنئىتىمىزمۇ نۇرغۇن تەتقىقاتچىغا مەنبە بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇيغۇردىن باشقا مىللەتلەردىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى بويىچە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق بويىچە دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ چىققانلار 240 نەپەردىن ئاشىدىكەن. ئۇيغۇر مۇقاملىرىمۇ دۇنياغا چوقۇم يۈزلىنەلەيدۇ. ئۇ چاغدا، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈممۇ ئەلۋەتتە ئۆسىدۇ. دەرۋەقە، بىزدە بەزى ئورۇنسىز ماھارەت چولپانلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ يەنىلا ئايرىم ئەھۋالدۇر. بىز سەنئەتكە، ناخشا- ئۇسسۇلغا زىيادە ھېرىسمەنلىكنى چۈشكۈنلۈك دەپ ئىشەنسەك، ئالدى بىلەن سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىزگە ئالىملارمۇ كېرەك. كومپوزىتور، ناخشىچىلارمۇ كېرەك. يازغۇچى- شائىرلارمۇ كېرەك. ھۈنەرۋەن، دېھقانلارمۇ كېرەك... ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا رولى بار. بەزىدە تېخى يازغۇچى- شائىرلار ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ كەتكىنىمۇ يوق. ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، بىر قىسىم گىگانت يازغۇچىلىرىمىز كاتتا بايلاردىن بوپقالغان بولاتتى. شۇڭا، ئىلىم- پەن روھىمىزنىڭ كەملىكىنى ئۇلارنىڭ كۆپلىكىگە دۆڭگەپمۇ قويمايلى. ئۇيغۇر ئۈچۈن باتۇر روزى، مۇرات ناسىرلارنىڭ ئۆلۈمى ئوخشاشلا يوقىتىشتۇر. نۆۋەتتە مەدەنىيەت- سەنئەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە كەلگۈسشۇناسلار «كۆرۈش مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىغان كىنو، تېلېۋىزىيە، ۋىدېئو ۋە DVDلار يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەدرىجىي يوقىتىۋاتىدۇ. رومان قىزغىنلىقى تولۇق يوقالمىغان بولسىمۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە سۇسلىشىۋاتىدۇ. بىزدىمۇ بۇ خىل ھال ھامان كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مۇزىكا سەنئىتىگە ھامان تەرەققىيات بوشلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ. فوتو ئاپپارات تەتقىق قىلىنىپ يېڭى ياسالغاندا، كىشىلەر رەسساملارنىڭ كېرەكسىز بوپقالىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە سۈرەت تارتىش، كۆپەيتىپ بېسىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئىلغارلىشىپ بېرىشىغا قارىماي، نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بازىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، قىممىتى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. زاۋۇتلارنىڭ كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئىشلەش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بەسلىشىپ، قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ بېرىۋاتىدۇ. ئىنسان بولسىلا، سەنئەت دەرىخى مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، كىشىلەر ئىلىم- پەننى بىردىنبىر مەركەز قىلىپ ياشىسا، مەنىۋى ئېچىرقاشقا مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يېنىمچە تەلۋىلىك ۋە خۇراپات- پەن تەلۋىلىكى ۋە پەن خۇراپاتلىقى كۆكلەيدۇ. كىشىلەر يەنە ئۆزىنى ئىپادىلەش، شادلىق تېپىش ئۈچۈن سەنئەتكە ئېھتىياجلىق. ئاتوم ئېنېرگىيىسى، ئالەم قاتنىشى كەبى يۇقىرى، نازۇك تېخنىكىلار ھەرقايسى ئەل- قوۋملار ئارىسىدىكى پىسخىك توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىۋاتقان، ئايرىم كىشىلەر پەن- تېخنىكىنىڭ ھەيۋىتىدىن قايمۇقۇش، تەمتىرەشكە باشلىغان بۇ دەۋردە كىشىلەر ھالقىما ئاڭلار ئارقىلىق ئۆزىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئۇلار ساغلام ئېتىقادقا ئېھتىياجلىق. كىشىلەر يەنە ئۆزلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، توغرا تەپەككۇر ئادىتى شەكىللەندۈرۈشى، توغرا نىشانى بايقىشى ئۈچۈن ئىلمىي پەلسەپىگە ئېھتىياجلىق. دېمەك، ئىنسان ھەقىقىي ئىنسانلىق سالاھىيىتى بىلەن پەقەت تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت بىلىملىرىنىلا مەركەز قىلىپ ياشىمايدۇ. ئۇلار يەنە مەنىۋى دۇنياغا، توغرا دۇنيا قاراشقا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىلىم، سەنئەت، ئېتىقاد، پەلسەپە ئىنسان ھاياتىدىكى «ئالتۇن تۆتبۇلۇڭ»دۇر.

خوش، مۇئەللىپ بىر تەرەپتىن تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن سەنئەتنىڭ «دېپى»نى چېلىپ، قەستەن سۆز ئويۇنى قىلماقچىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىز سەنئەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بىر تۈرى بولغان ناخشا- مۇزىكىنى ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلساق، يېڭىچە چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىمىز.

ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، سەنئەت ئىنساننىڭ تەبىئىيلىكىدۇر. بىرىنچىدىن، سۆيگۈ- مۇھەببەت ئىنسانلاردىكى مۇھىم خاسلىق بولۇپ، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا مۇھەببەتتىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنى ئىپادىلەشنىڭ نۇرغۇن شەكلىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قۇرۇلۇشلار، كىيىملەر، زىننەت بۇيۇملىرىدىكى گۈزەل شەكىللەر، نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى رەڭ، ھېسسىياتلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. شېئىرغا ئوخشاشلا، مۇزىكىمۇ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنىڭ دائىمىي ۋاستىسى بولۇپ، دەپنە مۇراسىمىدىكى ھەسرەتلىك ماتەم مۇزىكىلىرىدىن توي مۇراسىمىدىكى شادلىق مۇزىكىلىرىغىچە ھەممىسى ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا مۇھەببەتنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كۈچلۈك قورالدۇر. مەكتەپ ناخشىسى، دۆلەت شېئىرى، مەدھىيە ناخشىلىرى بىزنىڭ مەكتەپ ۋە دوستلارغا، ۋەتەنگە ۋە يەنە ئاللىقانداق ئوبيېكتلارغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئىپادىلەشتىكى شەكىلدۇر. ئىككىنچىدىن، ئىنسانلار ماھارەت- تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، كىتاب ئوقۇش، تېلېۋىزور كۆرۈش، ئۆزئارا زىيارەت قىلىش، پاراڭلىشىش قاتارلىق بەزى پائالىيەتلەرگە ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. قارىماققا، بۇلارنىڭ بىئولوگىيىلىك مەنىدىكى مەۋجۇدلۇق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ماھىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ شادلىق ئىزدىشىدۇر. شادلىق ئىزدەش ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر تەبىئىيلىكى- خاسلىقى بولۇپ، تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى، توي مۇراسىمى، دىنىي تىلاۋەت مۇراسىمى قاتارلىق دائىملىق مۇراسىملاردىن باشقا، كىشىلەر يەنە باھار كەلگەندە، ئۇرۇشتا نۇسرەت قازانغاندا، زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئالغاندا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكەن. مۇراسىملار ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشمۇ ئاشۇ

مۇراسىملارنىڭ جانلىق تەركىبىي قىسىملىرى بوپقالغان. دەرۋەقە، كۆپىنچە مۇراسىمدا مۇزىكا بولىدۇ. سەنئەت بىر خىل ئىجادىي شادلىق بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرگە شادلىق ئاتا قىلغان. مۇزىكىدا، ئادەملەرنىڭ ئاۋازنى باشقۇرۇشى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىشى مۇزىكا ئورۇنداش پائالىيىتىنىڭ يىلتىزىدۇر. يۇمۇر خۇشاللىقنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە شەكلىدۇر. كۆپلىگەن مۇزىكىدا ئادەمنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرىدىغان تەركىبلەر بولغان. ئۈچىنچىدىن، بەلگىلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارى ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم خاسلىقى بولۇپ، بۇ جەھەتتىن تىل ئىپادىسى ئەڭ گەۋدىلىكتۇر. بىراق، بۇنىڭغا تىللا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە ماتېماتىكىلىق بەلگىلەر، كومپيۇتېر تىلى، بەدەن تىلى ۋە سەنئەت قاتارلىقلار بار. چاچ شەكلى، تەن تۇرقى، كىيىمى قاتارلىقلارمۇ شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ خاسلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بىراق، باشقىلىرى يەنىلا سەنئەتتەك مۇكەممەل ئەمەس. چۈنكى، كىشىلەر كۆرۈش، ئاڭلاش، تېتىش، پۇراش، تۇتۇش قاتارلىق تەرەپلەردە تۇيغۇ مۇھىتىدىكى مەشغۇلات، كەچۈرمىش، كونترول قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ بىر مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپىنى ياراتقان. تۆتىنچىدىن، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ روھقا باغلانغانلىقىدۇر. ئۆزىدىن ھالقىغان كۈچ ـ قۇدرەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئىنسانلارنىڭ ئومۇملاشقان ئېھتىياجى بولۇپ، بۇ خىل ئېھتىياج ئىنسان تەبىئىتىگە چوڭقۇر تامغىلارنى باسقان. مۇزىكا تىلدىكى چەكلىمىلەردىن ھالقىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشكە باب كەلگەن ھەمدە دىن بىلەن مۇزىكا ھەر ئىككىسى چوڭقۇر ئىچكى تۇيغۇنى ئىپادىلىگەچكە، مۇزىكا دىنىي تىلاۋەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بوپقالغان. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلاردا ئومۇمەن دىنىي ئېتىقادنى مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئومۇملاشقان رېئاللىقى بوپقالغان. بەشىنچىدىن، تېخنىكا كەشپىياتى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى. سەنئەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئوتتۇرىسىدا قاتلاملىق مۇناسىۋەت بار. ۋەھىملىك ئىشلار ھەققىدە ئىزدىنىش، ئوبيېكتىپلار، كۆزقاراشلار، سەزگۈ ماتېرىياللىرىنى تەجرىبە قىلىش ئىنسانلاردىكى تەبىئىي قىزىقىشتۇر. ئىنسانلاردىكى ئىجادىيەت ئىقتىدارى مۇشۇنداق ئىزدىنىش ئىنتىلىشلىرىدىن تۇغۇلغان. ئىنسانلار قوراللارنى ياسىغاندا نەزەرىنى ئۇنىڭ قوللىنىشچانلىقىدىن باشقا يەنە سەنئەتلىك لايىھىسىگە قاراتقان. مېتاللۇرگىيە تېخنىكىسى، كەپشەرلەش ـ پايانلاش تېخنىكىسى، ساپالچىلىق قاتارلىق ئۈچ چوڭ تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىزدىنىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئالتىنچىدىن، بىلىم ئىزدەش ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر تەبىئىيلىكىدۇر. ئادەم بارلىق سەزگۈ ئەزاسىغا تايىنىپ بىلىم ئىزدەيدۇ. ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق ئۆگىنىش شۇلارنىڭ بىرى. كىشىلەر بالىلار ناخشىلىرى، دىنىي مۇزىكىلار، خەلق مۇزىكىلىرى، ئاممىباب مۇزىكىلار، تاۋارلاشقان مۇزىكا (ئېلان سەنئىتى مۇزىكىلىرى) دىن كۆپ نەرسىنى بىلەلەيدۇ. ناخشا ئوقۇش ئارقىلىق ئېلىپبە جەدۋىلىنى ئۆگىنەلەيدۇ. مۇزىكا ئارقىلىق چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ، ئۆزىنى بىلەلەيدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدىنەلەيدۇ. يەتتىنچىدىن، ئىنسانلار يالغۇز بەدەنگە، ئىجتىمائىيلىققا، ئەقلىيلىككە، ھېسسىيلىققا، دىنىيلىققا ئىگە مەۋجۇدلۇق بولۇپلا قالماي، يەنە گۈزەللىككە ئىگە. گۈزەللىك ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئىجادىي ئىزدىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ئەلۋەتتە كۆپ. ئاۋاز، رەسىم ۋە سىن، ھەرىكەت قاتارلىقلاردىن تەركىبلەنگەن سەنئەت ئىنسانلارغا ئۆزلىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر بىلىشنى، سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىش جەريانىدىكى شادلىقنى بېرىدۇ. سەككىزىنچىدىن، ھەمكارلىشىش ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللار ھەمكارلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. سەنئەت مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدە مۇھىم رول ئالغان بولۇپ، ئوخشىمىغان زامان، ماكاندىكى ئىجتىمائىي توپلارنى ئۇلارنىڭ سەنئىتى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. سەنئەت تەمسىلىگەن دۇنيانى تونۇش ۋە ھېسسىياتتىكى كەچۈرمىش شەكلى باشقا ھەرقانداق شەكىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سەنئەت كەچۈرمىشىدىن ئېرىشىلگەن نەرسىلەرنى تىل ئارقىلىق تەھلىل ـ مۇلاھىزە قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ. بىراق، تىل بۇنداق كەچۈرمىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى: «نەغمە ـ ناۋا جانلىق مىللەت، ئوتلۇق قەلبنىڭ مېلودىك تىنىقى. ئۇ، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەفسۇنكار مەدەنىيەت»[32] دەپ توغرا ئېيتقان. بىر مىللەتنىڭ سەنئەت تەپەككۇرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نورمال مۇزىكا ئائىلىلەردە كىشىلەرنىڭ ئۇخلىشىغا، بالىلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ جانلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. نورمال ئاۋازدىكى مۇزىكىلىق ئويۇنچۇقلار بالىلارنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىنى غىدىقلاپ، دىققىتىنى يىغىشىغا ياردەم بېرىدۇ. كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرىدۇ؛ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ شادلىقىنى كۈچەيتىدۇ؛ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ زېرىكىشىنى كېمەيتىدۇ؛ سودا سورۇنلىرىدا خېرىدارلارنى جەلپ قىلغىلى، كۆرۈرمەنلەر ئارقىلىق زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ؛ ئارمىيە سېپىدە كىشىلەرنى باتۇرلۇققا ئۈندەيدۇ؛ سىياسىي سەھنىلەردە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىدۇ؛ سەھىيە ساھەسىدە مۇزىكىلىق داۋالاش ئارقىلىق پسىخىك توسالغۇلارنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللار بىر مىللەتكە نىسبەتەن يەنە ئۇيۇشتۇرۇش، مىللىي ئۆزلۈكنى ھېس قىلدۇرۇش رولىغىمۇ ئىگە.

بىراق، ئۇنىڭ زىيىنى يوقمۇ ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا زىيادە بېرىلىش ۋاقت ئىسراپچىلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەمنى مەسىلىلەرگە جىددىي قارىمايدىغان، ئىككىتايىن ـ لىگتاسما، زىيادە ھېسسىياتچان قىلىۋېتىدۇ. مۇزىكىنىڭ بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى باشقىچىرەك بولۇپ، 1968 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا، تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنىڭ بالىلارنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان تەسىر دەرىجىسى كۆرسىتىلگەن. تەتقىقاتقا قاتناشقان 1000 بالىدىن 90%ى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى رىياسەتچىلەرگە ناھايىتى ياخشى تەسىراتى بارلىقىنى ئېيتقان. بۇ بالىلارنىڭ نەزەرىدە، بۇ رىياسەتچىلەر ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىدىنمۇ بەكرەك چۈشەنگەن. بۇ رىياسەتچىلەر بالىلار نۇقتىسىدا تۇرۇپ سۆزلىگەن. ئەمەلىيەتتە، رىياسەتچىلەرنىڭ خىزمەت مەقسىتى ئاڭلىغۇچىلارنى تەربىيىلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى خۇش قىلىپ، نومۇرلىرىنىڭ كۆرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە سودا جەھەتتىكى پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ يەنە 1982 ـ يىلى ئېنىقلىشىچە، تاۋار مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرى تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ چوڭ بولىدىكەن. كىشىلەرنىڭ مىڭىسىدە ئېلان مۇزىكىلىرى بىلەن تاۋارلار تەڭ لەيلەپ، ئاشۇ تەسىرگە ئاساسەن نەرسە سېتىۋالىدىكەن. 1987 ـ يىلى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى يەنە بىر تەتقىقاتچى تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ئادەمنى خۇمار قىلىپ قويىدۇ دەپ قارىغان. بىر قىسىم تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى مەستانىلىرى بۇنداق مۇزىكىلارنى ئاڭلىماي قانچە ئۇزۇن

بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى سىناپ باققان. ئۇلار ئۇچ كۈننىمۇ ئۆتكۈزەلمىگەن. ئۇلاردا زەھەرگە خۇمار بولغاندەك ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. 1989 ـ يىلى ئامېرىكا مېدىتسىنا جەمئىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدە كومىتېتى «ياشلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇزىكىسى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتى ئېلان قىلغان. كومىتېت زور مىقداردىكى ئىسپات بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەن بولۇش، تويدىن بۇرۇنقى جىنسىي ھەرىكەت، زەھەر چېكىش ۋە مەدەنىيەتسىز ـ ياۋايى قىلىقلار قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىنىڭ تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى، بولۇپمۇ ئېغىر مېتاللارنىڭ ئورۇنلىشى ئۇسلۇبىدىكى مۇزىكىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن. شۇ يىلى يەنە «كارنېگ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر تەرەققىياتى» كومىتېتى بىر دوكلاتتا مۇزىكىدىكى زوراۋانلىق تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ زوراۋانلىق خاھىشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى كۆرسەتكەن. ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرى، ئىجتىمائىي بېسىم ۋە باشقا كۆپلىگەن تەرەپ ياشلىق دەۋرىدىكى بالىلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇلار مۇزىكىنىڭ تەسىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيادە مۇزىكا مەستانىلىرى ۋە دوستلار بىلەن بىللە ئۆتكەن ۋاقىت بالىلارغا ئالاھىدە تەسىرلىك بولىدۇ. مۇزىكا مەستانىلىرىدا ئومۇمەن مەكتەپتىن قاچىدىغان ئادەت بولىدۇ. بۇمۇ بالىلارغا يامان تەسىر ئەكېلىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا «قارا يەكشەنبە» ناملىق مۇزىكىدا چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، 150دىن ئارتۇق ئاڭلىغۇچى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، بۇ مۇزىكىنىڭ چەكلەنگەنلىكى مەلۇم.

ئۇنداقتا زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بىزنىڭ بارلىق ناخشىچىنى ناخشا ئوقۇشتىن، كومپوزىتورلارنى مۇزىكا ئىشلەشتىن، بارلىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى ناخشا ـ مۇزىكا، سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇشتىن چەكلەش ھوقۇقىمىز يوق. كىشىلەرنىڭ سەنئەتكە بولغان ئامراقلىقىنىمۇ بىرەر سېھىر بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇراش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى بىزگە ئېشىپ قالغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چىقىش يولى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى، ئادەملەردىكى تۈرلۈك ئىنتىلىش خاس «تۇپراق» ئىزدەيدۇ. ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتلەرنى بېرەلمىسە، بۇنداق ئىنتىلىشلەر بارا ـ بارا سولىشىشقا باشلايدۇ. يەھۇدىيلاردىكى ئۆز ئېتىقادىغا بولغان چەكسىز سادىقلىق ئۇلارنى ئەسلىي زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ، چېچىلىپ كېتىشكە مۇھىم سەۋەب بولغان. بىراق، ئۇلار كۆپىنچە ياۋروپا ئەللىرىدە ياشىغاچقا، بىر قەدەر دېموكراتىك بولغان سىياسىي مۇھىت، ئىلىم مۇھىتىدىن بەھىر ئېلىپ ئۆزىگە خاس بولغان ئىقتىساد روھى، ئىلىم روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي نىشانىغا يېتەلىدى. ئەسلىي زېمىندا توپلىشىپ ياشىغان مەركىزىي ئاسىيادىكى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارام بولغان تۈركىي قوۋملاردا بولسا، ھاكىم قوۋمنىڭ ئىدىيىسىدىكى بىلىمنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان چەكسىز ئاڭ نوپۇزدارلىقى، شەخسكە خۇراپىيلارچە چوقۇندۇرۇش خاھىشى، سىياسىي تۈزۈمدىكى خەلقنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، ئىجادىي كۈچى، ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ قويىدىغان مەنىۋى بويۇنتۇرۇقلار ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى بىلىمخۇمارلىقنى مەجبۇرىي رەۋىشتە يىگىلىتىۋەتكەن. ئەمدى ئۆزىمىزگە كەلسەك: بىزدە ئەڭ ئاۋۋال كۈندىلىك ئىشلىرىمىزدىن ھۆكۈمەتنىڭ قارارلىرىغىچە، بالىلارنىڭ ئاددىي ئىشلىرىدىن ئورگاندىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغىچە بىلىمنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەت قىلىدىغان، باشقىلارنى بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىلمىي، دېموكراتىك روھ بولۇشى كېرەك. كىشىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا نوپۇزنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ ئەمەس، ئاقىلانە پرىنسىپ، قانۇن روھى بويىچە لوگىكىلىق پىكىر قىلالايدىغان مەنىۋى مۇھىت بولۇشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە، ناھايىتى ئۇزاق جەرياندا رېئاللىشىدىغان گۈزەل ئۇتوپىيىدۇر.

ئىككىنچى، ئىلىم ـ پەن تەتقىقات ئورگانلىرى قۇرۇلۇشى، ئىلىم تەتقىقاتىغا، ئىلىم مېتودىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى، رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكى بارلىق چولپانلىرىمىز خەلقىمىز بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك. بىزدە ئىلىم ـ پەن تەتقىقات ئورگانلىرى تولىمۇ كەم. ھەرساھە تەتقىقات خادىملىرى كەمچىل، بارلىرىمۇ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ياشاش خاھىشى قىلغان. ئىلىم تەتقىقاتى يۆنىلىشىگە نىسبەتەن ئېچىۋېتىلگەن ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكى يوق دېيەرلىك. تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىكى چولپانلىرىمىز نۆۋەتتە تەشۋىقاتنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى چۈشىنىشى بەكمۇ تۆۋەن.

ئۈچىنچى، مائارىپىمىزدا ھېلىمۇ كونا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ھەزارىتىدىكى ئېغىر رەۋىشتىكى دەرىجىلىك مۇناسىۋەت قارىشى، توتالىزم (چوڭ ئومۇمىيلىق ـ پۈتۈنلۈكچىلىك) قارىشى، چەكتىن ئاشقان «سىياسىي مەركەز»لىك قارىشى مەۋجۇد، تەجرىبە روھى تولىمۇ كەم. مەسىلىلەرگە بىر لىنىيىلىك جاۋاب تېپىش ئاساسىي يۆنىلىش بوپقالغان. بىز ھېلىمۇ قىممەتلىك ۋاقىتنى تېخىمۇ مەنىلىك ھاياتلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلماي، ئۆيىنى يۆتكەشنىڭ ئەكسىچە تاغنى يۆتكەپ، پۈتكۈل ئەۋلادىنى قارىغۇلارچە ئىرادىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرماقچى بولغان ئەخمەق بوۋاي(يۈگۇڭ)نى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي مەسلىھەت بەرگەن سۇ ئاقىل(جىسۇ)نى تەنقىد قىلىمىز. يۈگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى ئەمەلىيەتتە تەبىئەتكە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ تەبىئىي پەنلەر ئوقۇتۇشىمىزدا مەسىلىلەر ھەققەتەنمۇ ئېغىر. شۇڭا، يۇقىرىقىدەك باش نىشان ئاستىدا، مەكتەپلەردە بىر تەرەپتىن تەبىئىي پەنلەر ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تەخىرسىزلىك قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇتۇش مېتودىنى ئىلمىيلاشتۇرۇپ، تەبىئىي پەنلەر ئوقۇتۇشىدىكى سۈپەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى ياكى ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن چىڭ تۇتماسلىق كېرەك دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ھەممىنى ئورتاق تۇتۇش كېرەك، ئەلۋەتتە.

تۆتىنچى، ئىمكانىيەتلىك ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ «ھارام» ـ چۈشكۈن، سېرىق ناخشا ـ مۇزىكىلاردىن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ تەرەپ ئاتا ـ ئانىلاردىن زور سەزگۈرلۈك ۋە ۋاقىت بەدىلى تەلەپ قىلىدۇ.

بەشىنچى، سەنئەت، بولۇپمۇ ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. ئۈن ـ سىن نەشرىياتلىرى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرى، سەنئەت

www.uyghurkitap.com

ئۆمەكلىرى ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى، ساپلىق ـ ساغلاملىق ئۆلچىمىنى چىڭ تۇتۇپ، شالغۇتلىشىش ـ مىللىيەتلىكتىن چەتنەش ھادىسىسىنى چەكلەش كېرەك.

ئالتىنچى، مۇزىكا مائارىپىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ ئەڭ مۇھىم تەرەپتۇر. دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىدا مۇزىكا دەرسى بار. بۇ مۇزىكا تەربىيىسىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھەققىدىكى ئېتراپتىن كەلگەن. مۇزىكا تەربىيىسى «مۇزىكا ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش» ۋە «مۇزىكا ماھارىتى يېتىلدۈرۈش» دېگەن ئىككى چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسى مۇزىكا ئارقىلىق ئادەمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، كېيىنكىسى سەنئەت ماھارىتىنى تەكىتلەيدۇ. گېرمانىيىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىر قاتارلىق ئۈچ خىل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن مۇزىكا مائارىپى ئىدىيىسى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مۇزىكا ئەڭ ئالىي تەربىيە ۋاستىسى، دۆلەتنى شەكىللەندۈرۈش ۋاستىسى دەپ قارالغان ۋە مەخسۇس مۇزىكا پېداگوگىكىسى شەكىللەنگەن. شېئىرلارنى ئەركىن ئوقۇش، كلاسسىك مۇزىكىلار ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرىنى ئاڭلاش، ئورۇنداش، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى مەشىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىر قاتارلىق رىتىمدار ھەرىكەتلىك سەنئەت ئومۇمىي تەربىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ناتسىستلار ھۆكۈمىتى بۇ خىل قاراشتىن قالايمىقان پايدىلانغان. 60 ـ، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ خىل قاراش «كۆپ خىل گۈزەللىك تەربىيىسى»، «ئۇنىۋېرسال مۇزىكا تەربىيىسى»گە تەرەققىي قىلغان. ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇھىت مۇزىكىسى ۋە مۇزىكىلىق داۋالاشلارغا بولغان دىققەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلىپ، مۇزىكا تەربىيىسىنىڭ رولىغا قايتىدىن قاراپ چىقىلدى. ئىلگىرىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئەخلاق روھى يېتىلدۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان مەقسەت، «گۈزەل تۇيغۇلاردىن ھۇزۇرلىنىش»قا بۇرالدى. بۇ، مۇزىكا تەربىيىسىنىڭ رولىغا قارىتا چوڭ بايقاش شۇنداقلا چوڭ بۇرۇلۇشتۇر.

ئىنسانلارنىڭ بەدىنى، زېھنى، ئەخلاقى ۋە گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق ھەر خىل ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئىقتىدارى تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولىدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى يۇقىرىراق، بەزىلىرى تۆۋەنرەك بولۇپ، مۇبادا بۇلارنىڭ بىرىگە سەل قاراپ ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەملىك سالاھىيىتىدە يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئادەم تەربىيىلەشنىڭ مۇشكۈللۈكى ئەنە شۇ يەردە. ساغلام خاراكتېرگە ئىگە ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان ئىلىم تەربىيىسىنىڭ ماھىيىتى ئادەمنىڭ مۇكەممەل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر. ئىلىم تەربىيىسىنىڭ بىرى بولغان مۇزىكا دەرسى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كونكرېت ھەسسە قوشۇشى كېرەك. ئاساس مائارىپ باسقۇچىدىكى مۇزىكا تەربىيىسى ھەر خىل مۇزىكىلىق كەچۈرمىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ مۇزىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى رېئاللاشتۇرۇش جەريانى دەپ قارىلىشى، بالىلاردا مۇزىكا بىلىمى ۋە مۇزىكىغا بولغان توغرا پسىخىك پوزىتسىيە بولۇش نىشان قىلىنىشى كېرەك. مۇزىكىنىڭ خاراكتېر شەكىللەندۈرۈشتىكى رولى ئىلىملەر ئارا باغلىنىش نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك. مۇزىكا دەرسى باشقا پەنلەر دەرسلىرىگە ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىسى، چۈشىنىشى ۋە بىلىمىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى، ئۇ ئەسلىدىكى ئالاھىدە ئۆگىتىش ـ مەشىق قىلدۇرۇش، تېخنىكا ـ ماھارەت يېتىلدۈرۈشتەك تار دائىرىگە قاپسىلىپ قالماسلىقى كېرەك. ئەپسۇسكى، بىزدە مۇزىكا دەرسىنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش بولمىغانلىقى ئۈستىگە، باشلانغۇچ مەكتەپلەرلا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ يېتەرلىك مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە ئەمەس. بۇ ھەل قىلىش قىيىن بىر مەسىلە.

خۇلاسە كالام: بىز بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغان قوۋمنىڭ مەيلى تارىختا ياكى بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن ساغلام تەرەققىياتقا ئېرىشكىنىنى بىلمەيمىز. بۇ يەكۈنىمىزنىڭ كەلگۈسىدىمۇ كۆچكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ھەم ئىشىنىمىز. دۇنيادا تۆرلۈك ـ تۈمەن شەيئى بولىدۇ. بۇ شەيئىلەر ئۆز رولىنى مەڭگۈ «تۈز» رەۋىشتە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. سىياسىي دەل مۇشۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغۇچى قاراۋۇلدۇر. كەلگۈسىدە ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكىدا ھازىرقىدىن كۆپ تەرەققىي تېپىشى بەرھەق. ئالىملارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، كېيىنكى ئەللىك يىلدا ئىنسانلار كومپيۇتېرنىڭ ياردىمىدە ھايۋانلار بىلەن ئالاقىلىشەلەيدىكەن؛ تاشقى پىلانېتادىكى ھاياتلىقنى بايقىيالايدىكەن؛ ئادەم بەدىنىگە ئەزا كۆچۈرۈش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىدىكەن؛ كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزىراپ، 2056 ـ يىلغا بارغاندا تۇنجى يۈز ياشلىق ئەۋلاد بارلىققا كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى ھازىرقى 60 ياشلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئوخشاش بولىدىكەن. ئەقلىي ماشىنا ئادەملەر بارلىققا كېلىدىكەن. شۇنداق چوڭ تەرەققىياتلار بارلىققا كەلسىمۇ، ئادەملەر بىر تۈز سىزىق لىنىيىسى بويىچە ـ پەقەت پەننى مەركەز قىلىپ ياشىمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ياشىسا، ئۇلار پەننى قانداق ئىشلىتىش، نېمىگە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت نىشان مەسىلىسىدە قايمۇقۇپ، پەننى ناھايىتى ئوڭايلا باشقىلار ئۈچۈن ھالاكەت شەمشىرىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار يەنىلا مەنىۋى دۇنياغا موھتاج بولىدۇ. ئېتىقاد، پەلسەپە، سەنئەت بۇنداق مەنىۋى دۇنياغا ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم يول بوپقالىدۇ. ھازىر «تەنتەربىيە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداۋاتىدۇ» دەپ قارىلىدىكەن. بىزنىڭ سەنئىتىمىزمۇ كەلگۈسىدە شۇنداق بىر مەنىلەرگە يېقىنلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بىلىم، ئېتىقاد، پەلسەپە، سەنئەت مۇناسىۋەتلىرىگە يەنىلا ئەقلىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

بىز بۈگۈن تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بىلىم جەمئىيىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. ئۆزىمىزمۇ شۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ گىرۋىكىگە يېقىنلاپ بېرىۋاتقاندىمىز. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ زور ئورۇنۇشلىرى ۋە بەدەللىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ئورغۇن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ۋە ئۆزىگە يارىشا ھەل قىلغان. تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلە «سىيرىغا بۈگۈن، موزايىغا ئەتە» ھامان كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جەريانلىرى بۈگۈن تەرەققىي تاپمىغان قوۋملار ئۈچۈن كاتتا تەجرىبە ـ ساۋاقتۇر. بۇنداق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئەلۋەتتە زور تىرىشچانلىق، ئالاھىدە نەزەر، كەڭ سەھىپە تەلەپ قىلىدىغان چوڭ تېما ئىدى. بۇ يازما مۇئەللىپنىڭ كىچىككىنە ئورۇنۇشىدۇر، خالاس.

2007 ـ يىل 12 ـ ئاۋغۇست، پوسكام ـ گۈلباغ

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] جاڭ شيۈڭ: «ئىقتىساد پەلسەپىسى: تارىخ پەلسەپىسىدىن ئىقتىساد پەلسەپىسىگە ئاتلاش»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى2002- يىل خەنزۇچە نەشرى6-، 7- بەتلەردىكى نەقىل.

[2]،[3] چېن ۋېنۇۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «دۇنيانىڭ يەن تارىخىنى تېز ئوقۇش»، بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007- يىل خەنزۇچە نەشرى 129- بەتتىكى نەقىل.

[4] دەي يېنبو باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ تارىخى»(1- قىسىم)، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1989- يىل خەنزۇچە نەشرى 1994- يىل 10- باسمىسى 169- بەت.

[5] لى مېي: «ھوقۇق ۋە ئادالەت- كانت سىياسىي پەلسەپىسىنىڭ تەتقىقاتى»، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى 28-، 31- بەتلەر.

[6] «چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرى»(3- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 68 - ،69- بەتلەر.

[7] چېن ۋېنۇۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «دۇنيانىڭ يەن تارىخىنى تېز ئوقۇش»، بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007- يىل خەنزۇچە نەشرى 173- بەتتىكى نەقىل.

[8] دەي يېنبو باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ تارىخى»(1- قىسىم)، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1989- يىل خەنزۇچە نەشرى 1994- يىل 10- باسمىسى 201-، 202- بەتلەر.

[9] ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997-يىل 5-سان؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى 232- بەتتىكى نەقىل.

[10] بېرنارد لېۋىس(ئەنگلىيە): «تارىختىكى ئەرەبلەر»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2006- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 292- بەت.

[11] خاملتون. ئا. گىببى(ئامېرىكا): «ئەرەب ئەدەبىياتى(قىسقىچە تارىخى)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 160- بەت.

[12] ئەسەد سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىل نەشرى 215-، 216- بەتلەر.

[13] ل. س. ستاۋرىينوس(ئامېرىكا): «يەر شارى ئومۇمىي تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005- يىل خەنزۇچە نەشرى 355- بەت.

[14] ياڭ جېننىڭ: «ياڭ جېننىڭنىڭ ئىلىم- پەن، مائارىپقا دائىر ماقالىلىرىدىن تاللانما»، نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001- يىل خەنزۇچە نەشرى 420- بەت.

[15] ئابدۇرېھىم دۆلەت: «يۇلتۇزلىرىمىز قايەردە؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 1-سان؛ «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى 53- بەت.

[16] ئەسەد سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىل نەشرى 359- بەتتىكى نەقىل.

[17] تەن چۈەنباۋ: «ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 27- بەت.

[18] سەيمېل خانتىگتون(ئامېرىكا): «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 148- بەتتىكى نەقىل.

[19] ۋاڭ كۈنچىڭ: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى 94- بەتتىكى نەقىل.

[20] تەن چۈەنباۋ: «ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 28- بەت.

[21] چى ۋېنبو : «گۇمانىزم پسىخولوگىيىسى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003- يىل خەنزۇچە نەشرى 19- بەت.

[22] تەن چۈەنباۋ: «ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 27- بەتتىكى نەقىل.

[23] گاۋ چۈنمېي: «ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئېچىش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى2001- يىل خەنزۇچە نەشرى 83- بەتتىكى نەقىل.

[24]، [25] تەن چۈەنباۋ: «ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 27- بەتتىكى نەقىل.

[26] ،[27] شېكسپىر (ئەنگلىيە)، جېففېرسون(ئامېرىكا): «ھاملېت، مۇستەقىللىق خىتابنامىسى، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ناملىق توپلام، جىڭخۇا نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى8-، 9- بەتلەر.

[28] پىلى يۈلەن(ئامېرىكا): «جۇڭگو پەلسەپىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «يېڭى ئەسىر» نەشرىياتى 2004- يىل خەنزۇچە نەشرى 6- بەت.

[29] تەن چۈەنباۋ: «ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 42- بەت.

[30] چېن ۋېنۇۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «دۇنيانىڭ يەن تارىخىنى تېز ئوقۇش»، بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007- يىل خەنزۇچە نەشرى 171- بەتتىكى نەقىل.

[31] داۋىد. گ. مايېرس (ئامېرىكا. David. G. Myers): «جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى»، خەلق پوچتا- تېلېگرافى نەشرىياتى 2006- يىل خەنزۇچە نەشرى 423- بەتتىكى نەقىل.

[32] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993- يىل 1- سان؛ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىل نەشرى 83- بەت.

---

ئاپتور: مائارىپ ۋە ئىجتىمائىيەت بويىچە يېتىلىۋاتقان ياش تەتقىقاتچى، پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى(M1)

**ماقالىنى بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى (تەكلىپلىك)**

# سودا مەدەنىيتى

ئىمىن تۇرسۇن



سودا مەدەنىيتى ئومۇمىي مەدەنىيەتنىڭ ھادىسىلەر بويىچە پەرقلىنىدىغان بىر تۈرىدۇر. سودا مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خاس بىر ئۇسلۇبى بار. بۇ ئۇسلۇب ئاساسەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ پائالىيەت پرىنسىپلىرىغا باغلىق ھالدا تۈسلىنىپ تۇرىدۇ. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ پرىنسىپلىرى ئاساسەن پايدا- مەنپەئەت، ھايان ئالماق، زىياندىن خالىي بولماق، سودا ــ ئالماق- ساتماق؛ تىجارەت ــ ئالماشتۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانماق دېمەكتۇر. ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەبچىدىن ئېلىنغان سودا سۆزىگە مەنداش «سېتىق» سۆزى قوشۇلۇپ، سودا- سېتىق دېگەن جۈپ سۆز قوللىنىلغان.

سودا- سېتىقنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق زاماندىن باشلانغان. يەنى ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا نەرسە ئالماشتۇرۇش بىلەن باغلىق «سودا» پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئىشلەپچىقىرىش بارغانسىرى مۇرەككەپلىشىپ ئىككىنچى قېتىمقى ئىش تەقسىماتى كېلىپ چىققان، يەنى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىققان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىككى چوڭ تارمىقى ــ دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىر- بىرىدىن ئايرىلىش نەتىجىسىدە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم ۋاستە بولغان بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش- تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋۇجۇدقا كەلگەن.

سودىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى- مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش- تېگىشىش، يەنى ئۆزىدىن ئېشىنغان مەھسۇلاتنى ئۆزىدە كەم بولغان مەھسۇلاتقا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئىدى. ئىنسانلاردا مۇنداق مال ئالماشتۇرۇشتا قىممەت چۈشەنچىسى پەيدا بولغان. سودىنىڭ بۇ شەكلى دەسلەپتە ئۇرۇق- جەمەتلەر ئارا، قاچان زۆرۈر تېپىلغاندا شۇ چاغدا كۆرۈلگەن. مۇشۇنداق سودا ئالاقىسى بارا- بارا قويۇقلىشىپ، ئىنسانلارنىڭ سودا پائالىيىتى مەلۇم مۇددەتتە، بەلگىلىك ئورۇندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن سودا پائالىيەتلىرى قەبىلىلەر ئارا كېڭىيىپ، بالدۇر ئايدا بىر قېتىم بولسا، بارا- بارا ھەپتىدە بىر ئۆتكۈزۈلگەن. جەمئىيەتتە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنىدۇرمە شەكلى راۋاجلىنىپ، ئارىدا ۋاستىچىلەر پەيدا بولغان. بۇلار پەقەت ئالماق- ساتماقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان دەسلەپكى سودىگەرلەر ئىدى. نوقۇل سودا قىلغۇچىلار بىر ئورۇندىلا ئەمەس، قەبىلىلەر ئارا يۈرۈپ- قاتناپ مال ئالماشتۇرغۇچىلارغا ئايلاندى. دېھقانچىلىق رەسمىي شەكىللىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇنتىزىم تۈرىگە ئايلانغاندىن كېيىن، تۇرالغۇ پونكىتلىرى- ئوبالار پەيدا بولۇپ، ئوبالاردىن مەركەزلەشكەن سوزاقلار- ئولتۇراقلاشقان ئاھالە پونكىتلىرىدە ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنىدە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن بىللە مال ئالماشتۇرىدىغان ۋاستىچىلەر (دەسلەپكى سودىگەرلەر)؛ سوزاقلار ئارا قاتناپ سودا قىلغۇچىلار- چار بازارچىلار مەيدانغا كەلگەن. چار بازارچىلىق ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان. قاتناش ۋاستىلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان زامانلاردا، چار

سودا مەدەنىيتى

بازارچىلار سوزاقلارغا مال يەتكۈزۈپ بېرىپ سوزاق ئاھالىلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. لېكىن چار بازارچىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ تاكى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلگەن شارائىتتىمۇ داۋام قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تار دائىرىدىكى ناتۇرال ئىگىلىك چەمبىرىكىدىن چەتنەپ كېتەلمىگەن.

ئال ـ سات راۋاجلىنىپ ئىقتىسادىي ھاياتتا مالنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرىدىغان مالغا تەڭداش ۋاستە ـ «پۇل» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، تەڭ قىممەتتە مالغا مال ئالماشتۇرۇشنىڭ ئورنىدا، مالنىڭ قىممىتى پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ پۇلغا ئېلىپ سېتىش سودىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن. پۇل (ئاقچا) ياۋروپادا تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گرېتسىيە (يۇنان) دە پەيدا بولغان. بۇ كۆپىنچە مېتال (مەدەن) دىن قۇيۇلغان تەڭگە پۇل ئىدى. دەسلەپ كۈمۈش، نىكېل ئاندىن مىس، ئالتۇندىن قۇيۇلىدىغان بولغان. جۇڭگودا جۇ دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9 ـ ئەسىردە) پۇل پەيدا بولغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چەك (پېربۇوت چېكى) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە گرېتسىيەدە پەيدا بولغانىكەن. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلار «چەك»نى ئەڭ بالدۇر ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېزىشىچە: «قامدۇ ـ بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا ـ سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن».

ئال ـ سات كەسپى پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا قائىدە ـ يوسۇنلىرىمۇ پەيدا بولغان. كىشىلەر ئېتىراپ قىلغان قائىدە ـ يوسۇنلار بەلگىلىك ئاغزاكى نىزام خاراكتېرىنى ئالغان. سودىدا بەلگىلىك نىزاملارغا رىئايە قىلىش «سودا مەدەنىيىتى» ياكى «سودا ئەخلاقى» ھېسابلانغان. ئال ـ سات كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇئامىلىدە نەپ ـ مەنپەئەتنى كۆزلەپ ھەرخىل ۋاستە قوللىنىدۇ. مەسىلەن، مال ئالغاندا مالنى كەمستىش، ساتقاندا مالنى ماختاش، ئالغاندا باھاسىنى چۈشۈرۈش، ساتقاندا ئاشۇرۇش دېگەندەك. بۇ ھال سودىگەرلەردە «پۇل پۇلنى تاپىدۇ»، «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە»، «دوست دوستلۇقى بىلەن، ھېساب دۇرۇسلۇقى بىلەن» دېگەندەك قاراش ـ چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق سودىگەرچىلىك «پەلسەپىسى»نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، سودىگەرلەردە تەۋەككۇلچىلىك، ئاشۇرمىچىلىق، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، كۆز بويامچىلىق، ماختانچاقلىق دېگەندەك ئىللەتلەر پەيدا بولغان. تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قاراملىق قوشكېزەك، ئالدامچىلىق بىلەن يالغانچىلىق ھەمنەپەس، ئاشۇرمىچىلىق بىلەن ھاكاۋۇرلۇق ئۈلپەت بولۇپ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ تۇرىدۇ. مۇنداق سەلبىي ھالەتلەرنىڭ كاساپىتىدىن ئال ـ ساتقۇچىلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، بىر ـ بىرىنى پەللەش، ھەتتا مۇئامىلىدە ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىمۇ يۈز قارىماسلىق ۋە شۇنىڭدەك سودا ئەخلاقىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر كېلىپ چىققان. شۇڭىمۇ، بازاردا ئىنساپ بولمايدۇ، نەپ ـ مەنپەئەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. نەپ ئىنساپنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئىنساپسىز ئادەم نەپنى دەپ سودا ئەخلاقى بىلەن كارى بولمايدۇ.

دەرۋەقە، سودىگەرچىلىك پۈتۈن بىر كەسپىي ساھە سۈپىتىدە مەلۇم مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى بار: بىرى ئىجابىي، بىرى سەلبىي. بۇ ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ھەم بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىجابىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ «ساتقىچىلار بىلەن قاتنىلاشقىنىڭ بايانىدا» ناملىق 58 ـ بابىدا سودا ۋە سودا ئەھلى توغرىلىق توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئاۋۇن تەزگىنۇرلەر تەرىلگۇ تىلەپ،
ئۇگى ـ كۆڭلى پۈترۈ بايانقا ئۇلاپ.
(سودىگەرلەر تېرىكچىلىك تىلەپ جاھان كېزىدۇ، پۈتۈن ئەقلى ـ دىلىنى خۇداغا تاپشۇرىدۇ.)

ئۇلاردا بولۇر بۇ ئاۋۇن ئارزۇسى،
بۇدۇن كۆركى ئۇدرۇم تالۇ ئەدگۇسى.
(ئۇلاردا بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇسى بىلەن خەلقنىڭ كۆركەملىكى ۋە سەرخىل ـ جېسى ياخشىلىقلار تولا.)

تۇغاردىن باتارغا يۈرۈپ تەزگىنۇر،
تىلەمىش تىلەكىڭ ساڭا كەلتۈرۈر.
(كۈن چىقىشتىن پېتىشقا يۈرۈپ ئايلىنىدۇ، نېمىنى تىلىسەڭ شۇنى كەلتۈرىدۇ.)

بۇلار ئول ئاۋۇندا كۆر ئات ئەلتكۈچى،
ئەسىز ئەزگۇ ئەرسە ئانى يادغۇچى.
(شۇلاردۇر جاھانغا ئېتىگىنى يايغۇچى ھەم ياخشى ـ يامانىنىمۇ تارقاتقۇچى.)
مۇتەپەككۇر شائىر يەنە ئۇلارنىڭ بەزى يامان قىلىقلىرىنىمۇ ئەسلەتكەن:
ئاسىغ باستا بىنچەك بولۇر قىلىقلارى،
قاتىلسا مۇنى كەد كۈدەزىپ بۇرى.
(ئۇلارنىڭ پايدا ـ زىياننى ئىنچىكىلەپ، زىغىرلاپ ھېسابلايدىغان قىلىقلىرى بولىدۇ، ئۇلارغا ئارىلاشساڭ ئەشۇ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان قىلىقلىرىنى ئەزمەدە تۇت.)

قەدىمدىن تارتىپ سودىگەرلەر جاھان كېزىپ، يۇرت ئارىلاپ ئەللەر ئارا ئىقتىسادىي ئالاقە باغلىغۇچىلاردۇر. شۇنىڭدەك كەزگەن ـ كۆرگەن شەھەر ـ يۇرت ۋە خەلقلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى يەتكۈزگۈچىلەردۇر.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى خۇلاسىلاپ يازغان پەلسەپىۋى ئەسىرى «مەھبۇبۇلقۇلۇب»(كۆڭۈلنىڭ سۆيگىنى)نىڭ 26 ـ پەسلى «تۇججار ئەھلى زىكرى»دە، تىجارەت ئەھلى ۋە شەھەر سودىگەرلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئەتراپلىق بايان قىلغان: «تىجارەتچىلەر ساياھەتكە خۇمار، مەملىكەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار، ئاجايىپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگۈچىلەر ۋە غارايىبلاردىن سۆز قىلغۇچىلاردۇر. تاغ ـ دالا، يېزا ـ قىرلارغا كارۋان سۈرگۈچى؛ دەريالارنىڭ دولقۇنلىرىدا ئۈزۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ، پايدا ھەم زىيان

www.uyghurkitap.com

كۆرگۈچى؛ ھالال ئۇقەت ئۈچۈن سەپەر قىلغۇچى؛ جەمئىيەتكە ئاشكارا تىلەك بىلدۈرۈپ، باتىنىدا پەرىشانلىق يەتكۈزگۈچى». شائىر يۇقىرىقىدەك ئىبارىلەر بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى سۆپەتلەيدۇ ۋە يەنە: «بىرنى يۈز قىلىشنى كۆڭلىدە پۈكمەك»، «بۆزنى كاتان(تاۋار) قىلىپ كۆرسەتمەك» دەپ، يەنە «شەھەردە ئېلىپ- ساتقۇچىلار زىكرىدە» دېگەن 27 - بەسلىدە: «شەھەر سودىگىرى ئالدامچى كىشى، ئۆزىگە نەپ- پايدا، مۇسۇلمانلارغا زىيان كۆزلەيدۇ. ئەلگە زىياندۇر ئۇنىڭ سودى (تاپقان پايدىسى)، ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىش ئۇنىڭ مەقسىتى. ئالۇردا كاتاننى بۆز دەپ، ساتاردا بۆزنى ماختاپ كاتان(تاۋار)دىن ئارتۇق دەپ سۆزلەپ، شالنى قالتىس ياخشى ئاشلىق ئورنىدا ئۆتكۈزۈشكە ھەرگىز تەخىر قىلمايدۇ. بورىنى زەرباب (زەردىن توقۇلغان رەخت) دەپ كۆرسىتىپ سېتىۋالماق بولسا، ھەرگىز تەقسىر (كەملىك) قىلمايدۇ. دۇكىنىدا بارچە مال- تاۋار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىنساپ قىلمايدۇ ۋە نائىنساپلىقتىن ھېچقانداق مال كەم بولماي، ھەممە مال بولسا دەپ ئاچ كۆزلۈك قىلىدۇ» دەپ كەمچىلىكلىرىنىمۇ ئېنىق ئېيتىدۇ.

نەۋائىي ئۆز نۆۋىتىدە سودىگەرلەرنى ئەدەبكە، ئىنساپقا چاقىرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلغان ۋە پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بەرگەن: «بۇ كىشىلەر پۈتۈنلەي پايدىنىلا كۆزلىمەي، پۇل- ماللىرىنى سەپەرگىلا سەرپ قىلىۋەرمىسۇن؛ ئۆزىنىڭ ھەشەمىتى ئۈچۈن خادىم ۋە تۇغقانلىرىغا جاپا سالمىسۇن؛ نامراتلارنىمۇ خۇش قىلىپ تۇرسۇن؛ پۇقرانىڭ ھەققىنى يەۋالمىسۇن؛ زاكاتنى بوينىدا قالدۇرمىسۇن؛ ماللىرىنى تامغا (باج) دىن ئوغرىلاپ ئۆزىگە خورلۇق يەتكۈزمىسۇن. ۋارىسلىرىغا قالدۇرىمەن دەپ مال يىغقۇچى ياكى ھادىسە قوزغاش ئۈچۈن قىزغانغۇچى كىشىلەر خوجايىن ئەمەس، بەلكى ياللانمىلاردۇر. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكى ۋە رەزىللىكىدىن جاپا تارتىدۇ. بېيىت:

«مۇنداق كىشىدە يوق ئەقلۇ- ھوشتىن نىشان،
بىلگىل ئەگەرچە گاداي ئېرۇر خوجا جەھان.»

بۇ مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىزنىڭ پايدىلىق نەسىھەتلىرى سودىگەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەب- ئىنساپ سودا مەدەنىيىتىگە كىرىدىغان قائىدە- يوسۇنلارنى بىلدۈرگەن. ھازىرقى سودا مەدەنىيىتىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

1. ھازىرقى بازار ئىگىلىكىدە ئۈچۈر ئىگىلەش، ئۈچۈردىن ۋاقتىدا پايدىلىنىش ناھايىتى مۇھىم. ئۈچۈر ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۈچۈرغا يېقىنلاشقان كىشىلەر شۇ ئۈچۈرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەقلى- زاكاۋىتىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك. داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈچۈرلۇق باشقۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە باغلىق.

2. بازار ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش ۋە ئۈچۈردىن ئوبدان پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەك.

ئۈچۈر تېخنىكىسى يۈكسەك ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت دائىرىسىدە كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان شارائىتتا بىلىم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىقتىساد ھازىرقى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھازىر قۇرۇق تەجرىبىگە تايىنىپلا سودا پائالىيەتلىرىنى كېڭەيتكىلى بولمايدۇ. زۆرۈر ئىقتىسادىي بىلىم سودا مۇۋەپپەقىيىتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بوپقالدى. سودىگەرلەرنىڭ كۆز قارىشىچە، مالنىڭ تۇرۇپ قالغانلىقى- پۇلنىڭ ھەرىكەتتىن توختىغانلىقىدۇر. ئىلاجىكى بار مالنى بېسىپ قويماسلىق، ھەرخىل ئامال بىلەن زىيىنىغا بولسىمۇ مالنى تېزدە سېتىۋېلىش.

3. خېرىدارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىنى ئويلاپ تېپىش ۋە ئۆگىنىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بەدەل بېرىشكە قارىماي مال سېتىش نۇرغۇن سودىگەرنىڭ تىجارەت شوئارى بوپقالدى. دۇكاندارنىڭ مۇئامىلىسى سودا نەتىجىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇكاندار خېرىدارنىڭ رەڭگىرويى، سۆز- ھەرىكىتىگە ئەستايىدىل دىققەت قىلىمىقى زۆرۈر. ئانچە- مۇنچە پسىخولوگىيە ئىلمىنى ئۆگىنىپ قويۇشى، خېرىدار دۇكاننىڭ بۇسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولغىچە ئۇنىڭ خاراكتېر- مىجەزىگە ھۆكۈم چىقىرالايدىغان بولۇشى كېرەك. گەپدان خېرىدارغا كەم سۆزلۈك بىلەن، جىمغۇر خېرىدارغا گەپدانلىق بىلەن، كەمسىتكەك خېرىدارغا مۇلايىملىق- چىرايلىق سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم. باشقىلارنىڭ ئۆزۈڭگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلغىنىڭدەك، باشقىلارغا سەنمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىل. بۇ، خېرىدارلارغا مۇقابىل تۇرۇشنىڭ ئوبدان پەلسەپىسى. خېرىدارنىڭ شۇ چاغدىكى ھال- ئەھۋالىنى بايقاپ مۇئامىلىدە تەشەببۇسكار بولۇش؛ ھېچنېمىگە قىزىقماي ماللارغا كۆز يۈگۈرتىدىغان خېرىدارلارنىڭ دىققىتىنى دەرھال جەلپ قىلىپ، ئۇلارغا مال توغرىسىدا سەمىمىيەتلىك بىلەن خالىسانە تەكلىپلەرنى بېرىش كېرەك. بەزى خېرىدارلار باركى، مال ئېلىشقا ئۇستا، پەملىك، ھەممىدىن خەۋەردار. بۇنداقلارغا گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەسلىك، بازارلىق مالنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىمۇ ئانچە گەپ ساتماسلىق زۆرۈر. ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان بەزى قوپال خېرىدارلارمۇ كېلىدۇ. بۇنداقلارغا سىلىق، ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىپ، سودىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ھەر مەملىكەتتە سودىگەرلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ئادەتلىرى ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئىنگلىزلار تىجارەتتە گەپنى ئوچۇقلا قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ چاققانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان تۇرمۇش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە قولنى ئۇزاق تۇتۇۋالماسلىق، سودا سۆھبىتى كۆپىنچە ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن بولۇش، ۋاقىتنى لايىقىدا ئىگىلەش ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن خوشلىشىش ھەممە ئىلاجى بار يوللۇق گالستۇك تاقىماسلىق (بۇنداق گالستۇك ھەربىيلەر ياكى مەكتەپ كىيىمىگە تەئەللۇق ھېسابلىنىدىكەن ۋە چاتاق چىقىرىدۇ دەپ قارىلىدىكەن). فرانسوزلار باشقىلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە خاس ئىشلارنى سورىشىنى ۋە ئۇۋقەت سىرىنى تىڭ- تىڭلاشنى يامان ئالىدىكەن. فرانسوزلار ھەركىمنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسىم كارتوچكىسىغا يېزىپ قويۇشنى ياقتۇرىدىكەن.

ئىسپانلار ئەزەلدىن قارا رەڭنى ياقتۇرىدىكەن. شۇڭا ئىسپانلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا قارا بەتىنكە كىيىۋېلىش، قوڭۇر، سېرىق بەتىنكە كىيمەسلىك، ئۇلار بىلەن سودىلاشقاندا راستچىل بولۇپ، ئوبدان مۇلازىمەت قىلىش ھەم مالنىڭ ئەۋرىشكىسىنى قولىغا تۇتقۇزۇش كېرەك ئىكەن.

گېرمانلار شەكىلگە ئېتىبار بېرىدىكەن. گېرمانىيىنىڭ شىمالىدا سودىگەرلەر ئۆز سالاھىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جىلىتكە ۋە موۋۇت قالپاق كىيىۋالىدىكەن. گېرمانلار ئۇنۇۋانىغا لايىق ئاتاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەگەر دوكتور بولسا، بۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ دائىم ئاتاپ تۇرۇش كېرەك ئىكەن. ئۇلار يەنە قىزغىن قول ئېلىشىشنى ياقتۇرىدىكەن. ئۇلار خوشلىشىپ ماڭار چاغدا، مۇمكىنقەدەر پەلتوسىنى كىيىشكە ياردەملىشىش كېرەك. گېرمان سودىگەرلىرى ۋاقىتنى چىڭ تۇتىدىكەن، گەپ- سۆزنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىنى ياقتۇرمايدىكەن.

شۋېتسارىيىلىكلەر داڭلىق، كونا شىركەتلەرگە بەك ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشقاندا، ئۆز شىركىتىڭىزنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى ئۇقتۇرۇشىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئەگەر شىركىتىڭىز 19- ئەسىردە قۇرۇلغان بولسا، ئۇلار بىلەن بولغان سودىڭىزغا پايدىلىق ئىكەن.

پولشا، چېخىيە، سلوۋاكىيە، ھونگرىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى غەربلىكلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىكەن.

فىنلاندىيىلىكلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنۋانى بىلەن چاقىرىشىنى ياقتۇرىدىكەن. دائىم ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ سۆزلىشىشنى خالايدىكەن. ئۇلار بىرئاز كونسېرۋاتىپ بولۇپ، كۆپرەك ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا سودىلىشىشنى ئادەت قىلغان ۋە سودىگەرنى تەنتەنىلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن، پارلىق مۇنچىغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىدىكەن. مېھماندارچىلىققا ئۆز ۋاقتىدا بېرىش شەرت ئىكەن. يەنە كېلىپ، ئايال مېھمانغا سوۋغات، گۈل ئالغاچ بېرىشنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك ئىكەن.

شۋېتلەرنىڭ قائىدىسىدە ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى ھەرگىز ئۈستۈن چاغلىماسلىق، سۆھبەتتە ئۆزىنى چاغلاپ سۆزلەش، سىياسەت، ئائىلە، شەخسىي ئىشلار توغرىسىدا ھەرگىز ئېغىز ئاچماسلىق ھەم چاقىرىلمىغان مېھمان بولماسلىق كېرەك ئىكەن.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە ئەدەب- تەكەللۇپقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە پۇتنى ئالچاڭلىتىپ مىڭگەشتۈرۈۋالماسلىق، بىر پۇتىدا يەرنى تېپىپ تۇرماسلىق، ئولتۇرغاندا سۆھبەتدىشىغا تاپىنىنى قاراتماسلىق، پۇتىغا پۇتى تېگىپ كەتمەسلىك كېرەك.

ھىندونېزىيە ئەدەب- تەكەللۇپقا بەك ئېتىبار بېرىدىغان مەملىكەت. سودىگەرلەر تونۇشقاندا ئىسىم كارتوچكىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۇنغىنى ياخشىكەن، بولمىسا، ئۇلار سىزنى ئەرزىمەس نېمىكەن، دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئەرەبلەرنىڭ سودا ئالاقىسى ئىشخانا ياكى قەھۋەخانىدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. سۆھبەت جەريانىدا كۆپ بولسا ئۈچ پىيالە ئىچىملىك (چاي ياكى سوغۇق ئۇسسۇزلۇق) ئىچىلىدىكەن. مېھمان ئىچىملىكنى ئىچىشتىن توختىغىچە قويۇپ بېرىلىدىكەن. ئەگەر كۆپايە بولغان بولسا پىيالىنى تېز چۆرگىلىتىپ قويۇپ ساھىبخانىغا سۇنۇپ بەرسە بولىدىكەن. ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقاندا ئۈچىنچى بىر شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. بۇ «دەللاللىق» بولۇپ، سالاچىلىق رولىنى ئوينايدىكەن...

ھازىر سودا- تىجارەتتە ئۇچۇردىن جانلىق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ زامانغا خاس قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش زۆرۈر بولغىنىدەك، كارخانا ئوبرازىنى تىكلەش- يارىتىش كارخانىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ مۇھىم شەرتى بوپقالدى.

ئوبراز ئەسلىدە ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىگە خاس سۆز ئىدى. چەت ئەللەر تىللىرىدا بۇ سۆز كۆپ مەنىنى بىلدۈرىدۇ: 1. قىياپەت، ئەپت- بەشىرە؛ 2. سۈرەت، تەسۋىر؛ 3. ئۇسۇل، يوسۇن، تەرز، رەۋىش؛ 4. نۇسخا، نەمۇنە، ئۆرنەك؛ 5. خىل، شەكىل، ئەندىزە؛ 6. تەشكىل قىلىش، تەركىب تېپىش؛ 7. ئوقۇش، تەلىم، بىلىم ئېلىش، مەلۇمات (ئالىي مەلۇمات، ئورتا مەلۇمات) دېگەندەك.

ئوبرازنىڭ ئادەتتىكى تەڭداش مەنىسى سىيما. بۇنىڭ مەنىسى يۈز، بەت، چېھرە، فىزئونومىيە، (مەسىلەن، ماھ سىيما- ئاي يۈزلۈك، ئاي چېھرە؛ مەلەكسىيما- پەرىشتە سۈپەت) گۈزەل دېگەندەك.

كارخانىنىڭ ئوبرازى (سىيماسى) نېمە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؟ ئالدى بىلەن تىجارەت ئىرادىسى، ئەقىدىسى، سىياسىي ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا تىجارەت پوزىتسىيە، سودا كۆز قارىشىنى كارخانا ئوبرازىدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە دېيىشكە بولىدۇ. نوقۇل نەپ- پايدىنىلا كۆزلىگەن كارخانا ھەقىقىي ئوبراز تىكلىيەلمەيدۇ. ئاھالە- جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى، خېرىدارغا پايدا بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان كارخانا نەمۇنىلىك (چىن ئوبراز ياراتقان) كارخانا بولالايدۇ. ھەزرىتى نەۋائىي نەپ- پايدا توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان:

*نەفنىڭ ئەگەر خەلققە بېشەك ئېرۇر،*
*بەلكى بۇ نەفئ ئۆزۈڭگە كۆپرەك ئېرۇر.*
*(ئەگەر سەن خەلققە نەپ يەتكۈزسەڭ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈڭگە كۆپرەك نەپ يەتكۈزگەن بولىسەن.)*

ئاندىن قالسا، مۇلازىمەتتە راستچىل، توغرا، ئادىل، خۇش مۇئامىلە بولماق؛ باھادا ئىنساپلىق، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشنى نىيەت قىلماق؛ ئەل ئېھتىياجلىق مالدىن كۆپ پايدا ئېلىشنى، خېرىدارنى پەللەشنى نىيەت قىلماسلىق؛ تىجارەت ئورنىنى رەتلىك، ئازادە، پاكىز ۋە مۇلازىمەتنى چاققان- چەبدەسلىك بىلەن قىلماق قاتارلىقلار چىن ئوبراز يارىتىشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدۇر.

قىسقىسى، سودا مەدەنىيىتى جۈملىدىن سودا ئەخلاقىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش سودا- تىجارەتنىڭ ھەل قىلغۇچ ۋاستىسىدۇر. يېڭى ئەسىردە، ئۇچۇر زامانىدا زامانغا مۇۋاپىق ۋە ئىناق بولۇش سودىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

---

ئاپتور: تىلشۇناس، ئۇيغۇر تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى (M3)



# «كەلىلە ۋە دەمنە»دىن

# ھېكمەتلەر

تەييارلىغۇچى: غۇلام ئوبۇلقاسىم

▲ بۇ جاھاندا ئالتە نەرسىنىڭ ئالتە نەرسىسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس: دۇنيانىڭ مېلى ھەرىكەتسىز بولمايدۇ؛ نەپسىنىڭ خاھىشى مېھنەتسىز بولمايدۇ؛ خوتۇنلار بىلەن بىللە بولماق بالاسىز بولمايدۇ؛ يامانلارغا قوشۇلماق نادامەتسىز بولمايدۇ؛ بېخىلدىن تەمە قىلماق خارلىقسىز بولمايدۇ؛ پادىشاھقا مۇلازىم بولماق ئاپەتسىز بولمايدۇ.

▲ يۈگۈرۈك ۋە چىرايلىق يورغىلايدىغان ئاتنى باغلاپ باقىدۇ. بۇلبۇل چىرايلىق سايرىغانلىقى ئۈچۈن قەپەسكە سولايدۇ. مېۋىلىك دەرەخ مېۋە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپ دەسسەپ شاخلىرىنى سۇندۇرىدۇ ۋە تاۋۇس(توز) ئۆز ھۆسنى-جامالى بىلەن جىلۋە ئەيلىگەنلىكى ئۈچۈن قانات قۇيرۇقىنى قىرقىيدۇ.

▲ كىشىگە ھەرقانداق بالا يەتسە ھېرىس ۋە تەمە سەۋەبىدىن يېتىدۇ.

▲ قەدىر بىلمەس كىشى بىلەن سۆھبەت تۈزمەك ۋە قىممىتىنى بىلمەس كىشى قېشىدا خىزمەت قىلماق خۇددى ھوسۇل ئېلىشنى تەمە قىلىپ شور يەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى ئانىدىن تۇغما گاسنىڭ قۇلىقىغا سۆزلىگەنگە ۋەياكى قارىغۇكىشىدىن ھۆسن-جامالنى تەرىپلەشكە سۆز تەلەپ قىلغانغا ۋەياكى سۇنىڭ يۈزىگە خەت يازغانغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

▲ ھېچقانداق دۈشمەننى خار كۆرمەسلىك كېرەك. چۈنكى «يىڭنىنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش نەيزىدىن كەلمەيدۇ. ئوت گەرچە كىچىك بولسىمۇ پۈتۈن بىر ئالەمنى كۆيدۈرۈشى مۇمكىن.»

## دانىشمەنلەردىن نەسىھەت

▲ ياخشى ئويلانغان پىكىر پالۋانلىقتىن ياخشى.

▲ جاھاندىكى ئالەم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە خۇي-پەيلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، دەيدۇ قىلىدۇ، بۇ تىرىكچىلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ قائىدىسىدۇر. ئىككىنچىسى، دېمەيدۇ، قىلىدۇ، بۇ، مەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۈچىنچىسى، دەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ، مۇناپىقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر. تۆتىنچىسى، دېمەيدۇ، قىلمايدۇ، بۇ، بېخىل ۋە ھىممىتى پەسلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

▲ ئۇلۇغلار ئۆز دەپتەرلىرىگە «ئالتە نەرسىدىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ»دەپ يېزىپ قويغانىكەن. ئۇلار: ئەمەلسىز سۆزدىن، جەۋرىلىك مالدىن، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن، رئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقسىز تىرىكلىكتىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ، دېيىشكەن.

▲ ھىيلە-مىكىردىن ۋاز كەچ، چۈنكى خەلقنى ئالدىغىنىڭ بىلەن خۇدانى ئالدىيالمايسەن. ھىيلىنىڭ تولىسى ھىيلە ئىشلەتكۈچىنىڭ ئۆزىگە زەرەر قىلىدۇ ۋە جازاسى يېتىدۇ.

▲ قەلەمنىڭ تىلى ئىككىگە ئايرىلغاچقا پادىشاھنىڭ مال-مۈلكىگە ۋە مەملىكەتكە پاسبانلىق قىلىدۇ. قىلىچ بىر بىسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشى قان ئىچىش ۋە قان تۆكۈشتۇر. ئەمما تارغاق بولسا كۆپ تىللىق بولغاچ، ئۇنىڭ ئىشى نازىنىنلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ئورۇن تۇتۇشتۇر.

▲ ئۆلمالار: «كىشىنى ھالاك قىلىشقا ھەرىكەت قىلغۇچىلار ئەجىلدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ. لېكىن جېنى تېنىدىن بىر يولىلا چىقمايدۇ، بەلكى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭغا ھاياتتىن بىزار بولغىدەك دەرىجىدە بىر رەنج يېتىدۇ. ھەردەم ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ، ئەمما ئۇنچە ئوڭاي ئۆلمەيدۇ»دەيدۇ.

▲ بۇزرۇكلار: «تۆت گۇرۇھنى تۆت ۋاقىتتا سىناش كېرەك. يەنى، باتۇر-باھادىرلارنىڭ شىجائىتىنى جەڭدە؛ خىيانەتسىز-ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىم-بېرىم مۇئامىلىسىدە؛ خوتۇن ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامرات چاغلاردا؛ ھەقىقىي دوستلارنى بالا-قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك» دەپ ئېيتىشقان.

▲ ھەر كىشى تۆت ئىش قىلسا تۆت ئەجىر تاپىدۇ: بىرىنچىسى، زۇلۇم قىلسا ھالاكىتى يېقىن بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خوتۇنلار سۆھبىتىگە ھېرىس بولسا رەسۋالىققا ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، يېمەك-ئىچمەككە تولا بېرىلسە كېسەلگە دۇچار بولىدۇ؛ تۆتىنچىسى، نادان ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىگە ئىشەنسە، مەملىكىتى بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

▲ ھۆكۈمالار: «ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت رەۋىشىدىن يىراق ۋە ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدۇر» دەپ ئېيتىشقان. بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، ھەرقانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار. بۇنداق كىشىلەر ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاكەتكە سالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تائام ۋە شارابنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىدىن قورقماي يەۋېرىدىغانلار. شۈبھىسىزكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر؛ ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئاخىرى ھەسرەت-نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

▲ بۇزرۇكلارنىڭ ئېيتىشىچە سەككىز نەرسە سەككىز نەرسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۇلار مۇنۇلاردۇر: خوتۇننىڭ ئىززىتى ئەر بىلەن، بالىنىڭ ئىززىتى ئاتا بىلەن، شاگىرتلارنىڭ ئەقلى-ھوشى ئۇستاز بىلەن، لەشكەرلەرنىڭ قۇۋۋىتى سەردار بىلەن، زاھىدلارنىڭ كارامىتى تەقۋادارلىق بىلەن، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكى پادىشاھ بىلەن، پادىشاھلىق ئىشىنىڭ نىزامى ئادىللىق بىلەن، ئادىللىقنىڭ روناق تېپىشى ئەقىل ۋە ھوشيارلىق بىلەن باغلىق بولىدۇ.

▲ ئۇششاق گەپمۇ بارا-بارا دېيىلىۋەرسە يوغىناپ مۇكەممەللىشىپ قالىدۇ-دە، ئاخىرى ئۇنى رەت قىلغىلى بولماي قالىدۇ. بۇ خۇددى بۇلاقلارنىڭ سۈيى يىغىلىپ چوڭ دەريانى ھاسىل قىلغاندا، ئۇنىڭدىن كېمىگە چۈشمەي تۇرۇپ ئۆتكىلى بولمىغاندەك بىر ئىش. شۇڭا غەرەز بىلەن قىلىنغان سۆزلەر ئۇششاق ۋاقتىدىلا ئۇنى رەت قىلماق كېرەك. شۇندىلا باشقىلارنىڭمۇ سۆزلەيدىغان يولى باغلىنىپ، ئىشنىڭ ئاخىرى پىتنە-پاساتقا ئايلىنالمايدۇ.

▲ غەزەپنى تەرك ئەتمەك ھەممە ياخشى خۇينىڭ ئانىسى، ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇينىڭ ئانىسى.

▲ ئۈچ خىل كىشى ھەممە غەم-ئەندىشىنىڭ ئىلكىدە ئەسىر بولۇپ تۇرىدۇ: بىرىنچىسى، يامان ئىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، قۇدرىتىنىڭ بارىدا ياخشى ئىش قىلمىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، نادانلىق بىلەن ئويلىماي ئىش قىلىپ، ئاخىرىدا ھەسرەت-نادامەتكە قالغان كىشى.

▲ ئۈچ خىل كىشى ئۆزىنى رەنجىگە سالىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، جەڭ ۋاقتىدا ئۆزىدىن غاپىل بولغانلار. ئۇلار زەخمە يەيدۇ؛ يەنە بىرى، ھارامدىن مال جۇغلىغانلار. ئۇلارنىڭ مېلى تالان-تاراجقا كېتىپ، ئۆزىدە ئۇۋالدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆزى قېرى تۇرۇپ ياش خوتۇن ئالغانلار. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچالمايدۇ.

---

توپلىغۇچى: ش ئۇ ئا ر كادىرلار ساناتورىيىسىنىڭ پېنسىيىدىكى دوختۇرى (M2)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر:

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى باشلىنىپ، 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ — بۇرۇنقىدەكلا يەككە باھاسى 5يۈەن، يېرىم يىللىقى 15يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30يۈەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ئىككى ئايلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22-58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

— كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# هاراق

(ھېكايە)

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

تۆتىمىز يېقىن ئۆتەتتۇق. نەچچە كۈن كۆرۈشمىسەك چىداشمايتتۇق. بىر - بىرىمىزنى نۆۋەت بىلەن مېھمان قىلىشىپ، ئىچىپ قىزىغاندا خەلقئارا ۋەزىيەتتىن چۇشۇۋالساق، گېپىمىزنىڭ ئاخىرى خوتۇن- قىزلار ھەققىدىكى پاراڭلار بىلەن ئەۋجىگە چىقاتتى. بۈگۈن ئاغىنىلەرنى مېھمان قىلىش نۆۋىتى ماڭا كېلىپ قالغانىدى. چۈشتىن بۇرۇنلا ئۇلارغا «خانكۆۋرۈك» رېستورانىدىكى ئايرىمخانىلارنىڭ بىرىگە يىغىلىشنى دەپ قويغانىدىم.

كەلسەم ئۈچ ئاغىنەمنىڭ ھەممىسى رېستوراننىڭ ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇشۇپتۇ.

- بۇ نېمە قىلىق، ئەمدى؟ ئۆزۈڭ بىزنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، تاس قالدىڭا كەلمىگىلى. مېھمان قىلىش تەس كېلىۋاتامدۇ- يە،- دېدى ئابلەت.

- كەلمىگەن بولساڭ، بىر تېلېفون بىلەن تومۇچۇقتىن نەچچىنى كەلتۈرۈپ، رەڭلىك سورۇن دېگەندىن ئوت چىقىرىۋېتەيلى، دەپ تۇرغان دېگىنە!- دېدى پەرھات.

ھەزىل- چاقچاق بىلەن رېستورانغا كىرىپ ئالدىن زاكاس قىلىپ قويغان ئايرىمخانىغا جايلاشتۇق. تاغدىن- باغدىن پاراڭ سوققاچ مۇلازىمەتچىلەرنى خېلى ئۇزۇن ساقلىدۇق، بىرەرسىمۇ كىرىپ قوياي دېمىدى. بىر چاغدا خېلى قاملاشقان بىر قىز ئەسنىگىنىچە دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىرىماي كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھاكاۋۇر تۇرقى ئادەمگە مۇلازىمەتچىنى ئەمەس، بەلكى باشقۇرغۇچىنى ئەسلىتەتتى.

- يا ئاللا خانقىز، ئەجەبمۇ ساقلاتتىڭىز بىزنى، قورساق ئېچىپ كوركىراپ كەتتى. يەنە كىرمىگەن بولسىڭىز تاماق بۇيرۇتۇپ يۈرمەي سىزنىلا خام يەۋېتەتتۇق جۇمۇ،- دېدى پەرھات قىزنىڭ يوغان- تولغان كۆكسىگە قاراپ قالغىنىچە قىزىقچىلىق قىلىپ.

- ئوھوش، ئۆتۈپ بارسىلا! نېمانداق ئۇياتسىز- لاۋزا ئادەم بۇ، مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىلا؟- قىز چىرايلىق كۆزلىرىنى ئالايتىپ، تومشۇقىنى ئۈچلىدى.

بۇنداق قىزلار خېلى چاقچاقچى، غىلجىڭ كېلىدىغان، ئەمما بۇ كاساپەتنىڭ ئاغزى بالاكەن ئەمەسمۇ. چاقچاق قىلغىلى بولمىغۇدەك، رېستوراندا ئىشلەيدىغان باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىكەن، يېڭىدىن كەلگەن ئوخشايدۇ.

قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پەرھات ئۇجۇقۇپلا كەتتى.

- خاپا بولماڭ سىڭلىم، ئاغىنىمىزنىڭ باشقا نىيىتى يوق. كۆڭلى تۈزلۈك بىلەن مۇنداقلا دەپ قويغان چاقچاق گەپ بۇ.

- مۇنداقلارنى تولا كۆرگەنمەن، قېنى نېمە يېيىشلىكى؟- دېدى قىز پېتىنى بوزماي تۇرۇپ.

بىز ئاچچىق يۇتقان ھالدا قورۇمىلارنى بۇيرۇتتۇق. قىز كىچىككىنە دەپتىرىگە بىر نېمىلەرنى جىجىلاپ چىقىپ كەتتى.

## ئىبرەت ئەينىكىدە

— بۇ خەقنىڭ ئېسىۋالغان ۋىۋىسكىسىغا ھۆ. تېخى «خانكۆۋرۈك» دەپ يېزىۋالغىنى، «خانكۆۋرۈك» ئەمەس «مۇزكۆۋرۈك» كەن بۇ. ئىككىنچىلەپ مۇنداق يەرگە كىرمەيلى، ئاغىنىلەر.

— قارىسام خېلى پاكىزدەك كۆرۈنگەنىدى، شۇڭا...— دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— بىكاردىن بىكار نەدىكى بىر مۇلازىمەتچى رەپ- رەپتىن گەپ ئاڭلىۋالدۇق. سەنمۇ چاغلىقكەنسەن پەرھات، خىيالىڭدا ئۇنى كەلتۈرمەكچىدىڭ، بىراق چالماڭ سۇغا چىلاشتى- دە.

— قويغىنا، تولا قاپاق بىر نېمىكەن ئۇ، ھالىغا باقمايدىغان. بولىدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، — دېدى پەرھات غۇدراپ،- كېلەر- كەلمەيلا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىش بولدى. ئەمدى ئۆز پارىڭىمىزنى قىلىشىپ، ھارىقىمىزنى ئىچىشىپ ئولتۇرايلى، ئاغىنىلەر.

گېپىمىز ئۆتكەن بولسا كېرەك، بىردەمدىلا قورۇمىلار كىرىشكە باشلىدى. رەڭگىگە قاراپ كىشىنىڭ شۆلگەيلىرى ئاقىدىغان، ئەمما سەھرالىق تۇغقانلار تۇخۇم بىلەن قورۇما قورۇپ ئېتىپ بېرىدىغان لەڭمەنچىلىك تەمى يوق قورۇمىلار بىردەمدە شىرەنى بىر ئالدى.

— ئەمىسە ئاغىنىلەر، نۆۋەت بۈگۈن ماڭا كېپقاپتۇ، پاراڭ سېلىشقاچ ئىچىلىپ ئولتۇرايلى. بولىسىغۇ ساھىبجامالدىن بىر نەچچىسى بولغان بولسا قالتىس ئىش بولاتتى. ھاراق دېگەننى قىزلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ ھەۋەس بىلەن ئىچسە ئادەمنى ئاسانلىقچە تۇتمايتتى، بىراق ئۆلگۈرگىلى بولمىدى. قالغىنىغا يەنە بىز بولغاندىكىن... قېنى خوشە، كوممىدە قويايلى!

بىر رومكا ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋەتتىم. ئاچچىق ھاراق تىلىمنى قورۇپ، بەدىنىمنى قىزىتقاندەك، ئىچىمگە بىر پارچە ئوت كىرگەندەك بولدى.

— ئاداش، بۈگۈن ئىچمەي، پەقەت مىجەزىم يوق، كۆڭلۈمگە ئالمىساڭ، — دېدى زاھىر ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — ئوكۇل سالدۇرۇۋاتقانىتىم .

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. مۇشۇنداق لامزەللە، لاتاغلاپ ئادەم بىلەنغۇ ئەزەلدىن ئېقىم كېلىشمەيدىغان.

— ماۋۇ رومكىنى بىر ئالە، سورۇننىڭ باشلىنىشىدىلا ئىچمەيمەن دەپ ئادەمنىڭ تولا جۇدۇنىنى ئۆرلەتمەي. ئالدىنقى قېتىم سەن قۇيغان ھاراقنى مەن ئاسما ئاستۇرۇۋاتقاندىمۇ ئىچمىدىممۇ غىدىڭ- پىدىڭ قىلماي؟ ئەمدىزە مەن قۇيغان ھاراقنى ئىچمەمسەنا؟ سورۇن نەزىرىڭگە كەلمەيۋاتامدۇ- يە؟ كۆڭلۈڭدىكىنى دە، نېمە دېسەڭ شۇنى بۇيرۇتىمەن. مۇشۇ ھاراقنى ئىچىدىغانلا بولساڭ، ھەرقانداق خىزمىتىڭگە مانا مەن تەييار. جان دوست دېگەن مانا مۇشۇنداق چاغدا سىنىلىدۇ، ئاداش! — دېدىم سەل زەردە بىلەن. زاھىرنىڭ ئىچمەيمەن دەپ ئۆزرىخاھلىق قويۇشى نېرۋامغا تەگكەنىدى. ھاراقكەش دېگەن مانا شۇ، سورۇندا بىرەرسى ئىچمەيمەن دېدىمۇ، بولدى، ھەممىنىڭ دىققەت نەزەرى شۇنىڭغا ئاغىدۇ، جېدىلى شۇنىڭ بىلەن قالىدۇ. ئىچمەيدىغان نوچىلارغا ئىچكۈزەلىگەن ئادەم شەھەر ئالغاندەك خوش بولىدىغان گەپ. ئاشۇ ھاراقنى ئىچمىسە كۆڭۈلنى ياندۇرغان، كۆزگە ئىلمىغان بولۇپ، دوست قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ.

— ھەممە نەرسە تەل تۇرۇپتۇ. بۈگۈن زورلىمىساڭ، سەندىن خۇش بوپكەتسەم، جېنىم ئاداش، — دېدى زاھىر.

— مۇشۇ بىر رومكىنى كۆتۈرۈۋەت، ساڭا قايتا زورلىمايمەن، گېپىمدە تۇرىمەن. خۇش بوپقالاي ئاداش، مېنىڭمۇ يۈزۈمنى قىلىپ قوي.

— بۇ كىشىلىك قاملاشمىدى، زاھىر. مەنسۇرنىڭ قولىدىن بىر رومكا ئىچمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى قارامۇتتۇق، ئورۇق كەلگەن ئاغىنىمىز ئابلەت ماڭا بولۇشۇپ.

— مەنسۇرنى ئۇنداق يالۋۇرتماي بىرەر رومكا ئىچىپ قوي. يا قىز- چوكانلارنى چاقىرىپ كىرسەك، بەلكى ئولتۇرۇپ بەرسە ئاندىن ئىچەمتىسەڭ؟- دېدى پەرھات يوتىسىغا شاپىلاقلاپ قىقاس سېلىپ كۈلۈپ. قارىسام، ئۇنىڭدا بايىقى خاپىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان. ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇغان، كەيپى چاغلىشىپ كەتكەنىدى.

— قولۇم تېلىپ كەتتى، ئاداش. تولا نازلانماي قولۇمغا ماۋۇ رومكىنى بىر ئالە!

- زورلاپ قالدىڭلار، بوپتۇ. كۆڭلۈڭلارنى دەپ مۇشۇ بىر رومكىنى ئىچەي، خوشە،- زاھىر ھاراقنى تولغىنىپ تۇرۇپ بەكمۇ تەستە ئىچتى. چىرايى ئاپتاپتا قالغان كونا تېرىدەك پۈرۈشۈپ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ھەممىمىز مەززە قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ھاراق دېگەن جاننى قىينايدىغان ئاچچىق نەرسە، چوڭ يۇتقاندەك يۇتىدىغان گەپ. زاھىرنىڭ ئىچكىنى ياخشى بولدى. باشقىلار زەھەر يۇتقاندەك تولغىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتسە، ئۇ تاماشا كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرسا قاملاشمايدۇ- دە. ئۇمۇ ھاراقنىڭ دەردىنى بىز بىلەن تەڭ تارتىشى كېرەك.

— «ھاراق زو بىلەن، چاقچاق پو بىلەن» دەپ ئەجەب توغرا ئېيتىلغان- دە. مانا مۇشۇنچىلىكلا ئىشقۇ بۇ، ئاداش زاھىر. ئەمدى بىزنىڭ ئاغىنىمىزدەك ئىش قىلدىڭ.

— شۇنى دەيمەن، ھاراق دېگەننى ئوغۇلبالا ئىچىدىغان نېمە بۇ، يالۋۇرتۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟

— بولدى، زاھىر يارايدۇ، ئاغىنىلەر. ئىشقىلىپ ئىچتىمۇ، يىگىت!

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن زاھىرنى ماختاشتۇق. زاھىر بولسا چاندۇرماي ئىچىگە تىنىپ ئولتۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ ئىچىشنى باشلاپ كەتتۇق. ئۆز گېپىمىزگە ئىگە بولۇپ، زاھىرغا قايتا ھاراق زورلىمىدىم.

— ھەي ئاغىنىلەر، سادىق پىيانىڭ ئىشىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟— دېدى ئابلەت بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ. ئۇ خۇددى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ قويدى.

— قېنى سۆزلىمەمسەن، ئاڭلاپ باقىلى. ئۇ ئاغىنىمىزمۇ بولىدىغان نېمىدى. سودا قىلىپ خېلى ھاللىنىپ قالغان. سورۇنلۇقى بار ئاداشتى، يېقىندىن بۇيان يوقاپ كەتتى. بىراق خوتۇنى سانىيە يامان خوتۇن- دە، سادىققا كۈن بەرمەيدۇ.

- مۇشۇ قېتىممۇ يەنە شۇ خوتۇنىنىڭ ئىشى بولمامدۇ. سادىق توپ سېتىش سودىسى بىلەن خېلى پۇل تاپقان. پۇلى جىق بولغان بىلەن خوتۇنىدىن قورقىدىغانلىقىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر. ئەمما خوتۇنىنىڭ ئالدىدا خوش- خوش دەپ تۇرغىنى بىلەن قىزلارنى كۆرسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان كاساپەت ئىدى. يېقىندا ئۇ ئىككى ئاغىنىسى بىلەن بىر يەردە تازا ئىچىشىپتۇ. سورۇن يېرىم بولغاندا قىزلارنى چاقىرىپ راسا پەيزى قىلغان گەپ.

— قايسى قىزلاركەن ئۇ؟ — دېدى پەرھات گەپنى بۆلۈپ.

www.uyghurkitap.com

ــ ئا... ما گەپنى قىلغىلى قويە. قىز بالا دېگەن تولغۇ!؟ قايسى بولسا بولمامدۇ. نەگە كەلگەنتىم، ھە، شۇنىڭ بىلەن قايتىدىغان چاغدا ئىككى ئاغىنىسى نەگە كەتكەن، ئىشقىلىپ بىزنىڭ سادىق قىزلاردىن بىرىنى ئېلىپ مېھمانخانىدىن ياتاق ئاچقۇزۇپتۇ. بۇ كاساپەتمۇ پاقىسىغا قانغاندىن كېيىن ئۆيقۇسنى ئۇخلىسىغۇ ھېچ گەپ يوق. يېرىم كېچىدە خىيالىغا نېمە جىن كىرگەن، مەستچىلىكتە ياتاقنىڭ تېلېفونىدىن ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ: «بۈگۈن ئۆيگە بارالمايمەن، مەن ھازىر بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋېتىپتۇ. قاراڭلار، ئۇنىڭ ساراڭلىقىنى. بىر كىم سورىمىغاندىكىن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يېتىۋەرمەي. سانىيەنىڭ پەيلى يامانلىقىنى بىلىسىلەر. ئۇ خوتۇن كېچىنى كېچە دېمەي تېلېفون نومۇرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى سادىق ياتقان ھېلىقى ياتاققا بېسىپ كىرگەن گەپ. مانا كارامەت، سادىقمۇ مەست، ھېلىقى قىزمۇ مەست. ئۇلار جاھاندىن بىخەۋەر بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئاندىن توغما ياتقانمىش.

ئابلەت توختاپ تەخسىدىكى قورۇمىغا چوكا ئۇزاتتى.

ــ ۋاھ، جاھان ئىككىسىنىڭ بوپتۇ ـ دە، ــ دېدى پەرھات ئاغزىنى چاكىلدىتىپ، ــ شۇنداق ئامەت بىزگە نېمىشقا نېسىپ بولمايدىغاندۇ. ئاچچىق ھاراقنىلا ئىچىپ ئولتۇرىدىغان گەپمۇ ئەمدى... سەينى ھېلى يەپ، ئاخىرىنى تېزراق دېمەمسە ۋا ئاداش، ــ شۇ تاپتا ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىدا نېمە چىقاركىن دەپ تاقىتى تاق بولغاندى.

ــ قانداق بولاتتى، سانىيە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ مېھمانخانىنى بېشىغا كىيىپتۇ. سادىق بىلەن ھېلىقى قىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى موراپ، تىلاپ، نەچچە تەستەك سېپتۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كارىدورغا ئېتىپتۇ. بىراق سانىيە بىرنى سالسا، سادىق ئاشۇرۇپ ئىككىنى سېپتۇ. سادىق مەست بولغاچقا، بۇدا سانىيەدىن قورقماپتۇ. يۈرەك چوڭايغان گەپ. ئۇ مەستچىلىكتە كارىدورغا قىيالڭاچ چىقىپ، سانىيەنى قوغلاپ سۈر ـ توقاي قىپتۇ. قوشنا ياتاقتىكىلەرگە تاماشا بولۇپ بېرىپتۇ دەڭلار بۇ ئىش. نومۇسقا چىدىمىغان سانىيە ئاخىرى سادىققا: «كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ مەن بىلەن ئۆيگە قايتىڭ» دەپ شۇنچە يالۋۇرسىمۇ سادىقنىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ، زادىلا ئۇنىماپتۇ. نېمە بولغان، بىلىپ تۇرۇپ قەستەن شۇنداق دېدىمۇ يا مەستچىلىكتە دېدىمۇ، تېخى تۆپىلەپ: «خوتۇنۇم بولساڭ مېنى مۇشۇ يالىڭاچ پېتىم كوچىدا يېتىلەپ ماڭسەن. ھەممە ئادەمگە كۆرسىتىپ قېشىمدا ماڭسەن، بولمىسا يوقال!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. يالۋۇرۇپمۇ، تىللاپمۇ ئاخىرى ھېچ ئامال قىلالمىغان سانىيە ھېلىقى قىز بىلەن سادىقنى مىڭ بالالىقتا يالۋۇرۇپ ياتاققا كىرگۈزۈۋېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ــ بۇنى ھاراقنىڭ كۈچى دەيمىز. ھېلىمۇ سانىيە نومۇستىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماپتۇ. بەك ئىچى كۆچلۈك ئايالتى ئۇ.

ــ ئەتىسى سادىق ئەدىپىنى تازا يېگەندۇ ھەقاچان؟

ــ ئەتىسى مەستلىكى يېشىلگەن سادىق ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىر ھەپتىدەك جېدەللىشىپ سۈرىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى سانىيە بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتىمىش. ھازىر ئاجرىشىش دېگەن كىيىم يەڭگۈشلىگەندەكلا بىر ئىش بوپقالدى. بىراق، قاراپ تۇرۇپ ئىككى بالىسى يېتىم بوپقالدى ئۇ ئىككىسىنىڭ.

سانىيە بىلەن سادىقنىڭ بۇرۇنقى ئۇزۇن ـ قىسقا ئىشلىرى توغرىسىدا بىردەم قىزىقارلىق گەپلەر، تالاش ـ تارتىشلار بولدى. يەنىلا گۇناھنى سانىيەگە ئارتىپ «خوپ بوپتۇ» دېيىشتۇق. بىزچە بولغاندا، خوتۇن كىشى دېگەن قىنىدا يۈرمىسە، ئېرى بىلەن تەڭ تۇرسا ئاخىرى مانا شۇنداق كۆڭۈلگە قالاتتى...

بىز مۇشۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇنغىچە سانىيەنى غايىۋانىسىغا تىللىدۇق. ئەمما ئارىدىن بىرەرسىمىز: «سادىق ھاراقنى كۆپ ئىچىپ مەست بولمىغان بولسا، بۇ ئاقىۋەتمۇ چىقمايتتى» دېگەن گەپنى قىلمىدۇق. تۇۋا، ھاراق دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. ئىچىۋالساڭ، ئىتمۇ سەندىن قاچىدىكەن. مەست بولساڭ، ھەرقانداق غېمىڭ تۈگەپ قالغاندەك بوپقالىدىكەنسەن. ياۋاش ئادەممۇ ھاراق ئىچىۋالسا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بوپكېتىدىكەن. مەستچىلىكتە ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدىغان، ھەتتا ئۇرىدىغانلارمۇ چىقىدىكەن. ھەرقانداق جىنايەتنىڭ كۆپىنچىسى ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندا سادىر بولىدىكەن.

قارىسام ئاغىنىلەرنىڭ كەيپى چاغ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ پارىڭىنى قىلىپ خېلى ئوبدان ئولتۇرۇۋاتىمىز. كەيپىمىز كۆتۈرۈلگەندە تېخى مىللەت ھەققىدە ئۆزىمىزچە قىزىشىپ سۆزلەپ كېتىمىز. مەست بولغاندا مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە بەھس ـ مۇنازىرە قىلىش ھەم كۈلكىلىك ھەم ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. ساق چېغىمىزدا نېمىلەرنى ئويلىدۇق، نېمىلەرنى قىلدۇق، قايسى ئىشنى ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەت بىلەن قىلدۇق، بۇنىسى بىزگە غۇۋا ھەم تۇتۇق. ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن چۇقان سېلىشىمىز بەجايىكى پىچۇۋېتىلگەن بوقىنىڭ ھۆركىرىشى، ئەقلىدىن ئازغان ئادەمنىڭ قالايمىقان جۆيلۈشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا نە ساپ ئەقلىي تەپەككۇر، نە ئادەمىيلىك ھېسسىيات بولمىغاچقا، بىردەملىك ھاياجاندىن پەيدا بولغان ساختا ئەقىدىدىن باشقا، كىچىككىنە شامالدا توزۇپ كېتىدىغان توزغاقتەك، ئۇخلاپ ئەتىسى ئويغانغاندا ھېچنېمە قالمايدۇ.

بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەي تازا قىزىشىپ ئولتۇراتتۇق، ھېلىقى مۇز چىراي كۆتەكۈچى قىز كىرىپ نېمە كېرەكلىكىنى سورىدى. كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن پەرھات قىزغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ يانغا قارىۋالدى. قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

ــ ئاۋۇ قىز چىقىپ كەتتى، پەرھات. قىز دېگەندىن يانمايتتىڭ، بۈگۈن نېمە بولدۇڭ؟ ئۇنۇڭ ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىغۇ ئاداش، ــ دېدىم چاقچاق قىلىپ.

ــ قويە، قارىغۇچىلىكى يوق بىر نېمىكەن ئۇنىڭ. «ئۆزى سەتنىڭ قىلىقى سەت» دېگەن شۇدە. كۆزىمىز چۈشسە قىز بالا كەممۇ بۇ كۈنلەردە.

ــ «بوي يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك، ئەمدى ئالدىڭدا سەت بوپقالدىمۇ ئۇ قىز، پەرھات ئاداش.

ــ بۇ ئاداشقا زادى ھېلىقى سېرىق چاچلىق سەتەڭدىن باشقىسى بىكار.

ــ ئۇتى يامان نېمىكەندە ئۇ.

...

ــ ئەمسە ئاغىنىلەر، ــ دېدىم مەن، ــ پارىڭىمىز ئوبدان قىزىۋاتىدۇ. ئۇ سېرىق چاچنىڭ گېپىنى كېيىن قىلىشايلى. مەنمۇ قويۇپتىمەن، ئەمدى ئابلەت ئاغىنىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە بىر بوتۇلكا قويۇپ بەرسۇن، قانداق دەيسىلەر.

ــ بولىدۇ، چاتاق يوق. ھاراق تۈگىمەيدۇ، گەپ تۈگىمەيدۇ. مۇشۇ ئىككى نەرسە تۈگىمىسە بىزمۇ تۈگىمەيمىز. بۇ دۇنيادا بىزگە بۇنىڭدىن باشقا نېمە خۇشاللىق بار دەيسىلەر بۇ كۈنلەردە.

قىزىشقاندۇق. بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەي قىزىقچىلىق قىلىشاتتۇق،

ئاۋازىمىزنى قويۇۋېتىپ، تولكىنى تارتقان ئۆچكىدەك مەرەپ كۈلۈشىدىتتۇق، چاقچاقلىشىپ يۇمۇر ئېيتىشاتتۇق.

— باشتىلا دېگەن، خاپا بولمىساڭ، مەن ئەمدى ئىچەلمەيمەن.— دېدى زاھىر ئابلەت تەڭلىگەن رومكىغا قاراپ.

— ئادىشوي، ئىچمەمەن، ئىچمەيمەن دەيدىغان خانىچاگىنىڭ قايماق چېيى ئەمەس بۇ، بۇ دېگەن ھاراق، ئالە بۇنى!

— ھاي — ھاي، ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، ئابلەت! زاھىر ئىچىدۇ. نېمىشقا ئىچمىگۈدەك؟ ناز قىلىۋاتىدۇ شۇ بۇ ئادىشىمىز.— مەن كەيپىياتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن چاقچاق قىلدىم.

— راستىنلا ئىچەلمەيمەن، — دېدى زاھىر. ئارقىدىن گەپ قىلساڭچۇ دېگەندەك ماڭا قاراپ قويدى. مەن زوۋان سۆرەمەي جىم ئولتۇرىۋالدىم. زاھىرنى ئىچمىسۇن دېسەم ئابلەت، ئىچسۇن دېسەم زاھىر خاپا بولاتتى.

— مەنسۇر قويغاندا ئىچتىڭ، مەن قويسام ئىچمەيسەن. مەن ساڭا زەھەر قويۇپ بېرىپتىمەنمۇ- يا؟- ھاراقنىڭ تەسىرىدىن چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئابلەت زاھىرغا ھۆرپەيدى، — ھەممىمىز ئەل- ئاغىنە بولغاندىكىن ئوخشاش كۆزدە قارىساڭ بولمامدۇ؟ بىز كۆڭلۈڭدە يوقمۇ- يا؟

— ئابلەتنى تەڭلىكتە قويماي ئالغىنا، ئاداش. ھاراق دېگەن سۇ، سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ، يا ئىچىپ باقمىغان نەرسە بولمىسا. بايا بىر رومكا ئىچتىڭ، يا بىر يېرىڭنى تېشىپ چىقمىدى، تېخى قىزىرىپ خېلى رەڭلىنىپ قاپسەن.

ئامالسىز قالغان زاھىر ئىككىنچى رومكىنى ئالدى- دە، «خوش»مۇ دېمەي گۈپپىدە ئىچىۋەتتى.

— مانا ئوغۇلبالا، يارايسەن! بالاڭزا ئىچىپلا قويدى- دە. «ياق- ياق دەيدۇ، موك- موك يەيدۇ» دېگەن شۇ مانا.

ھەممەيلەن كۈلۈشتۇق، پەقەت زاھىرلا كۈلمىدى. تاپا- تەنىدىن قورقتى بولغاي، كېيىنكى رومكىلارنى گەپ قىلمايلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— «خەلپەم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دەپ زاھىرغا ھاراق توشتالمايمەنمۇ؟ نېمە؟- چاقچاق قىلدىم مەن باشقىلارغا كۆزۈمنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ.

— خاتىرجەم بول ئاداش، يەتمىگەن يېرىگە مەن بار! — دېدى ئابلەت.

— غەم قىلما، ئاداش، — پەرھات كۆزىنى قىسىپ چاقچاق قىلدى، — مەنمۇ زاپاس.

— ئاغىنىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە، بولۇپمۇ ئاغىنىمىز زاھىرنىڭ ھاراق ئىچىشتىكى جاسارىتىگە بىر شېئىر ئوقۇپ بەرسەم قانداق؟- مەن رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ مەغرۇرانە ھالدا ئۆچەيلەنگە قارىدىم.

— ئوقۇ ئاداش، قۇلىقىمىز سەندە!

— سەندەك شائىر ئاغىنىمىز بولغىنىدىن پەخىرلىنىمىز!

مەن قايسىبىر كىتابتىن يادلىۋالغان شېئىرنى ئالاھىدە ئورغۇ بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدىم:

مەي ئىچسەم ئاشقازان، مەيدەم ئېچىشىپ،
ئىچمىسەم تۇرىدۇ بىر يەر قىچىشىپ.
قىچىشقان يامانكەن ئېچىشقاندىنمۇ،
شۇڭلاشقا مەي بىلەن قالدىم چىقىشىپ.

— يارايسەن بالاڭزا!

— شائىر دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ!

— قالتىس شېئىركەن.

— ياشاپ كەت شائىر!

ماختاش سۆزلىرى ئىچىدە ئۆزۈمچە كېرىلىپ قويدۇم. سورۇن تاكى تۈن تەڭگىچە داۋاملاشتى. رېستوراندىكى خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى تارقاپ پەقەت بىزلا قالغاندۇق. ئۇنى- بۇنى دېيىشىپ، رېستوران خوجايىنىنىڭ زورلىشى بىلەن بىزمۇ ئۆيلىرىمىزگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. مەن تەڭشىلىپ قالغان زاھىرنى تاكسىغا سېلىپ، شوپۇرغا ئۇنى ئۆيىگە ساق- سالامەت ئاپىرىپ قويۇشنى تاپىلىدىم.

ئاخشامقى شۇ ئىشلار ئېسىمدە، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولدى، قايسى يول بىلەن، قانداق چاغدا، قانداق ھالدا ئۆيگە كەلدىم، بىرنىمىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. ئەتىسى پۈتۈن ئەزايىۇ- بەدىنىمنى ئۆرۈپ چىققۇدەك ئاغرىقتەك ئوسال ھالدا ئويغاندىم. زاھىر بىچارىنى ئويلاپ قالدىم، ئۇنىڭغا ھاراق زورلىغانلىقلىرىم يادىمغا يېتىپ ئۆز- ئۆزۈمگە كايىدىم.

ھاراق چىشلىۋېلىپ ئەتىسى بىر كۈن كەچكىچە گېلىمدىن تاماق ئۆتمەي مەست- ئەلەستەك يۈردۈم. كەچتە كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوندىن ئابلەتنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپىكا ئىختىيارسىز قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. يا بالدۇر ئەمەس، يا كېيىن ئەمەس، دەل مەن سورۇن تۈزگەن، مەن ھاراق زورلىغان كۈنى بۇ كېلىشمەسلىكنىڭ چىقىشىنى قارىمامدىغان. ئابلەتنىڭ ئېيتىشىچە، زاھىر قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي دوختۇرخانىدىلا قازا قىپتۇ. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھاراقتىن زەھەرلەنگەنىكەن. ئۇنىڭغا ھاراقنى زورلاپ ئىچكۈزگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم. مەن گۇناھكار، ھەممىنى قىلغان مەن، ھاراقنى زورلاپ ئىچكۈزگەنمۇ مەن... ئۆز - ئۆزۈمگە ساراڭدەك سۆزلەيتتىم. مانا، ھاراقنىڭ كاساپىتى بىلەن ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان بىر دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئىچمەيمەن دېسە، نېمىشقا ھاراق زورلىدۇق؟ نېمىشقا ئۇنى ئۆلۈم گىرۋىكىگە قىستاپ باردۇق، نېمە ئۈچۈن؟! ئۇنى زورلاپ ئىچكۈزگەندۇق، ئۇ ئاتالمىش كۆڭلىمىزنى قايتۇرالماي ئىچكەندى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆلۈپ قارا يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىۋىدى، بىز كۆزىمىزنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ، ئۇھ تارتىشتىن باشقىغا يارىمىدۇق. ئاھ زاھىر، ھەي ھاراق!...

※ ※ ※

شۇ كەچۈرگۈسىز پاجىئەدىن كېيىن ئۈچەيلەن ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم قىلىشتۇق. مانا بۈگۈن زاھىرنىڭ يىل نەزىرىنى بېرىپ بولۇپ قايتقاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز بىزنىڭ ئۆيدە باش قوشۇشۇپ قالدۇق.

— مۇنداق قىلايلى، ئاغىنىلەر، — مەن ئۇلارغا داستىخان سېلىپ چاي قۇيدۇم، — ئۆيدە بۈگۈن ئايالىم يوق، شۇنداقتىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ھەممە نەرسە تەل، — داستىخانغا مېۋە- چېۋە، قەنت- گېزەكلەرنى تىزىپ بولۇپ، باياتىن ئېلىۋالغان ئىككى كىلو تونۇر كاۋىپى بىلەن بىر كىلو ئۆپكە - ھېسىپنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، — سىلەرمۇ بىلىسىلەر، خوتۇن كىشى دېگەن بىر كۈنى ئاپامنى كۆرگۈم كەلدى دەۋاتقان، بىر كۈنى دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ دەۋاتقان. ئەتىگەندىلا بالىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭكىگە كەتكەن. شۇڭا داستىخان سەل غورىگىلراق بوپقالدى، شۇنداقتىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، كۆڭلۈڭلىگە ئالماي كەڭ- كۇشادە ئولتۇرساڭلار.

— ئۆز ئادەم بولغاندىكىن بۇنچە ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولاتتى ئاداش. ئايالىڭ ئۆيدە بولمىغاندىكىن، نېمە قىلاتتىڭ بۇنداق جاپا تارتىپ. زادى

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈڭ دەريا جۇمۇ سېنىڭ.

- سېنى ئاۋارە قىلغۇچە سىرتتا ئولتۇرىدىغان ئىشكەنتۇق.

- بىز ئەل- ئاغىنە تۇرۇپ بۇنداق دېيىشمەيلى. سىرتتا ئولتۇرساق ھاراق ئىچىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇزۇن بوپتۇ، ئاغىنىمىز زاھىرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بىر يەرگىمۇ جەم بولالمىدۇق،- مەن بىر بوتۇلكا پىۋىنى قولۇمغا ئېلىپ سۆز باشلىدىم،- ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىز ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم قىلغان. بىراق بۈگۈن ئازراق ئولتۇرساق دەيمەن. ئاق ھاراق ئىچمىگەندىكىن ھېچ ئىش بولماس، پىۋا ئەمەسمۇ؟ ئۇسسۇزلۇق. ھەرقايسىڭلاردەك جانجىگەر دوستلارنى دەپ بىر يەشىك پىۋا ئەكېلىپ قويغان، ئىچكەچ مۇڭدىشايلى. خوشە!

ئابلەت بىلەن پەرھات بىر- بىرىگە قارىشىپ قويىدى. بۇ جاھاندا دېگەن گېپىدىن يېنىۋېلىشنىڭ باھانە- سەۋەبلىرى تېپىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە ۋەدە- قەسىمدە تۇرىدىغان ئادەمنى تاپماق تەس بوپكەتتى.

- بوپتۇ، - دېدى پەرھات ئورنىدىن ئازراق قىمىرلاپ قويۇپ، - ئەمدى ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدىكەن. راست گەپنى دېگەندە، مۇشۇ ھاراق- شاراب بولمىسا ئاغىنىلەرمۇ بىر- بىرىمىزنى ئىزدەشمەيدىكەنمىز. بىر يەرگە كېلەلمىساقمۇ ئىچەلەيمىز. يېيىلىپ ئولتۇرالمايدىكەنمىز. نېمە ئامال، ئىچسەك ئىچەيلى. ئەمما چېغىدا بولسۇن، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ بىر ئىش قىلارمىز. پىۋىنىمۇ كۆپ ئىچىۋالساق مەست قىلىدۇ.

ئابلەت ئۈندىمىدى، ئۇمۇ پەرھاتنىڭ گېپىگە قوشۇلسا كېرەك. تۈنجى رۇمكىنى مەن ئىچتىم، ئارقىدىن ئۇلارغا قۇيدۇم. ئابلەت بىلەن پەرھاتمۇ ئاستا- ئاستا ئېچىلىپ، قىزىق پاراڭ بىلەن خۇشھال ئولتۇرۇشقا باشلىدى. بوتۇلكىلار بىر- بىرلەپ قۇرۇقدالماقتا. سورۇن بارغانچە قىزىپ، قىزلاردىن تارتىپ خەلقئارا ۋەزىيەت، كىشىلىك تۇرمۇشقىچە ھەممە گەپ بولۇنماقتا.

- پەرھات ئاغىنىمىزنىڭ گىتارغا خېلى پەيزى بار. بىر پەدە چېلىپ بەرمەسۇنمۇ؟ - مەن تامغا ئېسىقلىق گىتارنى ئېلىپ پەرھاتقا ئۇزاتتىم.

- مەن ياخشى چالالمايمەن، قويىنى يەنىلا قاسساپنىڭ سويغىنى ياخشى. ئۆزۈڭ چالغىن، ئۆي ئىگىسى ئەمەسمۇ؟- دېدى پەرھات كەمتەرلىك بىلەن.

- چال دېگەندىكىن چالامسەن؟ يا ھېلىقى سېرىق چاچ تومۇچۇقنى چاقىرىپ كېلەمدۇق؟- دېدى ئابلەت.

- ھەي، قويۇڭلار، ئەرگە تېگىپ كەتتى ئۇ. ھەر يادىمغا يەتسە يۈرىكىم ئېچىشىدۇ.

- قىز بالىغا تويمايلا جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىسەنغۇ پەرھات، قېنى بىر پەدە چاله، يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تەگكۈدەك قىلىپ تازا.

پەرھات گىتارنى ئېلىپ ئازراق تەڭشىگەندىن كېيىن، ئالدىغا سەل ئېگىلىپ ناخشىسىنى باشلىدى:

ھاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
تاماكا چېكىدۇ دەيدۇ.
ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ،
مېنىڭ دەردىمنى بىلمەيدۇ.
ھەي... مېنىڭ دەردىمنى بىلمەيدۇ...
...........

ناخشا ئاخىرلىششى بىلەن ھەممىمىز تەڭلا چاۋاك چالدۇق.

- ئوبدان چالدىڭ، ئاداش.

- ئېيتىپ قويسەندە، دېگەنبىلەن. قېنى ئاداش، ناخشاڭنىڭ ھۆرمىتىگە بىر ئىستاكان پىۋا كەلتۈردۇم.

- ماختىغىنىڭلارغا رەھمەت، ئاغىنىلەر. سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن، بۈگۈندىن كېيىن ئاق ھاراق ئىچمەي داۋاملىق پىۋا ئىچىشىمىز ئۈچۈن، خوشە!

- خوشە!

ئابلەت بىلەن ئىككىمىز تەڭلا كۆتۈرۈۋەتتۇق. پەرھات بايا گېپى بولغان سېرىق چاچلىق قىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بەردى. ئۇ قىز ئەرگە تېگىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنە خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈرۈۋېتىپتۇ. كۈندە نەچچە قېتىم تېلېفونلىشىپ تۇرىدىكەن. ئەگەر پەرھات دادىسىدىن قورقمىسا، بىر بالىسىنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماي خوتۇننى قويۇۋېتىپلا شۇنى ئالغۇسى باركەن. بولۇپمۇ ئىچىپ تەڭشەلگەندە سېغىنىش ئوتلىرى يالقۇنجاپ، سېرىق چاچ بىلەن كۆرۈشمىسە كۆڭلى قويمايدىكەن.

- ئۇنداق قىزلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ. نېمىشقىكىن، پەقەتلا ئۇنتۇيالمايۋاتىمەن. كاساپەت يا مېنى ئۆزىگە ئوقۇتۇۋالدىمۇ، ھېچ بىلمىدىم. ئولتۇرسام- قوپسام خىيالىم شۇنىڭدا. بولۇپمۇ ئىچىپ قالغان چاغلاردا تېخىمۇ سېغىنىمەن ئۇ كاساپەتنى، - پەرھات قويۇق چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تاراپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاغىنىلەر، ھەممىڭلارغا سالام!

توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ قوشنىمىز ئابدۇسالام قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارغان، مەنمۇ بار دېگەندەك ئۆزىگە سەل قىسقا كېلىپ قالغان چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق چىقىپ تۇراتتى.

- ھەي مەنسۇر، سورۇنغا چاقىرمىساڭمۇ ناخشاڭلارنى ئاڭلاپ ئۆزۈم بىلىپلا كىرىۋەردىم. قارشى ئالمساڭ ھازىرلا چىقىپ...

ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ كۆڭلى بەكمۇ زىللىشىپ كېتىدۇ. ئابدۇسالامنىڭ ئۇسۇپلا كىرىشى ماڭا تازا خۇشياقمىغان بولسىمۇ، چىقىپ كەت دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك ھەدەپ ئىشىك تەرەپكە دېۋەيلىشى شۇنداقلا قىلىپ قويغان ئىشى- ياسالمىلىق، خالاس.

- كەل ئاداش، قارشى ئالىمىز. قېنى چاۋاك بىلەن،- ئۈچەيلەن تەڭلا چاۋاك چالدۇق. ئابدۇسالام بىز بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن پەرھاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، ئۇسۇپ قالغان ساقاللىرىغا توخۇ كاۋېپىنىڭ يۇقىلىرى چاپلىشىپ قالغانىدى. چېكىلىكى ھارۋا چاقىنىڭ قاتلىشىپ قالغان قاسقىنىدەك كۆرۈنىدىغان مايماق شەپكىسى ھازىرلا بېشىدىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

- مېنىڭ سورۇنغا قۇرۇق كەلمەيدىغان بىر ئادىتىم بار. شۇڭا مەنمۇ بىر بوتۇلكا ھاراقنى...- ئابدۇسالام يانچۇقىدىكى «كۆچا مۇقەددەس ھارىقى»نى چىقىرىپ داستىخانغا قويدى.

بىز بىر- بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق. بىر چىرايلىق سورۇننى قالايمىقان قىلىپ نەدىن كەلدى بۇ ھاراقكەش؟

- ئاداش، كۆڭلۈڭگە ئالمساڭ، - مەن پىۋا قۇيۇلغان ئىستاكاننى ئابدۇسالامغا ئۇزاتتىم،- ئاق ھاراق ئىچمىدۇق. پىۋا ئىچىۋاتىمىز، ھاراق ئىچمەسلىككە ۋەدىلىشىپ قويۇپتىكەنمىز.

— ئا...ھاي، ئوغۇلبالىدەك ئىش قىلمايمىزمۇ؟ بۇنداق ھېچقىز ئىچىدىغان بىر نېمىنى ئىچمەي، ماۋۇ ئەر كىشى ئىچىدىغان نەرسىنى ئىچمەيمىزمۇ؟ ۋەدىلىشىپ قويۇپتىكەنمىز دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ ۋەدىلىشىدىغان خوتۇن كىشى بولمىساڭلار يا. بۇنداق پىس- پاس گەپنى قىلىشماي ھاراق ئىچەيلى، ھاراق!- دېدى ئابدۇسالام قوللىرىنى شىلتىپ،- مۇنۇ ھاراقنى بىر قويغىنا. مەن دېگەن سورۇندىن ئىككىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كەلگەن ئوغۇلبالا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ ئاغىنىلەر بىلەن تونۇشۇش يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئاق ھاراقنى تەڭ ئىچىمەن،- ئۇ شۇنداق دېگەچ بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي مالاچلىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

— ئابدۇسالام ئاداش، سەن تەڭشىلىپ قاپسەن. مۇنۇ ھاراقنى كېيىن ئىچەرمىز. بۈگۈن پىۋا ئىچىۋەرمەيمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنىڭغا نىيەت قىپقاپتىمىز،- دېدىم تەڭقىسلىقتا.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ سەن قويغان پىۋىنى ئىچمەيمەن، ھاراق ئىچىمەن. بىلىپ قوي، ماۋۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ. قائىدە بويىچە ھاراقنى سەن ئەكىرسەڭ بولاتتى. قوشنىكەنمىز دەپ يۈزۈڭنى قىلسام، سەن يۈزۈمنى قىلمايۋاتىسەن. خاتا كىرىپ قالغان ئوخشىمايمەنمۇ؟ بولدى، چىقىپ كېتەي، سىلەر پىۋاڭلارنى ئىچىۋېرىڭلار!

— ئولتۇرغىنە ئاداش، نېمانداق كىچىك بالىدەك قىلىق قىلىسەن،- مەن مېڭىشقا تەمشەلگەن ئابدۇسالامنى توستۇم. جاھان دېگەندە ئىرادىگە قارشى ئىشلار تولا بولىدۇ. مانا ھازىر كۆڭلۈمدە ئۇنى پاتراق چىقىپ كەتسىكەن دەپ ئويلىسامۇ، يەنە ئۇنى زورلاپ ئولتۇرغۇزدۇم.

— بولدى، بولدى، مەن زادى چىقىپ كېتەي. سىلەردەك كاتتا ئادەملەر بىلەن، بولۇپمۇ پىۋا ئىچىدىغانلار بىلەن ئولتۇرۇشقا سالاھىيىتىم توشمىغۇدەك،- دېدى ئابدۇسالام.

— مەقسەت مۇشۇ ھاراقنى ئىچكۈزۈشمىتى؟ ئىچەك ئىچتۇق، بۇ يا ئىچىپ باقمىغان نەرسە بولمىسا،- ئابدۇسالامنىڭ گەپلىرى ماڭا ھار كەلگەنىدى. ئاق ھاراقنى پىيالىگە قويۇپ ئاچچىقىمدا گۇپپىدە ئىچىۋەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىۋىمۇ خېلى قىزىتىپ قويغانىدى.

پىۋا بىلەن ئاق ھاراقنى ئەبجەش قىلىپ ئىچكەندىن كېيىن ئاسانلا مەست بولدۇق. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، ئاغزىغا كەلگىنىچە بىر نېمىلەرنى دەيتتى. مېنىڭمۇ سۆزلىرىم بارغانچە ئاۋۇپ، گەپ قىلغۇم كېلىپلا تۇراتتى. ھاراق ئىچكەندىن كېيىن تولا گەپ قىلىش، سورىمىغان ئىشنى بىكاردىن بىكارغا سۆزلەپ يۈرۈش، ئۆزىنى جاھاندا ھەممىدىن قالتىس چاغلاش جاھاندىكى ھاراقكەشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولسا كېرەك.

— ئاغىنىمىز ئابدۇسالام ئايال دېگەنگە شۇنداق ئامراق دەڭلار، — مەن ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن گەپ باشلىدىم،- پات- پات ئۆيىدىن غەيرىي- غەيرىي قىز- جوكانلار چىقىپ قالىدۇ. بىر كۈنى سورىسام نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر، مۇنۇ دوقمۇشتىكى ئاياللار ھاجەتخانىسىنىڭ ھاجەت قىلىدىغان يېرى ئاران ئۈچ بولغاچقا، ئاياللار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ قالىدىكەن. شۇڭا تونۇش- بىلىش ئاياللار مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆچىرەت ساقلاپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ دەيدۇ.

بۇ چاقچاقنىڭ قانداقلارچە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. «توخۇنىڭ يېمەيدىغىنى، مەستنىڭ دېمەيدىغىنى يوق» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. ھاراق ئىچكەندە گەپ توقۇشقىمۇ ئۇستا بوپكېتىدىكەن كىشى .

— مەنسۇر ئاداش، مەن نەدە ئاياللار ھاجەتخانىسىنىڭ ھاجەت قىلىدىغان يېرى ئۈچكەن دېدىم؟ ئۆزۈڭ توقۇپ چىقارغان گەپ بۇ.

— بۇ ئاغىنىمىز راستىنلا ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كىرىدىمۇ نېمە؟- دېدى پەرھات ھەييارلىق بىلەن ئابدۇسالامغا قاراپ،- بولمىسا، ئاياللار ھاجەتخانىسىنىڭ ھاجەت قىلىدىغان يېرىنىڭ ئۈچ ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىدۇ؟

— مەن ھەرگىز ئۇنداق دېمىدىم، بۇ مەنسۇر توقىغان گەپ.

— تېنىۋالدىڭ - ھە؟ ئۆزۈڭ دېگەن گەپ ئۇ. ئېسىڭدىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاداش.

ئابدۇسالام قولىنىڭ كەينى بىلەن شالىنى ئېرتقاچ ماڭا ئاچچىق بىلەن گۆلىيىدى. بىر نېمە دېگۈسى بار ئىدى، ئەمما ئاچچىقىدىن ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغاندەك قىلاتتى.

— ئاغىنىلەر، سائەت 12 دىن ئېشىپتۇ، مەنسۇرمۇ ئاياللار ھاجەتخانىسىنىڭ ھاجەت قىلىدىغان يېرى ئۈچ دېدى، شۇنىڭغا قارىغاندا...

— دېدى پەرھات ھېجىيىپ.

— بايىقاپ گەپ قىل، مەن نەدە ئۇنداق دېدىم؟ — مەن پەرھاتقا ۋارقىرىدىم، - ئابدۇسالام شۇنداق دېدى دېدىم.

— نېملا بولمىسۇن، مۇشۇ گەپ چىقتى. ئىشقىلىپ ئىككىڭلار ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كىرگەن ئوخشايسىلەر، - دېدى پەرھات قوللىرىنى سىلكىپ.

— مېنىڭچە، ئۈچ ئەمەسمىكىن دەيمەن، ئۇنىڭدىن كۆپتۇ؟ — ئابلەز سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەنگە قارىدى.

— مېنىڭچە، ئۈچ بولۇشى مۇمكىن، - ئابدۇسالاممۇ بىردىنلا .

— مېنىڭچە بەشتىن كەم ئەمەس، بولمىسا ئۇنى ھاجەتخانا دېگىلى بولامدۇ؟- دېدى پەرھات.

تالاش- تارتىش قىزىپ كەتتى، ھەممەيلەن ئۆز پىكرىمىزنى تەكىتلەيتتۇق، ھاراقمۇ تۈگەي دەپ قالغانىدى. ئەمما ئاياللار ھاجەتخانىسى ھەققىدىكى گەپلەر ئۆلغىيىپ، بارغانسېرى قىزىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا، ھازىر ئاياللار ھاجەتخانىسىدا ئادەم يوق، كىرىپ ساناپ باقىلى بولمىسا،- دېدى ئابدۇسالام دەلدەڭشىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ،- ئۆيۈڭدە قولچىراغ بارمۇ؟

— بار.

نېمە ئىشلار بوپكېتىۋاتىدۇ، ھېچ ئاڭقىرالمايلا قالدىم. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىشلىرىمىزنىڭ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان ئەخمەقانىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قانداق بولاركىن دېگەندەك بىر قىزىقىش بار ئىدى. مەست بولغاندا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىدىكەن، ئۇنى تۇسىدىغان ئادەم چىقمايدىكەن. چىقسىمۇ بەربىر، مەست دېگەن ئېشەكتىن ئۆتە جاھىللىشىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ...

ھەممىمىز سىرتقا چىقتۇق. تەلىيىمىزگە ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، سىرتتا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتراپ جىمجىت، ھەممە ئۇيقۇغا

www.uygurkitap.com

كېتىشكەنىدى. ئابدۇسالام خۇددى بىزگە يول باشلىماقچى بولغاندەك قولچىراغنى يورۇتۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

ـ مەن كىرمەيمەن، ـ ھاجەتخانىغا يېقىن كەلگەندە ھەممىدىن بۇرۇن ئابلەت كەينىگە داجىدى، ـ بىرسى كۆرۈپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟

ـ مەنمۇ كىرمەيمەن، خوتۇن كىشىنىڭ ھاجەتخانىدىكى قىياپىتى چوقۇم ناھايىتى سەت، كۆرۈپ قالسام ئاياللارنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ، ـ دېدى پەرھات خىرىلداپ كۈلگىنىچە.

ـ مەنمۇ تۇرۇپ تۇراي، ئاياللار ھاجەتخانىسى ئەمەسمۇ، ئالمادىس بىرەرسى كۆرۈپ قالسا...

ـ ھەممىڭ توخۇ يۈرەك نېمىلەركەنسەن. بولدى، ئۆزۈم كىرىپ چىقاي، ھازىر ھاجەتخانىدا چوقۇم ئادەم يوق.ـ ئابدۇسالام بىزدىن سەل خاپا بولغان ھالدا ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقىپ خۇددى بىر چوڭ ئىشنى پۈتتۈرگەندەك بىزگە خەۋەر يەتكۈزدى:

ـ ئولتۇرۇپ ھاجەت قىلىدىغان يېرى بەشكەن ئەمەسمۇ؟

ـ ئەستا، توغرا مۆلچەرلىيەلمەي قاپتىمىز.

ـ تەخمىنەن دېدۇق ئەمەسمۇ؟

غۇلغۇلا قىلغاچ ئۆيگە قايتىپ كىردۇق، ھەممىمىز ئارام تاپقاندەك، قىيىن بىر مەسىلىنى ھەل قىلغاندەك خاتىرجەم بوپقالغاندۇق.

ـ ھەرقايسىڭلارغا دەپ قوياي، بۈگۈنكى ئىش مۇشۇ سورۇندىلا قالسۇن، ئاغىنىلەر، ـ تۇرۇپلا قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەشكە باشلىدى ئابدۇسالام.ـ ئاياللار ھاجەتخانىسىغا مەن كىرىپ چىقتىم. ناۋادا مۇشۇ گەپ ئارقىلىپ كېتىدىغان بولسا، ئۈچىڭلاردىن ھېساب ئالىمەن. مەندىن ئۆتۈلالمايسىلەر، يامانراقنى دېگەندە، ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن كاللاڭلارنى ئۇرۇپ يېرىۋېتىمەن.

ـ نېمە چالۋاقايسەن، ئاداش؟ ئۆزۈڭچە بىزگە تەھدىت سېلىۋاتامسەن؟ـ مېنىڭ غۇزۇردە ئاچچىقىم كەلدى. ئابدۇسالامچە بولغاندا، بىز بۇ ئىشلارنى ئاشكارىلاپ قويىمىز، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ كاللىمىزنى بوتۇلكا بىلەن ئۇرۇپ يېرىۋېتىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئەسكەرتىپ قويمىسا بولمايدۇ. قارا ئۇنى، كىچىك بالىنى قورقۇتقاندەك، بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ؟

ـ كىمگە پوپوزا قىلىۋاتىدۇ بۇ ئاداش؟

ـ يا بىز ئاياللار ھاجەتخانىسىغا زورلاپ كىرگۈزمەسمەك؟

تۇشمۇ تۇشتىن ئابدۇسالامنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەردۇق. كاللا قىزىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ گەپلىرى بىزگە خېلىلا تەسىر قىلغانىدى.

ـ قولۇڭنى شىلتىمەي گەپ قىل ئاداش، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ ھە دەپ بەرسە ئەجەب ئاينىپ كەتتىڭغۇ؟ ئايغاننى بىل جۇمۇ؟

ـ ئاينىسام قانداق قىلاتتىڭ؟ـ ئابدۇسالامنى بوينىنى سوزۇپ ھۆرپەيدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى چەكچەيگەن، مەڭز گۆشلىرى لىپىلداپ كەتكەنىدى.

ـ قانداق قىلاتتىڭ؟ بىلىپ قوي، ماۋۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بولمايدىغان بولسا...

ـ ئۆيۈڭ بولسا قانداق قىلاي؟ ماڭە ئەمىسە سىرتقا چىقىمىز.

ـ ھاي ـ ھاي،ئۇنداق دېيىشمەڭلار، قوشنا ئىكەنسىلەر، سەت تۇرىدۇ،ـ ئابلەت بىلەن پەرھات ئارىغا چۈشتى.

ـ سەندىن قورققان جانىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن، ئۇقۇپ قوي! مەن ئەخمەق، سەندەك نائەھلىنى مېھمان قىلغان گۇناھ ئۆزۈمدە. ئۆيگە كىرگەندىلا كۆتۈڭگە تېپىپ چىقىرىۋېتىش كېرەك ئىدى.ـ مېنىڭ قاتتىق غەزىپىم كەلگەنىدى.ـ سەندەك گۈينىۋاغىۇ...

ـ نېمە؟ مېنى گۈي دەۋاتامسەن تېخى، مانا ئەمىسە! ـ ئابدۇسالام ئالدىدىكى قۇرۇق ئىستاكاننى ئېلىپلا ماڭا ئاتتى. ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، ئىستاكان پېشانەمگە «جاڭ» قىلىپ تەگدى، ئازراق سەگدىم. پېشانەم سەل ئاغرىغاندەك بولۇپ، ئىسسىق بىر نەرسە يۈزۈمگە ئېقىپ چۈشتى. پېشانەمنى تۇتۇۋىدىم، قوللىرىم مىچچىدە قان يۇقى.

ـ ما ھەزىلەكنى، «ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ» دېگەن شۇ دە. تۈزكور ئەبلەخكىنا بۇ، ئادەم ئەمەس توڭگۇز، قېنى پىچاق؟ قارنىنى يېرىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس بۇ مۇناپىقنىڭ.

ئابلەت بىلەن پەرھات ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ مېنى تۇتۇۋالدى، مەن يۇلقۇنۇپ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتىم، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بوشۇنۇپلا ئالسام ئابدۇسالامنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك قىلاتتىم. بىر چاغدا قارىسام ئابدۇسالام يوق، ئالللبۇرۇن تىكىۋېتىپتۇ.

ـ بولدى قىل ئاداش، دوختۇرغا بارايلى، ـ ئابلەت ماڭا تەسەللى بەردى ھەم بېشىمنى لۆڭگە بىلەن تېڭىپ، مېنى سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. شۇ تاپتا پېشانەمدىن توختىماي قان چىقىۋاتاتتى. ئۇلار پېشانەمگە تېڭىپ قويغان لۆڭگىمۇ كار قىلمىغانىدى.

ـ خەپ، ھاراق! ئابدۇسالام دېگەن گۈيمۇ نەدىن ئەكىردى شۇ ھاراقنى. بۇنىڭدىن كېيىن پىۋا دېگەننىمۇ ئىچمەسمىنا...

يولدا بارغىچە خېلىلا سەگىپ قالغاندىم. تووا، خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ. شۇ مەستچىلىكتە قولۇمغا پالتا ـ پىچاقتەك بىرەر نەرسە چىقىپ قالغان بولسىزە... خۇدا ئۇنداق قارا كۈننى كۆرسەتمىسۇن. نېمە بولۇۋاتىمىز زادى؟ بىكاردىن بىكار ھاراق ئىچىپ، ئۆزىمىزگە خاپىلىق تېپىشتىن بىزگە نېمە پايدا؟ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە ئادەم ھاراقنى قارغاۋاتىمىز، تىللاۋاتىمىز، ئىچىۋاتقانلارمۇ، ئىچمەيدىغانلارمۇ شۇ. بىراق يەنە ئۇنى قوغلىشىپ يۈرۈپ ئۆلگۈدەك ئىچىۋاتىمىز. بىر قارىسا كىيىمنىڭ نوچىسىنى كىيىپ، قېتىپ يۈرۈۋاتقىنىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان ساراڭدىن جىق پەرقىمىز يوقكەن بىزنىڭ. روھىمىز قوغۇنلۇققا تىكلەپ قويغان قارانچۇقنىڭ ئەسكى چاپىنىدەك تىتما ـ كاتاڭ، ئۆتمۈشۈك ھەم جۇل ـ جۇل بوپكەتكەندەك قىلىدۇ. بىزدەك ئادەملەر كىچىككىنە بوران چىقسا غازاڭدەك پىرقىراپ، ئۇچرىغانلا يەردىكى پاسكىنچىلىقلارغا كۆمۈلۈپ قالغۇدەكمىز. ھالىمىز يىلتىزى يوق قامغاقنىڭ ئۆزىلا بوپتىغۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى.

بىراق مۇشۇ خىياللارنىڭ قانچە ئۇزۇن بىزنى ھاراقتىن توسۇپ قالالايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. جاھاندا ھاراق ئىچمەشلەر بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئېغىرراق ئاقىۋەتكە قالغانلار ۋە مۇشۇنداق ئويلايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس... تۇيۇقسىز شەخسەن ئۆزۈم ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. مۇشۇ خىل ھېسسىياتنىڭ مەندە قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى، قاچانغىچە ھېساب بولىدىغانلىغىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. تۇرۇپلا كىچىككىنە ئوغلۇم ئۆتكۈر كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ قانداق قىلار؟ ئۇمۇ كەلگۈسىدە ماڭا ئوخشاش قاچانلا قارىسا مەست ـ ئەلەس، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان يارىماس ئادەم بولارمۇ ياكى...

ھەي ھاراق!... ھەي ئادەم!

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە بېھىشباغ يېزىسىنىڭ باشلىقى (M2)



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## ئاقىللار كۆلىزارلىقىغا بېسىلغان تۇنجى قەدەم

▲ پۇرسەت ھەمىشە «ۋاقتى ئەمەس» دېگەن تەرسالىق ياكى ئارىسالدىلىق تۈپەيلى كېتىپ قالىدۇ.

▲ بۈگۈنكى سىناقتىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ ئەتىكى ئىمتىھانغا ئىشەنچ باغلىما.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئۆزۈڭگە دەستۇر قىل، شۇندىلا ھاياتىڭغا نىشان بەلگىلىيەلەيسەن.

— تۇرسۇن ھەسەن

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قۇرما يېزا تېرىم مەھەللە كەنتىدە، دېھقان

## تۇرمۇش تۇيغۇلىرى

▲ مەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كىشىلەرنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن، كىشىلەرنىڭ روھىيىتى ۋە تەپەككۇرىدىكى يۈكسىلىش — تەرەققىياتلارنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن كۆردۈم.

▲ ئەر ئايالنىڭ جىسمىنى باش ئەگدۈرسە، ئايال ئەرگە ئەسىر، روھىنى باش ئەگدۈرسە، ئايال ئەرگە قۇل.

▲ غايە ئۇ تۇخۇمغا ئوخشاش، ۋاقتىدا باسۇرساڭ چۈجە چىقىدۇ، ساقلاۋېرىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ سېسىيدۇ.

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى دېھقان ئاپتورلارنىڭ تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىنى كۆرۈپ، «ئەسكى چاپان ئىچىدىمۇ ئادەم بار»دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسىگە ھەقىقىي يەتتىم.

— ئابدۇرەھمان ئىبراھىم

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر پاختەكلى يېزا سوغۇلۇق كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ بەختنى ھەركىم ئۆز قېلىپى بىلەن قويىدۇ.

▲ ھايۋان ئاڭسىز، ئادەم ئاڭلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھايۋاننى تاياق-توقماق، ئادەمنى قانۇن-ئەخلاق بىلەن باشقۇرىمىز.

▲ چاچ — بەدەننىڭ بوستانلىقى.

▲ ئالەمنى ئالەم قىلىۋاتقىنىمۇ ئادەم، مالەم قىلىۋاتقىنىمۇ ئادەم.

— ئەيسا ھاجىم مۇختار

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھېكمەت خاتىرەمدىن ئۆزۈندىلەر

▲ يالغان ئېيتساڭ ھىجايما، چاندۇرۇپ قويىسەن.

▲ ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. ئەگەر بۇ چەككە يېتەلمىسەڭ

تەپەككۇر كۆزى

www.uyghurkitap.com

نادان، يەتسەڭ دانا، ئېشىپ كەتسەڭ ساراڭ ھېسابلىنىسەن.

▲ ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەرنى يەڭسەڭ باتۇرلۇق، ئۆزۈڭدىن ئاجىزلارنى يەڭسەڭ نامەردلىك.

▲ دوستلار ئارىسىدىكى زىددىيەت كۆپىنچە ئورتاق مەنپەئەتنى تالىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

— مۇھەممەتئېلى نىياز ئەلقۇت

---

ئاپتور: جياڭسۇ ئۆلكىسى خەنجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى 2005 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋە توي قىلىپ بولغان ھەر بىر قىز ـ يىگىتكە قىرغىز دېھقان يازغۇچى ئابدۇرەھمان ئەمزىز ئوغلىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 3 ـ سانىغا بېسىلغان «ئوغلۇمنىڭ ئۆيى»ناملىق ھېكايىسىنى بىر ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

▲ ئىلگىرى ماقالە يازغان چاغلىرىمدا ماقالىگە ھېكمەتلىك سۆز ئىشلىتىش توغرا كەلسە نەدىن ئىزدەشنى بىلمەيتتىم. ھازىر بولسا قىلچە ئىككىلەنمەيلا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن ئىزدەيدىغان بولدۇم.

— مۇخلىس تۇرسۇن(كەنجى ئالپاغۇت)

---

ئاپتور: جياڭسۇ ئۆلكىسى خەنجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى 2005 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى

## ئويغاق ھېسلار

▲ چاك باسمىغان گەپ ــ پىكىردىكى ئەخلەت.

▲ ئانىنىڭ قىزىدىن ئاغرىنىشى بىردەملىك، ئەمما ئاتىنىڭ ئاغرىنىشى بولسا قىيامەتلىك.

▲ ئۇستازلار ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىسا ، شاگىرتلار ئۆز تەقدىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇشقا ئالدىرايدۇ.

▲كۆپنى كۆرگەن تەمكىن بولۇر، كۆپنى سۆيگەن غەمكىن.

▲ ئاتا ـ ئانىسىغا بوي بەرمىگەن قىزنىڭ تويى كۆپ بولىدۇ.

▲ پەم ــ ئاقىلنىڭ بېشىدىكى تاج.

— ئابلىكىم قارىي

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2004 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئايالىڭ ئۆلدى ــ بەختىڭ ئۆلدى.

▲ قانۇندىن گۇمانلىنالمايمىز، ئەمما سوتچىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىقمىز.

— تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە، دېھقان

▲ ھوقۇق تۇتۇش ــ تەلپۈنۈپ چىقىپ، تەلمۈرۈپ چۈشىدىغان جەريان.

▲ ئائىلە قۇرۇش ــ شوپۇر بىلەن بىلەتچى ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېكەتتىن قۇرۇق يولغا چىقىپ، يول بويى ئادەم سېلىپ، يولۇچىلارنى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئاخىرى يەنە شوپۇر بىلەن بىلەتچى ماشىنىسىدا بىر ـ بىرىگە قاراپ يالغۇز قالىدىغان جەريان.

— رىزائىددىن نۇرئەھمەت

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە مازار يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىن ئىبارەت سىرداش دوستۇم مېنى زىيادە ئاق كۆڭۈللۈكتىن ھوشيارلىققا ، ئالدىراڭغۇلۇقتىن تەمكىنلىككە، جۇرئەتسىزلىكتىن جۇرئەتچانلىققا ئېرىشتۈرۈشتىكى مەسلىھەتچى بولدى؛ دېمەك ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتتى.

— تۇردىگۇل يۈسۈپ

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

▲ مېۋىنىڭ قويۇق چېچەكلىگەنلىكىگە قاراپ خۇشھال بولما، چۈنكى چېچەكنىڭ ھەممىسى مېۋە بولمايدۇ.

— ياسىنجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

▲ «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن ماقال ـ تەمسىلنىڭ ئەمەلىيىتىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدە كۆردۈم.

— نۇربىيەم ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن تولۇق 2 ـ يىللىق 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مەن ئويلاۋاتقان پىكىرلەر

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قول سېلىپ ئىشلەۋېتىپتۇ؛ قانداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ سېتىۋاتقانلار تېخى ئىش باشلىماپتۇ.

▲ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەرلەردە ھىمايىسىگە ئېلىش، ئاياللاردا بولسا ئۆزىنى بېغىشلاش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

▲ باللار ـ بىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەردىن ئاشكارا بېشارەت بەرگۈچىلەردۇر.

— ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى «پاسىئان» ئۇيغۇر كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ ھازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشى ناھايىتى تېز، ئەمما ھەقىقەتنى تونۇشى تولىمۇ ئاستا بولماقتا.

▲ ئادەم ھەرقانداق ئىش ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي كەلگەن.

▲ ئۆزىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ــ ئازسۆزلەش.

— ئابلەتجان ئابدۇقادىر

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ئەگۈس يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ ئۆزۈڭنىڭ قەدىرسىزلىكىنى، ئۆزۈڭ ئەل قەدىرلىگەن كىشى تەرىپىدىن خارلانغىنىڭدا ھېس قىلىسەن.

— ئاينۇر مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 10-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بوۋام: «باللىرىم، ئوماق نەۋرىلىرىم، سىلەرنىڭ كومپيۇتېرىڭلار بولغىنىدەك، ھازىر مېنىڭمۇ ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىدىن ئىبارەت ئىلغار ھەم قولايلىق بىر كومپيۇتېرىم بار بولدى. ئۇنى قاچانلا ئاچسام زېرىكمەيمەن. ھەر قېتىم ئېچىپ كۆرگىنىمدە يېڭىدىن يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولىمەن» دەيدۇ.

— زۇمرەتگۈل ئەھمەت

ئاپتور: تۇرپان شەھەر چاتقال يېزا بەش بالا كارىز كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ۋىجدان سورىقىنى پەقەت ۋىجدانلىق ئادەملەرلا ھېس قىلالايدۇ.

▲ داھىي ئۆز دەۋرىدە خاتالاشمايدۇ، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تارىخ بېكىتىدۇ.

▲ باشقىلار بىزنىڭ كۆزىمىزگە سىغمىسا، بىزمۇ باشقىلارنىڭ قەلبىگە سىغمايمىز.

▲ كاللاڭ قانچىلىك بولسا، مەنزىلىڭ شۇنچىلىك.

▲ تولا ۋەدە بەرگەن ئادەم ئىشەنچسىز بولغىنىدەك، ئېلان بىلەن تولا داۋراڭ قىلىنغان نەرسىمۇ شۈبھىلىك.

▲ تىلنىڭ تەپەككۇر قورالى ئىكەنلىكىنى ئۆز تىلىڭدىن ئايرىلغاندا ئېخمۇ ئېنىق چۈشىنىسەن.

▲ سەن ماڭا ئېگىل، دەپ تۇرساق، باشقىلار ئىككىلىمىزنى تىزلاندۇرىدۇ.

— غوپۇرجان ئىبراھىم

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئاققاش يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ خەقتىن ئۈستۈن تۇرىمەن دېسەڭ، ئۇلار جۈرئەت قىلمىغان ئىشلارنى قىل.

▲ «ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئاشتى، سالامەتلىكى ئۆتمۈشتىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى» دېگەن تەشۋىقاتقا، دورا ئېلانلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكىگە قاراپ گۇمانلىنىمەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» دىن دېھقان مۇتەپەككۇرلارنىڭ تىرەن تەپەككۇرىغا ھەيرانمەن ھەمدە مۇئەللىم تۇرۇپ ئەشۇ دېھقانلارچىلىك تەپەككۇر ئىقتىدارىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆكۈنىمەن.

— ئىسھاق مۇھەممەت

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۈستۈنئاتۇش يېزا قايراق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تەپەككۇرۇمدىن تامچە

▲ ئانىلارنىڭ ئايىغى جەننەتنىڭ بوسۇغىسى، ئاتىلارنىڭ يەلكىسى جەننەتنىڭ دەرۋازىسى.

▲ موھتاجلىقتىن ئادەم بىر بولسا ئۆزىنى تاپىدۇ، بىر بولسا ئۆزىنى ساتىدۇ.

▲ تەبىئەتنىڭ سىرى ئۇنىڭ قوينىدا ئەمەس، ئەقىل كۆزىدە.

— ئابدۇللا ناسىر

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا ئورلۇق كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ئورۇنسىز قۇربان بېرىش قەھرىمانلىق بولمىسىمۇ، ئەمما قەھرىمانلارغا قالدۇرۇلغان ئۇنتۇلماس ساۋاقتۇر.

▲ دۇنيادا يېڭىلىقلار قانچە كۆپ بولسا، يوقىلىدىغان نەرسىلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

— ئوبۇل ھېمت (شاۋقۇن)

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە تۇمشۇق شەھىرى پىچاقسۇندى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ ئىنساننىڭ ئۆزىلا مەڭگۈ ئېچىپ بولماس سىر دۇنياسى. چۈنكى ئۇنىڭ روھ ئالىمى ئۆزگىرىشچان مۇھىت، بەزىدە بوران قوزغىلىدۇ، بەزىدە پەرىشتە ئۇخلايدۇ.

— ئايشەمگۈل ئېلى

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا شېكەرباغ كەنتىدە، دېھقان

▲ ناخشىچىلىرىمىزنى سانىماي بېرەلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك بولغىنىدەك، ئالىملىرىمىزنى سانىماي بېرەلەيدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك.

▲ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى ئىلىم ئۆگىنىشنى ئالىدىغان دەرسلىك بولسا، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئادەمىيلىك ئۆگىنىشنى ئالىدىغان دەرسلىك.

— ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرەھمان

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى تىل ئىنستىتۇتى تەبىئىي پەنلەر 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەملەر مىغ-مىغ شەھەر كوچىلىرىدا يۈرۈپمۇ ئۆزۈمنى يالغۇز ھېس قىلىمەن. لېكىن ئالەمنىڭ چېتىدىكى چۆلدە بويتاقلار ياتىقىدا تەنھا ئولتۇرۇپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندا بولسا «قەدىناسلار ئۈچرىشىشى» غا قاتناشقاندەك تۇيغۇغا كېلىمەن.

— ئەكبەر ئەركىن

ئاپتور: شايار تۇرمىسى 3-تۈرمە رايونىنىڭ ساقچىسى

## كەل، بىللە يىغلايلى ھەم بىللە كۈلەيلى

▲ جاھان كەڭرى دەپ جار سالىسەن، رەقىبىڭ بىلەن تار كوچىدا ئۇچراشقاندا جاھاننىڭ قانچىلىك تارلىقىنى ھېس قىلىسەن.

▲ سېنى نام-شۆھرەتكە ئىگە قىلىدىغانمۇ، خار-بىئېتىبار قىلىدىغانمۇ

ئىككى نەرسە بار: بىرسى، سەن ياخشى كۆرگەن ئادەم، بىرسى پۇل.

▲ ئىشەنچلىك ئادەمگىنى موھتاجلىقتا سىنا، سۆيگەن يارىڭنى يىراقتا كەتكەندە.

▲ بەك چىرايلىق بولساڭمۇ بەختىڭنى باشقىلار بۇلاپ كېتىدۇ.

▲ ئۆسمۈرلەرنى قىزىقتۇرماق ، ياشلارنى ئازدۇرماق، ياشانغانلارنى رەنجىتمەك ئاسان.

▲ ۋەتەن — يىلتىز، خەلق — يوپۇرماق.

▲ كۈچۈڭنى كۆرسىتەلمىسەڭمۇ سېھرىڭنى كۆرسەت.

▲ ئائىلە — تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى كىشىنىڭ جەڭ مەيدانى ۋە قورغىنى.

▲ باشقىلارنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنما، بىر كۈنى ئۆزى كېلىپ چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

▲ ۋەتەن دېگەن سۆز چىققاندا ئۇلۇغلۇقنى، مىللەت دېگەن سۆز چىققاندا قىزىڭنى ياخشى تەربىيلەشنى ئېسىڭدە ساقلا.

▲ ھەربىر پىشكەللىككە يولۇققاندا بىر كۆپۈرلۈقنىڭ دەردىنى تارتتىم دەپ ھېس قىل.

▲ خەلق — ھەقىقەتنى تونۇغۇچى ۋە تونۇتقۇچى.

▲ ئىنسانلارنىڭ بىر ئۆمۈر ياشاش بەدىلىگە ئېرىشىدىغان خۇشاللىقمۇ، خاپىلىقمۇ بالا ئىكەن.

▲ ئىنسانلار دۇنياغا مەقسەتسىز كېلىپ، مەقسەتلىك ياشايدۇ.

▲ ئۆتمۈش — تارىخنى ئاقلىغۇچى ياكى قارىلىغۇچى.

▲ سىز ئەڭ قورقىدىغان لېكىن سىزگە ئەڭ يېقىن نەرسە يەنىلا ئۆلۈم.

▲ ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان بىر كۈن — ئاپام تۇغقان كۈن.

▲ تۇنجى تەسرات — مەڭگۈلۈك تەسرات.

▲ چوقۇنغۇچىڭنىڭ گېپىگە قارىماي ئىشقا قارا. گەپ ئېغىزدىن، ئىش ۋىجداندىن چىقىدۇ.

▲ ئالدىراپ دېگەن سۆزۈڭگە ئالدىجە پۇشايمان قىلىسەن.

▲ سەن ئىشەنگەن كىشىدە سەن بىلمەيدىغان سىرلار كۆپ.

▲ باي بولساڭ ھەممەڭكە، نامرات بولساڭ گەپ-سۆزگە يېقىن بولىسەن.

▲ چىرايلىق — گەپ-سۆزگە، سەت — مال-دۇنياغا يېقىن.

▲ ئۆزۈڭنى ئايساڭ يۈزگە ئېرىشسەن، ئايىمساڭ سۆزگە.

— شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە « ئارمان»تاللا بازىرىدا پىرىكازچىك

## ئاچچىق ھېسلار

▲ ھازىرلىقنىڭ-قادىرلىقنىڭ، چاققانلىقنىڭ-ماھىرلىقنىڭ.

▲ جىنايەتچىنى ئىقرار قىلدۇرماقچى بولساڭ ھاراق بەر، پۇشايمان قىلدۇرماقچى بولساڭ ساۋاق.

▲ بىراۋنىڭ ساڭا تەلمۈرگىنى ھاجەتمەنلىكى، كۈلگىنى ھاجىتىنىڭ قانغانلىقى، ئالايغىنى بولسا سېنىڭ ئۇنىڭغا ھاجەتمەن ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ.

▲ مۇھەببەتتىكى ساختىلىق — ئەقىدىنىڭ سۇسلىششى، دوستلۇقتىكى ساختىلىق — ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى.

▲ بۇ دۇنيادا يارىماس ئادەم يوق، گەپ، ئۇنىڭ نېمىگە، نەگە يارىشىنى بىلىشتە.

▲ بۇ دۇنيادا غەلىبە قازىنىپ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا كەلمىگەن ئادەم بىر بولسا غەمكىن، بىر بولسا تەمكىن ئادەمدۇر.

▲ سۆزنىڭ بۇلغىنىشى لاتقا-ئەخلەتتىن، ئادەمنىڭ بۇلغىنىشى ھاۋايى-ھەۋەستىن.

▲ ئۇتۇق قازانغانلار بىر بولسا ئۆزىنى ئۇنتۇغانلار، يەنە بىر بولسا باشقىلارنى ئۇنتۇغانلاردۇر.

▲ خەلقنىڭ بىچارە دەپ ئېچىنغىنى بىر بولسا يامان، بىر بولسا ياخشى ئادەمنىڭ يامان كۈنىدۇر.

▲ ھەسەتخورلۇق ئۆزىنى ئۆزگە بىلەن سېلىشتۇرغاندىن كېيىنكى چىدىماسلىقتۇر.

▲ «ئۆزىنى تونۇتقان» ئايال بۈگۈننىڭ گۈلى، ئەتىنىڭ كۆلىدۇر؛ «ئۆزىنى تونۇغان » ئايال بۈگۈننىڭ ترىنبىرى ، ئەتىنىڭ سىرىدۇر.

— نۇرمۇھەممەت مىجىت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2004-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مەقسەتسىز داستخان راسلانماس بوپقالغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن غىزالىنىش مۇمكىنمۇ؟

— ئايشەمگۈل ئابدۇكېرىم

ئاپتور: بورتالا تېببىي مەكتىپى 2006-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىلدىن دۇردانىلەر

▲ ھېكمەتلىك ئەقىل، سەنئەتلىك تىل بىلەن لوگىكىلىق پىكىر، جانلىق تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنەي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى دائىم ئوقۇ.

▲ ئىككى خىل ئادەم سۆزدىكى سىپايىلىكنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ: بىرى، خۇشامەتچى، يەنە بىرى ئالدامچى.

▲ قوپاللىنىڭ تېنى يارا، ياۋاشنىڭ دىلى.

▲ دىلىڭ شەھەر، تىلىڭ قوۋۇق، سىرىڭ قولۇپ بولسۇن.

▲ ئەركە ئات بەيگىگە يارىماس، ئەركە بالا مەكتەپكە.

▲ خوتۇن، ئائىلە— ئەرنىڭ پۇتىنى باغلايدىغان قوزۇق.

▲ ياش چېغىڭدا يىراقنى كۆزلە، قېرىغاندا ئۈمىد بىلەن ئۆزۈڭنى بەزلە.

▲ پۇل — سۇ، ئائىلە — تۈگمەن.

▲ كادىر بىلەن دېھقاننى پەرق ئېتىش ئۈچۈن ئىككى قولىغا قارايمىز: كادىرنىڭ ئىككى قولى كەينىدە، دېھقاننىڭ ئىككى قولى ئالدىدا.

▲ ئادەم ئۆلسە جەستى چوقۇم كۆمۈلىدۇ، ئەمما ياخشى-يامان نامى ھەرگىز كۆمۈلمەيدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئىچى بەك سېسىق بولغاچ، جەستى لەھەتكە كۆمۈلىدۇ.

▲ ئالىم — مىللەتنىڭ كۆركى-زىننىتى، قوماندان — دۆلەتنىڭ كۈچى -ھەيۋىتى.

▲ ئادەمنىڭ مادارى — بىلىم، قارارى — ئەقىل، ئېتىبارى — ھۈنەر.

▲ پىتنە-پاسات — قارا قويۇن.

▲ غەيۋەتخورلار گەپكە خۇمار، بالاغا سەۋەبكار، ئىناقلىققا گۆركار.

▲ ھەقىقەتكە ئېرىشكەندە شىرىدەك ھەيۋىلىك بولىسەن.

▲ كۆز كۆرۈپ، قولدا تۇتقىنىڭ ھەق ۋە نەق. ئاڭلىغىنىڭ پىتنە، ئىشلىمىدىڭ ئۆتنە.

▲ باشقا ئەللەر ئالىمنى باشقۇرۇۋاتسا، بىز «بالامنى باشقۇرالمىدىم»دەپ ئولتۇردۇق.

▲ ئۇيغۇرلاردا ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، چالغۇچى، يەھۇدىيلاردا ئالىم، تىجارەتچى، كەشپىياتچى تولا.

▲ ئەبجەش ئادەم ئەبجەش مەدەنىيەتكە ئامراق.

▲ سۆزلەشكەندە تۆت خىل ئادەمدىن ھەزەر قىل: 1. غەيۋەتخور، 2. ھەسەتخور، 3. سۇخەنچى، 4. چېقىمچى.

▲ سىرنى بىلمىگەن ئۈچ نەرسىگە چېقىلما: 1. ئايال، 2. كىچىك بالا، 3. ئىت.

▲ ھېكمەت تاپاي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئاچ؛ بەرىكەت تاپاي دېسەڭ رەستىدە ناۋايخانا ئاچ.

▲ ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت تۇنجى بالىسى ئۆلگەن ئانىنىڭ مۇسىبىتى؛ ئەڭ ئېغىر دەرد تۇنجى مۇھەببىتىدىن ئايرىلغان ياشنىڭ دەردى؛ ئەڭ ئېغىر موھتاجلىق — دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان يوقسۇز بىمارنىڭ موھتاجلىقى.

▲ مەھبۇبىنىڭ سىرىنى بىلەي دېسەڭ كۆزىگە قارا، جاھاننىڭ سىرىنى بىلەي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىگە.

▲ قانۇن — دۆلەتنىڭ ئاتىسى، ئەخلاق — ئانىسى.

▲ ئىش-ئەمگەك ئېلېكترلەشتى، مېھىر-شەپقەت يىرىكلەشتى.

▲ كىتاب قىز ئەمەس، مۇقاۋىسىنى چىرايلىق لايىھەلىسىلا تارتىملىق بولىۋېرىدىغان.

▲ مەغلۇب بولساڭ «ئاھ»چەكمەي، «ياق»دە.

▲ شەكىللۋازلىق — ھاكىمىيەت دەرىخىگە چۈشكەن قۇرت.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ سىر — شائىر يازالمىغان شېئىر.

▲ مۇھەببەت — يوشۇرۇن جەننەت.

▲ بىزدە گەپ دېسە «بىلەرمەن»كۆپ.
ئىش دېسە ئۆلەرمەن كۆپ.

▲ ئاياللار كۆز يېشىغا زورلايدۇ،
ئەرلەر تاماكا ئىسىغا.

▲ گىياھنىڭ ياۋا شېخىنى كەس، نائەھلىنىڭ ياغلىما تىلىنى.

▲ ئىسمىڭنى ئۆزگەرتكۈچە، جىسمىڭنى ئۆزگەرت.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىل 3-سانىغا بېسىلغان تۇرسۇن مەھمۇتنىڭ «پەرىشتە يامغۇرى» ۋە ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلىنىڭ «ئوغلۇمنىڭ ئۆيى»ناملىق نادىر ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ، گويا رېستوراندىكى «يۈز يىل غېرىبلىق»نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بولدۇم.

— ئابلىمىت ئىبراھىم(قىيان)

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئاشپىزى

* * *

▲ تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بىردەك بولمىسا، كۆزۈڭ ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

— نۇربىيەم تۇرسۇن

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇقسىز 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدا خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك بولۇۋاتىدۇ. خۇشاللىق — شەھەرلەر بىلەن شەھەرلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىدا بۇرۇنقىدىن زور يۈكسىلىش بولغانلىقى؛ قايغۇ — ئەڭ يامان كېسەللىكلەرنىڭ تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە ئەڭ بۇرۇن بايقالغانلىقىدا.

▲ رىقابەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىشى بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى ئەمگەكچان-تىرىشچان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن رەھىمسىز-تاش يۈرەك قىلىۋاتىدۇ.

— روزىنىياز مۇھەممەت سوتئەر

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېگەرچى بازىرى تويدۆڭ كەنتىدە، دېھقان

▲ ياتلىشىش — قەلبى داتلىشىش.

▲ «خەپ، توختاپتۇر»دېمەك — ئەجەب تەسلىم بولدۇم دېگەنلىكتۇر.

— ئابلەت مۇھەممەت كۆيزار

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا سوگەتلىك كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر چاچراندىلىرى

▲ جەمئىيەت ئاچا يول: بىر تەرىپى داغدام، بىر تەرىپى ھالاك.

▲ ھازىر ئاشۇ يالغان دىۋانىلەرگە سەدىقە بېرىۋاتقان پۇللارنى يوقسۇزلۇقتىن ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ھەدىيە قىلغان بولساق، كەلگۈسىدە تالاي ئالىمنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولاتتۇق.

▲ رادىئو-تېلېۋىزورلاردا كۆرمەي تۇرۇپ ئۆيدىكى كېسەلگە مەسلىھەت بېرىش، «غەربكە ساياھەت»دېگەن ئەپسانىۋى تېلېفىلىمدىكى مايمۇنەك سۇن ۋۇكۇڭ ئېيتقان «يېپ تارتىپ تومۇر تۇتۇش»قا ئوخشاپ قالدى.

▲ ئەگەر مەندە شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ بىر ۋارىقىغا ئايلىنىۋالغان بولاتتىم.

— مۇھەممەتجان مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھەربىر بوۋاق ئىنسانىيەت بىلەن تەڭرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى رىشتە.

▲ ئىنسانلار ئەقلى يەتمەيدىغان ۋە قىلالمايدىغان ئىشلار-نەرسىلەرنى كۆرگەندە، ئۇنى «مۆجىزە»دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئۆز ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇپ كەلدى.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، قەھرىمانلىرى بىلەن خائىنلىرى كۆپ چىققان ئەلنىڭ تەقدىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

— ئۆمەرجان سالام

ئاپتور: شايار ناھىيە «مەشئەل» كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

www.uyghurkitap.com

▲ ئەجدادلارنىڭ تارىخى ئەۋلادلار ئۈچۈن خەزىنە بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ چىرتىۋژ بوپقالماسلىقى لازىم.

ــ قۇربانجان ياسىن

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوقۇش ھاياتىڭدا ئالىي مەكتەپ سەن ئۈچۈن بىر يېڭى باشلىنىش، ئاسپىرانتلىق چوڭ بىر بۇرۇلۇش، دوكتورلۇق پارتلاش مەزگىلىڭدۇر.

▲ ھايۋان ئىچىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئادەمىي ھايۋاندۇر. چۈنكى ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ ھايۋانلىقنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ!

ــ مەۋلۇدجان غىلاجىددىن توقلەك

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل تۈزۈندىلىرى

▲ تارىخ تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ئىزىدىن باشلىنىپ، تېخىرقىغانلارنىڭ كۆز يېشىدا ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئورنۇڭدىن دەس تۇرىمەن دېسەڭ، يېشىڭگە ئېسىلىۋالغانلارنى سىلكىۋېتىشنى بىل.

▲ «سەن قانچىلىك ئادەم؟» بۇ سوئالنىڭ ۋەزنىدە پۈتكۈل دۇنيا تىترەيدۇ.

▲ قىرقىلماي دېسەڭ، باشقىلاردىن ئېشىپ كەتمە، ئېشىپ كېتىشنى ئىستىسەڭ، قىرقىلىشتىن قورقما!

▲ كىتاب ئوقۇمايدىغان مەنسەپدار ئالدىدا ئىلىم قەدىرسىز، ئۇرۇش قىلمىغان گېنېرال ئالدىدا جان!

ــ ئايمىنسا سۇلايمان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## ياش دېھقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى توغرىسىدا ئېيتىدىغانلىرى

▲ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇرادەر:

مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالامسىز؟ ئۇنداق بولسا مېنى تور بېتىدە ئەمەس، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدە ساقلاڭ.

▲ كېلىڭلار بۇرادەرلىرىم، كېلىڭلار. ۋىجدان، ئەخلاق، ئىمان ـ ئېتىقاد تارازىسى بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئۆزۈڭلارنى دەڭسەپ بېقىڭلار.

▲ ئىچىمدىكىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا تۆكۈپ خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم.

▲ مەن بوۋامنىڭ: «ئوغلۇم، ئاشۇ تۈگىمەس سوئاللىرىڭنىڭ جاۋابىنى ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىدىن ئىزدە» دېگەن ۋەسىيىتىنىڭ تەكتىنى ئەمدى چۈشەندىم.

ــ ئابدۇمۇتەللىپ ئابلىمىت، زۇنۇنبۇۋى روزاخۇن

---

ئاپتورلار: غۇلجا ناھىيە ئۇيغۇر ئۈچچۈن يېزا تۆۋەن ھاسانيۈزى كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇرۇمدىن چەشمىلەر

▲ ھۆرلۈكنىڭ ئاغزىدا بىكار گەپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا شېكەر گەپ.

▲ دوستۇڭ يىراقتا بولسا خەت، دۈشمىنىڭ يېقىندا بولسا دەرد كېلەر.

▲ ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا قانچە بولۇشقاق بولسا، بالىلىرى شۇنچە ئۇرۇشقاق چىقىدۇ.

▲ كۆرگەننى سوراش قېرىلارنىڭ، بىلگەننى سوراش بالىلارنىڭ ئادىتى.

ــ تۇردى ئالاۋۇش

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ يىگىتلەر تولا ھجايسا ۋىجدانى ئۆلەر، قىزلار تولاھجايسا ئىپپىتى.

ــ ئوبۇلقاسىم ئەخەت

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزا چاقىلىق كەنت يېڭى ھويلا مەھەللىسىدە، دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ مۇمكىن بولمايدىغانلىقنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا تەۋەككۇل قىلىپ ئورۇنساڭ، بۇ، ھېسسىياتقا بېرىلگەن تىرىشچانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن رەنجىمەڭلار. ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىڭلارنى ھۆرمەتلىمىگەن يەردە، بالىلىرىڭلار سىلەرنى قانداقمۇ ھۆرمەتلىسۇن؟

▲ بەختكە نائىل بولغانلارلا بەختلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئېرىشكەن بەختنى ھېس قىلالىغانلار ۋە شۇ بەختنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدىغانلارلا ھەقىقىي بەختلىك.

▲ ئوغۇللارنىڭ قىزلاردىن كومپيۇتېر بىلەمسىز؟ خەنزۇ تىلى بىلەمسىز؟ دەپ سورىغىنىنى كۆپ ئاڭلىدىم. بىراق تاماق ئېتەلەمسىز؟ دەپ سورىغىنىنى ئاڭلىمىدىم...

▲ روھىمنى پاكلاپ، ۋۇجۇدۇمنى ئۈمىد ــ ئىشەنچ نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇپ تۇرىدىغان، ماڭا توختىماي ئىزدىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلالايدىغان ئىلھام بۇلىقىمنىڭ دەل «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدىم.

ــ رابىيىگۈل مۇسا(نازۇك)

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭگۇتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ كىمكى قايسى ئىشقا كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلىدىكەن، ئۇ شۇ ئىشتا چوڭ ئۇتۇققا ئىگە بولىدۇ ياكى قاتتىق مەغلۇب بولىدۇ.

▲ ياش تۆككەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاجىز ئەمەس، پەقەت رەقىبى ئالدىدا تىز پۈككەنلەرلا ھەممىدىن ئاجىز كىشىلەردۇر.

ــ ئالىم ئىمىن

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا شۆگە مەھەللىسىدە، دېھقان

## سۆيگۈ بىخلىرى

▲ تۇنجى مۇھەببەت ــ يېرىم يۈرەك.

▲ ھېسسىيات كوچىدىكەندە قىزلارنىڭ كۆزى خۇمارلىشىدۇ، ئوغۇللارنىڭ كۆزى غۇۋالىشىدۇ.

▲ يالغۇز قالغاندا، چىن دوستۇڭ بىلەن سۆيگەن يارىڭنى ئاۋۋال ئەسلەيدىكەنسەن.

▲ جاپادا سىنى سۆيگۈچى — ۋاپادا سىنى سۆيۈندۈرگۈچى.

▲ ئاتا-ئانىغا سالغان جاپا — ئادەملەر ئارىسىدىكى ياۋۇزلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلى.

▲ يەڭگەڭنىڭ كۆڭلىنى قازان بېشىدىن، ئايالىڭنىڭ كۆڭلىنى جاپا قېشىدىن(بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە)بىلىسەن.

▲ سۆيگىنىڭدىن ئايرىلساڭ، ئازابلىنىپ تۇرۇپ ئەسلەيسەن؛ دوستۇڭدىن ئايرىلساڭ، ئەسلەپ تۇرۇپ ئازابلىنىسەن.

▲ بىر ئادەمنى چۈشىنىش — بىر سىرنى ئاچقانلىقتۇر.

— تۇرسۇنجان قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتى قارىياغاچ مەھەللىسىدە، دېھقان

## تەنھا ھېسلىرىم

▲ ئاياللارنىڭ بەختسىزلىكى بىر بولسا شۇكۇر-قانائەتچان ۋە ئىتائەتمەنلىكىدىن، بىر بولسا ياۋۇز، ئۆزىنى بىلەلمەسلىكىدىن ۋە ئازازۇللىقىدىن كېلىدۇ.

▲ قىز كۆڭلى بىلەن ئويناشماڭ قىساسى كېلۇر، ئەر ئۆيىنى بۇزماڭ جازاسى كېلۇر.

▲ ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتمساڭ ئىززەت، ئۆزگىنى پەس كۆرمىسەڭ ھۆرمەت تاپىسەن.

▲ ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى باللارنى بىر بولسا ئالىم، بىر بولسا زالىم قىلىدۇ.

▲ كۆڭلۈڭ سوۋغا قىلغان گۈلۈڭگە ئوخشاش بىر كۈنلىرى سولىشىپ، توزۇپ كەتمىسۇن، جېنىم.

▲ بىرسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىسەڭ، نەپرىتىگە بولسىمۇ ئېرىشكىن، شۇندىلا ئۆزۈڭنى ھەم ئۆزگىنى تونۇيالايسەن.

▲ كەتكەننى قايتۇرۇپ كېلەلمىگەن كىشى «كېتىمەن»دېگەننى توسۇپ قالالامتى؟

— نۇرئامىنەم ئالىم

---

ئاپتور: قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەپ باشقۇرۇش ئورنى 3-چوڭ ئەترەتنىڭ خادىمەسى

## يىغىنچاقلانغان سىرسان كۆيلىرىم

▲ سىز مۇشۇ كەمگىچە بىر قېتىممۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا سىز بىرەر ئىشقىمۇ تەۋەككۈل قىلىپ باقماپسىز.

▲ بالاڭنى سىلاپ باق، لېكىن پات-پات سىناپ باق.

▲ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىمىز مۇراسىم ۋە سەھنە كىيىمىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئوغۇللىرىمىز دوپپاكىيىپ ماڭسا «بىر كىم تۇگەپ كېتىپتىمۇ؟»، قىزلىرىمىز ئەتلەس كۆڭلەك كىيسە: «بىرەر پائالىيەت ئۆتكۈزدۈڭلارمۇ؟»دەيدىغان بوپقاپتۇق.

▲ ئىشەنچ ئېرىشكەنلىرىڭگە، خىيال يوقاتقانلىرىڭغا گۇۋاھ.

▲ ئوقۇغۇچىلار دەرسنى چۈشەنگەن چاغدىلا، ۋاقىتنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالىدۇ.

▲ تالڭ ئاتقاندا باشلانغان خورەك — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالدىغا كولانغان گورەك.

▲ مۇۋەپپەقىيەت — كۆتۈرۈلگەن قۇياش.

▲ غۇنچە — بىخ ھالىتىدىن گۈللە.

▲ تۇرمۇش — تۈگ مۇشت.

▲ بوۋاقنىڭ تىلى — ئۇنىڭ ئېچىلغان كۆزى.

▲ ۋىسالسىز مۇھەببەت — ئاچچىق ۋاقتىدا سىن تېتىپ باققان مېۋە.

▲ نادان چۈشەنمەس، گۇمانخور ئىشەنمەس، ھەسەتخور كۆرەلمەس، تەمەخور ئىشلىمەس، مەنمەنچى كۆزگە ئىلماس، تەرەپباز قوشۇلماس، بۇنداق ئادەملەر ئۆمۈر بويى مۇۋەپپەقىيەت قازانماس.

▲ سەنمۇ مېنىڭ ئەمەس، مەنمۇ سېنىڭ ئەمەس، لېكىن ئىككىلىمىزنىڭ ئىگىسى يەققەت بىر.

▲ بىكار يۈرسەڭ ۋاقىت ئۆتمەيدۇ، بىر ئىش قىلساڭ ۋاقىت يەتمەيدۇ.

▲ مۇھەببىتىڭنى بىرگە ئاتا قىل، لېكىن مېھرىڭنى مىڭغا بەر.

▲ كەتمەن تۆمۈرچىنىڭ قولىدا تۆمۈر، دېھقاننىڭ قولىدا ئالتۇن باھاسىغا يېتىدۇ.

▲ رەقىبىڭنى ماختاپ تۇرۇپ ئۆز ئىشىڭغا سالغىنىڭ، دەل ئۇنىڭدىن غالىب كەلگەنلىكىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.

— سەلەيجان روزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئايرىلىش ئازابىنى تېتىماي دېسەڭ، سەن ئاۋۋال تاشلىۋەتكىنىڭكى، ھەرگىز تاشلىنىپ قالما.

— يۈسۈپجان ئىسمائىل قاراتېكىن

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە ئاقساراي يېزا ئۆتەڭ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئادەمگە ھاراق-شارابنى بىرى چىن دوست، يەنە بىرى ئاسىي دوست كۆپ قويىدۇ.

▲ بازار كۆپ يەردىن باي، مازار كۆپ يەردىن قەلەندەر كۆپ چىقىدۇ.

▲ پۇل ھەممىنى ئۆزىگە ئەل قىلالايدىغان تەڭداشسىز ھۆكۈمراندۇر.

▲ ئەمەلىيىتى يوق ئادەمنىڭ تەجرىبىسى ۋە قىممىتى بولمايدۇ.

▲ شەھەردە ياشىغان ئادەم بىر بولسا جۈرئەتچان، بىر بولسا ئېھتىياتچان كېلىدۇ.

▲ قانداق ئادەم بولۇشنى بىلمىگەن ئادەم قانداق ياشاشنىمۇ بىلمەيدۇ.

▲ بېشىنى كۆپ قاشلىغان بىر بولسا ئەقىللىق، بىر بولسا ئەقىلسىز كىشىدۇر.

▲ سىياسىي تولا تەكىتلىنىدىغان يەردە غەم-ئەندىشە ، ئىقتىساد تولا تەكىتلىنىدىغان يەردە پەم-پاراسەت كۆپ بولىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئىناۋىتى بىر بولسا«ھە» دېگەن گېپىنى، بىر بولسا «ياق»دېگەن گېپىنى كۆپ دېيىشتىن كېتىدۇ.

▲ قىزلار باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرەلمەسلىكتىن، ئوغۇللار باشقىلارغا

ياخشى تەبىر بىرەلمەسلىكتىن مەغلۇب بولىدۇ.

▲ قىزلار تىرىشماسلىقتىن، ئوغۇللار ئىلىشماسلىقتىن يۈز تاپالمايدۇ.

▲ يانچۇقچى بىرى بايغا، بىرى گالۋاڭغا ئامراق.

▲ پۇل تاپسا قورساقتا خەجلەيدىغانلار ئىچىدىن كىسەل بولىدىغانلار، كاللىسىغا خەجلەيدىغانلار ئىچىدىن ئالىم بولىدىغانلار كۆپ چىقىدۇ.

▲ قىزلار ياۋاش ئوغۇللارغا، ئوغۇللار بەڭۋاش قىزلارغا ئۆچ.

▲ ئەستايىدىللىق ـ ئەتىۋارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى، رەسۋالىقنىڭ خاتىمىسىدۇر.

▲ ھەربىر كۈن ــ بىر يېڭى دەرس.

▲ ئايالغا قاپاق تۈرەلمىگەن ئاتا ــ ئانىسىغا تاماق بېرەلمەس.

▲ ئۇستاز بولۇشتىن ئاۋۋال ئۇستات بول.

▲ بالىۋاقنى «ۋاي»دەپ باققان ئاتا ـ ئانا جاپا تارتىپ، «ھاي»دەپ باققان ئاتا ـ ئانا ھال تارتىپ ئۆتىدۇ.

▲ كىتاب ـ ژۇرنال ئادەمنى ئادەم قىلىدۇ، ھاراق ـ شاراب ئادەمنى ھايۋان قىلىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ مەقسەت ـ نىيىتى بىرى گېپىدىن، يەنە بىرى ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولىدۇ.

▲ ئۆيىقۇغا ئامراق كىسەل، ئويۇنغا ئامراق جىدەل تاپىدۇ.

▲ كىيىم ـ كېچەكنىڭ نېپىزلەۋاتقانلىقى ئادەملەرنىڭ قېلىنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ بىراۋغا قانچە يېقىنچىلىق قىلساڭ، شۇنچە گۇمانلىق سانىلىسەن.

▲ باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان ژۇرناللارنى ئوقۇساڭ تىل سەۋىيەڭ ئاشقىنى بىلەن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇساڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىڭ ئاشىدۇ.

▲ تەشتەكتە گۈل باقالىغان ئادەم ئۆزىنىمۇ باقالايدۇ.

▲ باشقىلار سېنى بىر قېتىم ئەخمەق قىلسا، سەن ئۇنى ئۈچ قېتىم ئەخمەق قىل، بولمىسا ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىسەن.

▲ قىزلار بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ئىچىلىپ كېتىدۇ؛ ئوغۇللار بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا بەك مەردلىشىپ كېتىدۇ.

▲ ئىلھام بىرى كۆپ كىتاب كۆرۈشتىن، بىرى كۆپ جەمئىيەت كۆرۈشتىن كېلىدۇ.

▲ كۆپ گەپ قىلغان ئادەمنىڭ بىرى يۈزى، بىرى بېشى ئىتتىك كېتىدۇ.

▲ دەل ۋاقتىدا ئېيتىلغان بىر ئېغىز گەپ، دەل جايىغا ئېتىلغان بىر پاي ئوقتۇر.

▲ ھېلىگەر ئوغۇللار تولا گەپ قىلىدۇ، ھېلىگەر قىزلار تولا كۈلىدۇ.

▲ پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن بىرى كاللا ئىشلىتىش، يەنە بىرى پۇل تېپىش كېرەك.

▲ ئاتا ـ ئانىسىغا قاپاق تۈرىدىغان بالىلار ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ ياشاپ باقمىغانلاردۇر.

▲ پىخسىقنىڭ دوستى، سېخىينىڭ دۈشمىنى ئاز بولىدۇ.

▲ ئۇسۇل تاپساڭ ھوسۇل تاپىسەن.

▲ سىزگە كىم ئىشەنمىسە، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى شۇ ئادەمدىن ئەقىللىق ھېسابلاڭ.

▲ ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالمىغانلىقنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭغانلىقتۇر.

▲ باتۇر ئادەم ــ ئۈچمەس گۈلخان،ھەيۋەتلىك قىيان.

▲ ئادەم مۇنداق ئىككى كىشىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ: بىرى، ئۆزى ئالدىغان كىشىنى، يەنە بىرى ئۆزىنى ئالدىغان كىشىنى.

▲ قىينچىلىق ئادەمگە بىر بولسا ئىجادىيەت، بىر بولسا جىنايەت پۈرسىتى ئاتا قىلىدۇ.

▲ قول ــ ھەممىگە قۇل.

▲ باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقماسلىقنىڭ ئۆزى يارامسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ كەسكىن بولساڭ ئىناۋىتىڭ، تەمكىن بولساڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ «مېنى بۇنىڭدىن كېيىن ئازراق ئىزدەڭ»دېگەنلەرنى پەقەتلا ئىزدىمەڭ، شۇنىڭدىلا ئۇلار سىزنى ئىزدەيدىغان بولىدۇ.

▲ بالىلىق ــ ھاياتلىقنىڭ پىلىكى.

ياشلىق ــ ھاياتلىقنىڭ چېچىكى.

قېرىلىق ــ ھاياتلىقنىڭ مېۋىسى.

ئۆلۈم ــ ھاياتلىقنىڭ يېشىمى.

▲ ئايال ئەخلاقلىق بولسا ئۇياتچان، ئەر ئەخلاقلىق بولسا سوغۇققان كېلىدۇ.

▲ يوقسۇزلۇق ــ روھسىزلىق.

▲ ئادەم، بىرى، ئۆزى ياقتۇرىدىغان، يەنە بىرى، ئۆزىنى ياقتۇرىدىغان ئادەمنى كۆپ ئاۋارە قىلىدۇ.

▲ كونا كىتاب ـ ژۇرناللارغا قىزىقىدىغانلار تارىخقا، يېڭى كىتاب ـ ژۇرناللارغا قىزىقىدىغانلار تەرەققىياتقا قىزىقىدىغانلاردۇر.

▲ قىز ــ ئېچىلمىغان گۈل.

▲ يېڭى چىققان كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇمىغانلىق، ئەمەلىيەتتە تەرەققىياتقا يۈزلەنمىگەنلىكتۇر.

▲ ئادەم قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلسا، ھەرگىز تەلەيسىز بولمايدۇ.

▲ تەدبىرى يوقنىڭ تەسىرى يوق.

ــ ئابدۇغېنى توختى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

* * *

▲ بىرنەرسىگە ئېرىشكىنىڭدە جەزمەن يەنە بىر مۇھىم نەرسەڭنى يوقىتىسەن. ئەمما بەزىدە ئېرىشكەن نەرسەڭنىڭ خۇشاللىقىدا يوقاتقىنىڭنى تۇيمايسەن. بەزىدە يوقاتقان نەرسەڭگە ھەسرەتلىنىپ، ئېرىشكىنىڭنى سەزمەيسەن. كۆپىنچە ئېرىشكەن ۋە يوقاتقان نەرسەڭنىڭ بىرسى مەۋھۇم، بىرسى كونكرېت بولىدۇ.

ــ مەھمۇتجان ئابلىمىت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن...

▲ دېھقان روھى ــ توغراق روھى.

▲ دېھقان چېھرى ــ ۋەتەن چېھرى.

▲ ئادەمنىڭ خاسلىقى يوقالسا روھى تۈگىشىدۇ.

▲ كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىشمۇ، زەھەر ئىچىشمۇ مۇمكىن.

ئىمىننىياز ھەسەن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا تۆۋەنكى ئەلمقۇدۇق كەنت مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

✻ ✻ ✻

▲ ئىز ماڭغانلىقنىڭ، سىز ھۆرمەتنىڭ، بىز ئىتتىپاقلىقنىڭ، تېز سۈرئەتنىڭ، قىز ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ھايانىڭ فورمۇلاسى.

▲ ئەي ئوغلۇم،ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۈگۈن ساڭا تەگكەن قامچا ھايات يولۇڭنى ئۆزگەرتسە،كېيىن تەگكەن قامچا ھاياتىڭنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

قۇربانجان ۋارىسى ئۆتكۈر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سېنىڭ شۇنداق بىر دوستۇڭ باركى، ئۇ سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ، ئەبەدىي يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئۇ دەل ئۆزۈڭ.

▲ ھەقىقىي ئۇلۇغلار تارىخنى بىلگۈچىلەر ئەمەس، بەلكى تارىخنى ياراتقۇچىلاردۇر.

ئابابەكرى قاسىم

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە مىشا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ مەن دەيمەن، ئىنسان خاتالاشمايمەن، دەپ ئاۋارە بولمىسۇن، چۈنكى ئىنسان خاتالاشقۇچى، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خاتالىقنى تۈزەتكۈچى. ئىنسان خاتالاشقانلىقى ئۈچۈنلا شۇ ئىشنىڭ خاتالىقنى بىلەلىگەن ۋە ئۇنى تۈزىتەلىگەن.

▲ ئىككى قوچقار ئۈسۈشكەندە بۆرە كۈلىدىكەن، ئىككى ئۇيغۇر سوقۇشقاندا يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ كۈلگىنى قىزىق.

مۇختار ئابدۇللا

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى داۋالاش 2005-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

✻ ✻ ✻

▲ يوقىتىش ئاسان، ئېرىشىش تەس؛ ئالماق ئاسان، بېرىش تەس.

▲ جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز ئاندىن «تەرەققىي قىلمىساق ھالاك بولىمىز» دېيەلىدۇق.

ـ گۈزەلئاي نۇرلان

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى داۋالاش 2006-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق ئادەم پەيتى كەلگەندە ئۆز خاراكتېرىنى نامايان قىلىدۇ.

ـ بەھرىنىسا ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: شىنجاڭ «ئاۋانگارت»ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتىنىڭ خادىمەسى

▲ ئاپام ئېيتىدۇ: «ياۋاش بول، بىراق جېنى بار ياۋاش بول.»

ـ مەرىيەمگۈل ئىسمائىل

ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىدە، ئوقۇغۇچى

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ ئادەم نەپسىنى باشقۇرسا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولىدۇ؛ نەپسى ئادەمنى باشقۇرسا باشقىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىدۇ.

▲ تۇخۇم بىلەن تاشنى سوقۇشتۇرساق، تاش مۇقەررەركى تۇخۇمنى يەنجىۋېتىدۇ، لېكىن تۇخۇممۇ ئۆز نۆۋىتىدە تاشنى شالتاق قىلىپ بۇلغىۋېتىدۇ.

▲ سىز كۆچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدىكى سەھنىدە تۇرغىنىڭىزدا ھەممە تاماشىبىننىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى كۆرۈپ بولالمايسىز، لېكىن تاماشىبىنلار سىزنىڭ بارلىق ھەرىكىتىڭىزنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ.

▲ دۈشمەن بىلەن دۈشمەنلىشىش باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى. لېكىن دۈشمەن بىلەن دوستلىشىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز خىزمىتىگە سېلىش ئاقىللىقنىڭ ئىپادىسى.

ـ مۇھەممەت ھۈسەيىن

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ جاھانغا قارايدىغان بولساق پۇلى بارلار پۇل تېپىۋېتىپتۇ،پۇلى يوقلار گەپ تېپىۋېتىپتۇ.

▲ ئالدانغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ئەقىل يېقىنلىشىشى تەرىپىدىن ئالدىنىدۇ.

▲ باينىڭ دوستى كۆپ، كەمبەغەلنىڭ تۇغقىنى.

▲ بىز باشقىلارنىڭ ئىككى ئىشىغا ھەيران قالىدىكەنمىز: بىرى، ئەزەلدىن قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلىۋەتكەندە، يەنە بىرى، ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلغاندا.

▲ ئوغلۇڭغا قاتتىق قول بولساڭ ۋىجدانلىق، قىزىڭغا قاتتىق قول بولساڭ ئەخلاقلىق چوڭ بولىدۇ.

ـ ئابدۇشۈكۈر قاسىم

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خوشئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرى

✻ ✻ ✻

▲ غايە ـ خىيالدىكى خەرىتە، كېلەچەكتىكى رەھىمسىز رېئاللىق.

▲ ھاياتتا باسقان يولۇڭ خاتا بولسا، كۆرگىنىڭ جاپا بولىدۇ.

ـ جاھانباي ماشەك

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتو ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ نادانلار ئارىسىدا بىلەرمەن بولغىچە، دانالار ئارىسىدا ئىخلاسمەن بول.

▲ ئون يىل ئويناپتىمەن ئويۇن تېخى شۇ پېتى، بىر يىل ئىشلەپتىمەن تەقدىرىم ئۆزگەردى.

ـ ئابلەتجان شۈكۈر(خوش چاقچاق)

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ «ئانا ھەسرىتى»: بالا باقتىم، يوقلاپ كەلدى بىر يىلدا؛ نەۋرە باقتىم، يوقلاپ كەلدى ئون يىلدا.

▲ «ئۆملۈك دېگەن نېمە؟»دەپ بەش بارمىقىڭغا قاراپ باق، بارماقلىرىڭ «ئۇم»بولسا دۈشمىنىڭگە مۇشت ئاتالايسەن.

▲ «ئانا»، «ئۇستاز»، «ۋەتەن» ـ قەلبىمدە بىر ئۆمۈر ياڭرايدىغان مۇقام.

ـ ئامىنە مۇھەممەتئىمىن (سۈكۈت)

www.uyghurkitap.com

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى «قوتاز»تاللا بازىرىدا پىرىكازچىك

## تەپەككۇر تىرەكلىرى

▲ كېسەل مىكروپلىرى تېنىمىزنىڭ ئاجىزلىشىشىنى پايلاپ تۇرىدۇ. كۈچلۈك چېغىمىزدا يېنىمىزدا جان ساقلاپ، ئاجىزلاشقان ۋاقتىمىزدا ساڭا قارشى چىققان ئادەم ــ دەل يېنىمىزدىكى كېسەللىك مىكروپلىرىغا ئوخشايدۇ.

▲ بىرگە تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەت، بىرگە تۇيۇقسىز كەلگەن ئاپەت ئادەمنى تېز گۇمران قىلىدۇ.

▲ سەن بالاڭنى بىر تۇپ گىياھقا ئوخشاتساڭ، بىلىمسىز بولسا، مېۋە بەرمەيدۇ؛ ئەخلاقسىز بولسا، شۇمبۇيىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دېگەننى ئۆيدىكى بەتبۇي پۇراقنى سىرتتىكى ساپ، سالقىن ھاۋاغا ئالماشتۇرۇش دەپ چۈشەنسەڭ، ياكى ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىۋاتقىنىغا ئوخشاتساڭ توغرا بولىدۇ؛ ئۇ ھەرگىزمۇ سىرتنىڭ سېسىق-چىركىن ھاۋاسىنى ئۆيگە كىرگۈزۈش دېگەنلىك ئەمەس.

▲ ئەجدادلىرىمىزدىن ھەددىدىن ئارتۇق پەخىرلەنگىنىڭ، دەل ئۇلارغا يېتەلمەيۋاتقانلىقىڭنىڭ كۈچلۈك دەلىلى.

▲ يالغانچى ــ شەكلۋازلار كۆپىيىپ كەتسە، قايسى ئىش نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلسا، شۇ ئىش نۇقتىلىق ۋەيران بولۇشقا باشلايدۇ.

▲ ھەسەتخور ئۇستىنىڭ ھۈنىرى ئۆزى بىلەن كېتىدۇ،ئىزى يىللار شامىلى بىلەن ئۆچىدۇ.

▲ ۋەتەننى سۆيۈشنى ئائىلىدىن، مېھىر-مۇھەببەتنى ئاتا-ئانىڭنى ئەزىزلەشتىن باشلا.

▲ سازەندە بولساڭ سازغا ئوخشاش تارلىرىڭ زىل، ئىچىڭ قۇرۇق بولمىسۇن.

▲ بىغەملەر كۆپىيىپ كەتكەن جاي بۆرىسىز جاڭگالغا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ ساڭا ھەسەت قىلغان كىشىلەر ــ سەندىن ھەر جەھەتتىن تۆۋەن تۇرغان كىشىلەردۇر. باشقىلارغا ھەسەت قىلغىنىڭ، ئۆزۈڭنىڭ باشقىلاردىن تۆۋەن ئىكەنلىكىڭنىڭ دەلىلى.

▲ ھازىر، سۆزى ئۇلگە ئادەملەر كۆپىيىپ، ئۆزى ئۇلگە ئادەملەر ئازلاپ كەتمەكتە.

▲ بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىگە باقىدىغان دوستلار ئارىسىدا ئورتاق نىشان،ئورتاق غايە بولمايدۇ.

▲ ئادەم ئالغا ئىنتىلگەنسېرى، سۇ تۆۋەنگە ئاققانسېرى زورىيىدۇ.

▲ ھەسەتخور ــ ئۆزىمۇ يېمەيدۇ، ئۆزگىگىمۇ يېگۈزمەيدۇ.

▲ ئىسلاھ قىلىش ــ ماسلىشىش ۋە ماسلاشتۇرۇش دېمەكتۇر.

▲ پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، كۈندە يېڭى-يېڭى كەشپىيات بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ قول تىقىپ ئىشلىگەنلىرى، ئىجاد قىلغانلىرى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇ تەرەققىياتلارغا ئويۇنغا كەلگەن تاماشىبىن سۈپىتىدە قاتنىشىۋاتىمىز. دېمەك بىز تەرەققىياتنىڭ تاماشىبىنلىرىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز.

▲ ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئورنىغا كەلمىگۈچە قەدىر-قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا، قەدىر-قىممىتىڭنى ئۆز ئورنۇڭدىن تاپ.

▲ ئىلگىرى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھۈنىرىگە قاراپ باھا بەرگەن بولسا، ھازىر خىزمەت ئورنىغا قاراپ باھا بېرىۋاتىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قورسىقى ئاش-نانغا تويمىقى ئاسان، ئەمما كۆزى مال-دۇنياغا تويمىقى تەس.

▲ ئادەملەر قانچە نادانلاشقانسېرى سەپسەتىگە شۇنچە ئامراق كېلىدۇ.

▲ ئىت قوغلىمىسا ، بەزىدە ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتمەكمۇ قىيىن بولىدۇ.

▲ باشقىلارنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش مۇمكىن ئەمەس.

ــ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

* * *

▲ بىز يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى نىشان دەل بىلىش ۋە چۈشىنىشتۇر.

ــ ئايگۈل ياسىن

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تىرەكلىرى

▲ ئەڭ تۇترۇقسىزلىق ــ بىر خاتالىقنى تەكرار ئۆتكۈزۈش.

▲ كۆز يېشى ــ يۈرەكتىكى قان.

▲ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش تەمەسىدىلا يۈرىدىغانلار ــ روھىي تىلەمچىلەردۇر.

▲ بالىلىقتىكى تەربىيە ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ، ئادەت كەلگۈسىدىكى تەقدىرنى يارىتىدۇ.

▲ كۈندۈزى ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەسلىك، كېچىسى ئۇخلىيالماسلىق كاللىمىزدىكى ئوي-پىكىرلەرنى پۈتۈنلەي تەتۈرىگە قايتۇرىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ھەربىر ئېغىز گەپ-سۆزۈڭگە ئىگە بولالىساڭ ھەرىكىتىڭگە ئىگە بولالايسەن؛ ھەرىكىتىڭگە ئىگە بولالىساڭ تەقدىرىڭگە ئىگە بولالايسەن.

▲ ئالدىڭغا قارىساڭ ئىلگىرىلەيسەن، كەينىڭگە قارىساڭ چېكىنىسەن.

ــ ھاۋاگۈل ئىدرىس (چوغلۇق)

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك ئىنستىتۇتى 2005-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ رىقابەت ــ باشلىنىش، تىرىشچانلىق ــ جەريان، ئىرادە ــ نەتىجە.

▲ داۋاملىقلا باشقىلاردىن نارازى بولىدىغان كىشىلەر بىر بولسا تەمەخورلار، بىر بولسا ھەسەتخورلاردۇر.

▲ ھەل قىلغۇچ پەيتتىكى ئويغىنىش شەخسنىڭ تەقدىرىنى، مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ.

ــ ئېرشاد تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 5-دىۋىزىيە بورتالا شەھىرى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن ھەسرەت خۇددى پارازىت قۇرتقا ئوخشاش، ئادەمنى ئىچىدىن يەپ كاردىن چىقىرىدۇ.

▲ قۇلىقىڭنى دىلىڭ تۇتۇپ ئاڭلا: جەمئىيەت گۈزەل سىمپونىيىلەرنى ياڭرىتىۋاتقاندا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق مۇزىكىلارنىمۇ ياڭرىتىۋاتقاندا. سەندە ئالدىنقىسىدىن قانداق ھوزۇرلىنىش، كېيىنكىسىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشقا پىلان بولۇشى كېرەك.

▲ كۆزۈڭ كۆرگەنلىكى نەرسىگە ئىشىنىپ كەتمە، بەزىدە كۆز كۆرگەندىن كۆڭۈل تۇيغان بەكرەك ئىشەنچلىك بولىدۇ.

▲ ماختاش ھەددىدىن ئاشسا خۇشامەتكە، چاقچاق ھەددىدىن ئاشسا قىيامەتكە ئايلىنىدۇ.

— مەرھابا مۇتەللىپ

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە تۇمشۇق شەھىرى 53-پولك 2-روتىدا

## ئەقىل چېچەكلىرى

▲ ئۆزۈڭدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى سېزەي، تۈزىتەي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

▲ قەغەز ئۈستىگە يېزىلغان قائىدە-تەرتىپ تۈزۈم دەپ، ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولغان قائىدە-تەرتىپ مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدۇ.

▲ ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ۋەدە بەرمەسلىك.

— ئارزۇگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇچۇر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2005-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھا تەپەككۇرلار

▲ ئادەم بىر بولسا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، بىر بولسا ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدۇ.

▲ ياشاش قىينىلاشقانسېرى ئادەملەردە سەممىيلىك يوقىلىپ بارىدۇ.

▲ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭ يۈز بولسىمۇ، كۆڭلۈڭنى بەرگەن ئادىمىڭ بىر بولسۇن.

▲ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئىشلارنى ئىسپاتلاپ يۈرمە، بۇ بىر چوڭ ئەخمەقلىق.

▲ ياشاۋاتىمىز، بىر-بىرىمىزنى دەسسەپ.

▲ دۇنيا ئوخشاپ قالماقتا يېتىم بالىغا.

— ھەمەرجان ھېكىم ھارماس

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە شابتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنت سازچى مەھەللىسىدە، دېھقان

※ ※ ※

▲ يانچۇقىمىزدىكى پۇلنىڭ كۆپىيىشى بىزنى باشقىلار ئالدىدا يوغان سۆزلەتسە، يۈزىمىزدىكى قورۇقنىڭ كۆپىيىشى بىزنى ئەزرائىل ئالدىدا يۈكۈندۈرىدۇ.

▲ مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي، كوچىدا ئانىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان تۆت ياشلىق بالىدەك تەمتىرەپ يۈرگەن ۋاقتىمدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ماڭا يول كۆرسىتىپ بەردى.

— پاتىمە بارات

ئاپتور: خوشۇت ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مىۋىلىرى

▲ خۇشاللىقىڭنى دوستۇڭ بىلەن ئورتاقلاشساڭ قوش خۇشاللىققا ئېرىشىسەن، ئازابىڭنى ئورتاقلاشساڭ، ئازابىڭنىڭ يېرىمىنى ئۇنتۇيسەن.

▲ ئىمكەك بىزنى ئۈچ نەرسىدىن قۇتقۇزىدۇ: زېرىكىش، قىينچىلىق، يامان ئادەت.

▲ دوستلار قېرىنداشتەك بولالايدۇ، لېكىن قېرىنداشلار دوستلاردەك بولالىشى ناتايىن.

▲ تەن ساغلاملىق ۋە گۈزەللىك ياشلارنىڭ، ئەقىل-پاراسەتنىڭ مولluqى ياشانغانلارنىڭ بىباھا بايلىقى.

▲ مۇھەببەت بولسا قۇياش، نەپرەت بولسا قاراڭغۇ تۈن، ھاياتلىق بۇ ئىككىسىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئالمىشىشىدىن ئىبارەت.

▲ ياشلارنىڭ بايقاش ئىقتىدارى يۇقىرى، ياشانغانلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى.

— قەلبىنۇر سېيتنىياز

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ھەسەت، ماھىيەتتە ھەسرەت قەسرىنىڭ ئىشىكى.

▲ يۇرتىمىزدا «ئارامگاھ» لار «ھارامگاھ» دەپ ئاتالماقتا!

— مەۋلان ئابلىمىت، مېھرىئاي روزىمۇھەممەت

ئاپتورلار: نىلقا ناھىيە تاڭبالى سودا-سانائەت بازىرىدا

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ بالىلار يەسلىبى — ئىنسانلار قاتنىشىدىغان تۇنجى تەشكىلات

▲ بالىلار يىغلاپ قورقۇتار، قېرىلار تىللاپ.

▲ 90ياشتىن ھالقىغان ئادەم — جاھان كۆرگەن كىچىك بالىدۇر.

▲ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئايالنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمىغان ئەر قەدىرسىز، ئەرنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمىغان ئايال قەدىرلىكتۇر.

▲ مۈشۈكنى ئەتىۋار قىلغان چاشقان.

▲ تارىخ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقتىن تەكرارلىنىدۇ.

▲ بۇرۇنقىلار ئىقتىساد نامراتلىقىدىن يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن بولسا، ھازىرقىلار ئېتىقاد نامراتلىقىدىن يېرىم يالىڭاچ يۈرۈۋاتىدۇ.

▲ تەرەققىيات كىيىملەر ئارىسىدىكى پىتلارنى تۈگەتكىنى بىلەن، ئادەملەر ئارىسىدىكى پىتلار(پىتنىخورلار)نى كۆپەيتىۋەتتى.

▲ بۇزۇلۇش — كاللا (ئىدىيە)دە باشلىنىپ، ھەشەمەتچىلىكتە راۋاجلىنىپ، تەندە ئاخىرلىشىدۇ.

▲ «ئىناق جەمئىيەت» — ئەخلاق ساقچى، ئېتىقاد سوتچى، قانۇن ئىجراچى بولغان جەمئىيەتتۇر.

▲ تەتۈر قىسمەت : دەرسخانىدا «ئەجەب توشمىدى بۇ سائەت»، بىكارچىلىقتا: «بۇ كۈن نېمانچە ئۇزۇن»، ماتاش ئالدىغاندا: «بۇ ئاي قاچان توشار»، ياش 60تىن ئاشقاندا: «نېمانچە قىسقا بۇ ھايات».

▲ ئۆچ قىلغانمۇ پۇل، دوست قىلغانمۇ پۇل.

▲ مەجبۇرلاش — بىرى، كۆنۈش، يەنە بىرى، قارشىلىشىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ــ ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ تەجرىبە ـ ساۋاق ــ يامغۇردىن كېيىن سوۋغا قىلىنغان كۈنلۈككە ئوخشايدۇ.

## ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى

ئۆچمەنلىك ئىچىدە چوڭ بولغان بالا مۇشتلىشىشنى ئۆگىنىدۇ.
مەسخىرە ئىچىدە چوڭ بولغان بالا تارتىنچاقلىقنى ئۆگىنىدۇ.
ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ئۆزىنى كەمسىتىشنى ئۆگىنىدۇ.
رىغبەتلەندۈرۈش ئىچىدە چوڭ بولغان بالائۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىدۇ.
ماختاش ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ھۆرمەت ـ ھالاۋەتنى ئۆگىنىدۇ.
ھەققانىيلىق ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ئادىللىقنى ئۆگىنىدۇ.
قوللاش ئىچىدە چوڭ بولغان بالا باشقىلارغا ئىشىنىشنى ئۆگىنىدۇ.
مېھرىبانلىق ئىچىدە چوڭ بولغان بالا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

ــ مۇھەممەتجان ھەبىبۇل

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ قانۇن فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

▲ ئاتا بولۇپ شۇنى ھېس قىلدىم: «جېنىم ئانا» دېگەن سۆز تىلدىن چىقىدىكەن، «جېنىم بالام» دېگەن سۆز دىلدىن.

▲ يۇرتىمىزدا كىتابخانا ــ كۈتۈپخانىلار شەھەردە بىر، ئاشخانا ـ بەزمىخانىلار قەدەمدە بىر.

▲ ئەسلى «بىلىم ئېلىش ھەر بىر ئىنسانغا ئۆمۈرلۈك پەرز» ئىدى، بىزگە بولسا پەقەت خىزمەت تېپىۋالغۇچە پەرز بوپقالدى.

▲ سوپىزىم دېگەن جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ھاراق دېگەن نىجاسەتكە تۇتۇلدۇق.

▲ «زاكىسىدىلا بۇزۇلۇپ كەتكەنلەر» نىڭ ئانىسى ئەمەلىيەتتە نىكاھتىن بۇرۇنلا بۇزۇلۇپ بولغان.

ــ ئابدۇقەييۇم ئابدۇرەھىم

---

ئاپتور: تۇرپان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ۋە تارىخىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر كومپاسسىز سەپەرگە چىققان يولۇچىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئەجدادىڭنى تارىخ ئەينىكىدىن، ئەۋلادىڭنى ئۆز ئەينىكىڭدىن كۆر.

▲ قانۇن پاكىتنى، ئادالەت ۋىجداننى ئۆلچەم قىلىدۇ. قانۇن بىلەن ئادالەتنىڭ توقۇنۇشى دەل ئۆلچەمدىكى بىردەكسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

▲ ۋاقىتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۇ ياراتقان قىممەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ۋاقىتنى بويسۇندۇرۇش ئۆزىگە خوجايىن بولغانلىق، ۋاقىتقا بويسۇنۇش باشقىلارغا قۇل بولغانلىق.

▲ قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتە كۆيۈنۈشكە تايان، ئوغۇللارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتە چۈشىنىشكە.

▲ كىتابقا باقسالڭ نەزەرىيىنى، دۇنياغا باقسالڭ ئەمەلىيەتنى بىلىسەن.

▲ قىينى سوۋۇغان مىللەتتىن قەھرىمانلار چىقمايدۇ.

ــ مەرىيەمگۈل ئابدۇرەھىم ئايتۇت ، ئالىمجان نەسىرىددىن ئۆز قۇت

---

ئاپتور: مەرىيەمگۈل ئابدۇرېھىم ئايتۇت: قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزا قاسساپ مەھەللىسىدە، دېھقان. ئالىمجان نەسىرىددىن ئۆز قۇت: يەكەن ناھىيە كاچۇڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## ھايات ھاسىلاتلىرى

▲ كىبىر ــ قەلبتىكى كىر.

▲ ھەقىقەت شۆھرەتلىك ئەمەس، بەلكى ئادەم شۆھرەتلىك.

▲ دوستلۇقنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭ بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بوپقالما.

▲ بىر ئالىمنىڭ ياخشى تەربىيە يۈز ئادەمگە تەسىر قىلسا، يامان تەربىيە مىڭ ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ.

▲ ئىشق ئەھلىنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى سۆيگەن، لېكىن ۋەسلىگە يېتەلمىگەن يارى بىلەن كۆڭۈللىرىنىڭ بىرىدە بىر ئۇقتىدا كۆزنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشى.

ــ قەمەرىددىن قادىر

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ يېزا ئويباغ كەنتىدە، دىلكا

※ ※ ※

▲ بىراۋنى سەن خان ئورنىدا كۆردۈڭمۇ، ئەلۋەتتە سەن قول بولىسەن؛ قول ئورنىدا كۆرگەنىكەنسەن، ئەلۋەتتە خان بولىسەن.

▲ ئادەم دۇنياغا كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىسا ئۇنى گۈزەل،ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋالسا قاباھەتلىك، بىر كۆزىنى قىسىۋالسا ئۇنى ئادالەتسىز كۆرىدۇ.

▲ ھايات ئۈچۈن ئەڭ ئەخمىقانىلىك، ئازابلىنارلىق بولغىنى، ئۆز ھاياتىنى بەدىلىگە بىھۇدە قۇربان بېرىش.

▲ تۆردىكى ئورنۇڭنى تارتىۋالغان ۋاقتىڭدا پەگادىكى ئورنۇڭنىڭمۇ ساڭا نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇما.

▲ يېشىڭنى سۈرتىۋەت. سېنىڭ ئاچچىق ئەلەمدە ياش تۆككەن ۋاقتىڭ، دەل بىراۋنىڭ مۇراد ـ مەقسەتتە شاد كۈلگەن چېغى.

▲ باھاردا باغۇەن بولۇپ، كۈزدە شاد كۈلگەن ئادەمنىڭ قىشى گۈزەل ياز بولىدۇ.

▲ ھەرقاچان شېرىن ئەسلىمە ئازابلىق ئۆتمۈش قوينىغا كىرىۋالىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئادەمىيلىكى غەزەپ تونىنى كىيگەندە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ئازابلىرىڭنىڭ نىداسى يوقاتقانلىرىڭدىن بەكرەك ئاتا قىلغانلىرىڭنىڭ ئۈستىدە ئېغىرايدۇ.

▲ يېنىڭدىكى مۇھەببەت ــ يېشمىنى بىلىشكە ئالدىرىغان، ئوقۇپ بولالمايۋاتقان، تاشلاپ قويۇشقا كۆڭۈل ئۇنىمايۋاتقان قىزىقارلىق كىتاب.

ــ گۈلمېھرى ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل ـ ئەدەبىيات 2004 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمغا تېز سىزما

▲ كېيىڭدىن ئېيىلڭ مۇھىم.

▲ سەنئەتنىڭ تەسەللىسى — قەلب، قەھرىماننىڭ تەسەللىسى — ئىشەنچ، پەلسەپىنىڭ تەسەللىسى — ئەقىل.

▲ كەپنى ئوڭ قىلساڭ ئاقىل، چوڭ قىلساڭ غاپىل، توڭ قىلساڭ نادانسەن.

▲ بىلىش — يول ، ئەقىل — يول خېتى.

▲ ماختىنىش نادانىنىڭ ئاشكارا تارىخى.

▲ ئېتىقاد — مىللەتنىڭ يىلتىزى، ئىقتىساد — غولى.

▲ ئۇنۇم — كۇنۇم.

▲ باتۇر — رىقابەتچىسى بولغاچ باتۇر، بولمىسا ياتۇر.

▲ تەدبىر — تەقدىرگە يول.

▲ ھۇرۇنغا ئورۇن يوق، ئەدەبسىزگە سورۇن.

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار — ھالقىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتقۇچىلار.

▲ ئوقۇتقۇچى ئىدىيە تاشىغۇچى ئەمەس، ئىدىيە ياراتقۇچى بولۇشى كېرەك.

▲ بۇرۇن تارىخ بىتىنى قىلىچ پۈتەتتى، ھازىر ئىدىيە پۈتىدىغان بولدى.

▲ كۆز سۆزلەۋاتقاندا تىل كېكەچ.

▲ بالىلارنىڭ كۈلكىسى سەممىي، يىغىسى ھەقىقىي بولىدۇ.

▲ ئىسراپخورنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل باشقىلارنىڭ قولىدا بولىدۇ.

▲ ھېكمەتنى تەبىئەتتىن، مېھرىبانلىقنى ئانىدىن،بەردەملىكنى ئاتىدىن، تىرىشچانلىقنى چۈمۈلىدىن تاپقايسەن.

▲ ئىناۋەت — كاپالەت.

▲ باھانە ئاسان تېپىلغان بىلەن ، ئاسان قايىل قىلالمايدۇ.

▲ ياخشىلىقنى سۆزدە ئىپادىلىسە قۇلاققا، ئۆزىدە ئىپادىلىسە يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ.

▲ بالىلارنىڭ قەدىمى(خىيالى)ئۈمىد، ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇرى نەتىجە، چوڭلارنىڭ تەپەككۇرى ئىبرەت.

▲ سۆيگۈ — قەلبنىڭ ئوڭ يۈزى.

▲ ئەرلەر تەردە، ئاياللار ئەردە سىنىلىدۇ.

▲ ھەسەتخور ئۆزىنى، نادان باشقىلارنى ئازابلايدۇ.

▲ قانائەت — بىلىشنىڭ تورمۇزى.

▲ ئىشەنچ — بىرلىكنىڭ ئانىسى.

▲ تەلەپچان، ئادىل مۇھەررىر مەتبۇئاتنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرىدۇ، يازغۇچىنى قايتىدىن يارىتىدۇ.

▲ ئانىنىڭ كۆز يېشى مېھىر، ئايالنىڭ كۆز يېشى سېھىر.

▲ شۈكۈر بىلەن ھۇرۇنلۇق نامراتنىڭ دەسمايىسى.

▲ نادانغا يول قويساڭ سېنى سوقۇپ ئۆتىدۇ.

▲ ئالدىنىش — بىرى نادانلىقتىن، بىرى ئاق كۆڭۈللۈكتىن.

▲ بىر مىللەتنىڭ ھالاكىتى ئاۋۋال دىلىدىن، ئاندىن تىلىدىن باشلىنىدۇ.

▲ بىزگە «گىز باسار»لاردىن بەكرەك «گىز ياسار»لار كېرەك.

▲ پۇرسەتنى كۈتۈش — ئاجىزلىق، بىلىش — دانالىق، تۇتۇش — ئاقىلانىلىك، يارىتىش — قەھرىمانلىق.

▲ ئەخلاق — مەقسەت، قانۇن — ۋاستە.

▲ ھىجىيىش كۈلكىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ.

▲ تەبىئىي پەنلەر ئىقتىسادقا، ئىجتىمائىي پەنلەر ئېتىقادقا تۇتىشىدۇ.

▲ مىللەتنىڭ بايانى مەتبۇئات، ھاياتى ئېتىقاد، تۈۋرۈكى تىل — مەدەنىيەت.

▲ بەخت — سەزسەڭ قەلبتە، تىلىسەڭ ئاسماندا،بىلسەڭ ئالقاندا.

▲ پۇل بىلەن تەۋەككۈلچىلىك سودىگەرنىڭ دەسمايىسى.

▲ خاسلىق — تەرەققىياتنىڭ ئۇلى.

▲ ھاراق-تاماكا قانۇن چەكلىمىگەن بىلەن، ئەخلاق چەكلەيدىغان قاتىل.

▲ خىرىسقا تولغان جەمئىيەتتە سەۋرچان، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئاسان زىيان تارتىدۇ.

▲ تەشۋىش — ئادەمنى بۇرۇن قېرىتىدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

▲ مەدەنىيەت ساتقىنلىرى — بۈگۈنكى دەۋردىكى ھەقىقىي خائىن.

▲ خەققە باقماي ھەققە باق.

▲ ياراتساڭ يارىتىلىسەن.

▲ تىرىشتىڭ — ئېرىشتىڭ.

▲ ئاچچىققا سەۋر، ناھەقچىلىككە قەھر كېرەك.

▲ ئىنسان ئائىلىدىن ئەخلاق، مەكتەپتىن بىلىم، جەمئىيەتتىن ئەقىل تاپقاندىلا مۇكەممەللىككە قەدەم باسىدۇ.

— ئابلەت روزى

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خوشئاۋات يېزا يوگىمەچىلىك كەنتىدە، دېھقان

▲ تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسى — ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتىلغان پەلسەپىۋى سۆزدۇر.

— تۇرسۇن قۇربان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 - 2850601، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم



# ياش باش ۋە مەسئۇلىيەت

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

ياش ئادەمنىڭ قېنى قىزىق بولىدۇ دەيدىغان. قېنى قىزىق ئادەمنىڭ مىجەزى ئىتتىك، پىكرى ئۇچۇق، كۆڭلى تۈز، ئەقىل- ئويى يۇگرۈك كېلىدۇ. بۇنداق ھالەتنى ئاۋام تىلىدا «باشتىن ئىش ئۆتمىگەن»، «ياشلىق- شاشلىق» دېيىشىدۇ. قىزىققان، ئوچۇق پىكىرلىك، ئەقىل ۋە قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىنى ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ئىبارە بىلەن «ياش باش» دەپ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ تىلغا ئالىمەن.

ياش باش كۆپىنچە ئەقىلگە خام، ھېسسىياتقا باي بولىسىمۇ، قىزغىن ئويلايدىغان، راۋۇرۇس ئىشلەيدىغان روھقا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن «ياشلىق- شاشلىق» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. ياش بولغاندىكىن شاش بولىدىغان گەپ. ياشلىقتا يوق شاشلىققا قاي زاماندا يەتكۈلۈك؟ يەنە كېلىپ، شاشلىق ئۈنچىۋالا خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق ئىشمۇ ئەمەس. ياشلىقتا شاشلىق، شاشلىقتا ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەقىل، روھ، جاسارەت، كۈچ بار. بەزىلەر ياشلارنى ئالدىراقسانلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇلارغا ئىشەنچسىز نەزەردە قارايدۇ. ئەمما ئىش يۈزىدە ئاشۇ ياشلىق ـ شاشلىققا يەنە مەسئۇلىيەتچان روھمۇ سىڭىپ كەتكەن.

ياش باشقا ياشلىقنىڭ ئىزى، ئۆمۈرنىڭ گۈلى بولغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بىلەن بىرلىكتە، قېرىپ هال- كۈچىدىن قالغىلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىغا قاراش، ئەل- يۇرت، مىللەت، دۆلەت ئۈچۈن كۈچ- قۇۋۋىتى، زېھنىنى بېغىشلاش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن بولىدۇ. «ياش كېلىۋر ئىشقا، قېرى كېلىۋر ئاشقا» دېگەندەك (مەسئۇل مۇھەررىردىن)، ياش، شاش بولغاندىكىن مەسئۇلىيەت كۆپرەك، ئېغىرراق بولىدۇ.

داھىي ماۋزېدۇڭ سۈپەتلىگەن «ئەتىگەن سائەت سەككىز- توققۇزلاردىكى نۇرلۇق قۇياشتەك» ياش، يەنى يىگىرمە بەش ياشلىق

ئۆزۈڭنى تونۇ

ئالتۇن مەزگىلىمدە، يېزىمىزدىن ناھىيىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ نامزاتىنى بېكىتىش ۋە سايلاش باشلانغاندا، ئۈچ سايلام رايونىنىڭ نامزاتلىق ئورنىغا ئېتىم يېزىلغىنىنى كۆرۈپ سەل سەگەكلەشتىم. يېزىمىزدىكى ئون نەچچە مىڭ دېھقان ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت- ئىرادىسىنى سۆزلەيدۇ، دەپ جىسمىدىن، روھىدىن شاش كۈچ ۋە قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرغان مەندەك بىر ياش باشقا ئىشەنچ باغلاپ تۇراتتى. دېمەك مەسئۇلىيەت ئېغىرلىغانىدى. بىر ئادەم ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك ـ ۋەكىل بولسا؛ نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلسا؛ ئارزۇ- تەلەپلىرىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزسە ۋە ئۇلارنىڭ ھالى- ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، پىكىر بايان قىلسا، بۇ ئەلۋەتتە چوڭ مەسئۇلىيەت ئىدى. بولۇپمۇ مەندەك ياش باش ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئۈچ سايلام رايونىدىكى نەتىجە ئارقا- ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، بىر قەدەر تولۇق ئاۋاز بىلەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېھقان ۋەكىلى بولغىنىم ئۇقتۇرۇلۇپ، كونىراپ كەتكەن كەنت قورۇسىدىكى توپىلىق يىغىن مەيدانىدا يۈكۈنۈپ، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان دېھقان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئالدىدا مەيدەمگە قىزىل گۈل تاقالغاندا، ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇشۇم كېرەكلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم. مەندە ياش بىر بولغان بىلەن، ماڭا ئىشەنچ باغلىغان نەچچە مىڭ باشنىڭ ۋەكىلى، تىلى بولۇشۇم كېرەك ئىدى. دېھقان قېرىنداشلىرىم مېنى: ئېتىزدا سۆڭەكى قاتقان، دېھقاننى تازا ئوبدان بىلىدۇ؛ دېھقان بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولالايدۇ، دەپ زور ئۈمىد- ئىشەنچ بىلەن مېنى ئۆز ۋەكىللىكىگە سايلىغانىدى. بولمىسا، يېزىمىزدا نى- نى ئادەملەر تۇرغان يەردە ماڭا ۋەكىللىك ئاشامتى.

ناھىيىمىزدىكى 280 مىڭ ئادەمنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن غەم يەيدىغان چوڭ يىغىلىشقا- يەنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ يىغىنلىرىغا ئىشتىراك ئېتىش ـ ھاياتىمنىڭ ئەڭ ياش- شاش مەزگىلىنى دېھقانچىلىق ۋە ئاز- تولا يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان

مەندەك بىر دېھقان بالىسى ئۈچۈن سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىدىغان، ياش ۋە شاش زېھنىم، كۈچ- قۇۋۋىتىمنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىن ھالقىتىپ ناھىيىمىزدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىگە بېغىشلايدىغان سالمىقى ئېغىر، مەسئۇلىيەتلىك بەش يىلنىڭ ئىشى ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇلاردىن ئاتايىن خۇلاسە- تەسىرات يېزىپ قالدۇرغىلى مەن ئۇنچىۋالا كاتتا ئادەم ياكى مۆتىۋەر زاتمۇ ئەمەس، پەقەت ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر دېھقان ۋەكىلى، خالاس. لېكىن، بەش يىل جەريانىدىكى تەسىراتىم ۋە مۇشۇ تەسىراتقا كەلتۈرگەن بەزى ۋەكىلداشلارنىڭ ۋەكىللىك ساپاسى، مەسئۇلىيەت ۋىجدانى ۋە ئوي- پىكىر پەرقى مېنى قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ئاشۇ ھەمداستىخان ۋەكىلداشلىرىملا ئەمەس، بىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ سايلىغان ھەربىر ۋەكىلگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارايدىغان ھەربىر ۋىجدانلىق پۇقرامۇ ئويلىنىدىغان مەسىلىغۇ بۇ، ئاخىر!

قۇرۇلتايغا تۇنجى ئىشتىراك قىلغان چېغىمدا، بىر خىل ھاياجانلىق ھېس ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ تۇردى. خەنزۇتىلىنى بىلمەيدىغان ماڭا ئوخشاش «تومپايلار» ئۈچۈن تەرلەپ- پىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان تەرجىمانلار؛ يىغىن ماتېرىياللىرىنى تارقىتىپ بېرىۋاتقان مەسئۇل خادىملار؛ تۇرمۇشىمىزنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىۋاتقان مۇلازىملار؛ پۇتلىرى تېلىپ، گاللىرى قۇرۇپ كەتسىمۇ سائەت- سائەتلەپ ئۆرە تۇرۇپ خىزمەت دوكلاتى ئوقۇپ بېرىۋاتقان رەھبەرلەرگە قارىسام ئىپتىخارلىنىپ كېتەتتىم. ئۆز رولۇمنى چوڭقۇر تونۇپ، يىغىن ماتېرىياللىرىنى ئالا قالدۇرماي ئوقۇپ، ھەربىر جۈملە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، گاھى مەسىلىلەرنىڭ تولىمۇ ياخشى بايان قىلىنغىنىغا قايىللىقىم ئاشسا، گاھى مەسىلىلەرگە زۆرۈر تۈزىتىش بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ ئاستىغا سىزىق تارتىپ، بەلگە ئۇرۇپ ماڭاتتىم. چۈنكى بۇ قۇرۇلتاي بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان ۋەكىللەرگىلا مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلتاي ئەمەس، ناھىيىمىزدىكى280 مىڭ ئادەمنىڭ ئارزۇ- ئىستىكى، تۇرمۇشى، ھەققى- ھوقۇقى، مەنپەئىتى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە، تەدبىر، پىلان، لايىھە ئىشى ئىدى. بۇ قۇرۇلتايغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ماھىيەتتە، ناھىيىمىز، جۈملىدىن ناھىيىمىز خەلقىنىڭ بۇندىن كېيىنكى بەش يىللىق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق مەزگىللىك تەقدىرى، تەرەققىيات ئىستىقبالى، جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا قۇرۇلتايدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا توغرا كېلەتتىكى، بىخەستىلىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى.

ئەپسۇس، قۇرۇلتاينىڭ تۇنجى كۈنى كۆزۈمگە چېلىققان بەزى ئەھۋاللار مېنى ھەيرانۇ- ھەس قالدۇردى. بىز بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلتايغا قاتنىشىۋاتقان يېزا ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي ۋەكىللىرىنىڭ بەزىلىرى تىڭشىغۇچنىڭ كونۇپكىسىنى ئېتىپ قويۇپ، پۇشۇلداپ خىرامان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مەسخىرىلىك يېرى، خورەك ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى تېخى! (قارىغاندا، ئۇلار يىغىنلارغا تولا قاتنىشىپ كۆنۈپ كەتكەن بولسا كېرەك). ھەتتا قۇرۇلتاي ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن سومكىسىدىن چىقارمايلا شوپۇر ياكى كاتىپىدىن ئىشخانىسىغا ئەۋەتىۋەتكەن رەھبەر «ۋەكىل»لەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. قولىمىزغا تارقىتىپ بېرىلگەن «قۇرۇلتايدا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار»دا: «قۇرۇلتاي مەزگىلىدە يانفونلارنى ئېتىپ قويۇش، مېھمان قوبۇل قىلماسلىق، قۇرۇلتاي تەرتىپىنى ساقلاش» دەپ ئاتايىن ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، كۆپىنچە، يېزا — ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبەر ۋەكىللەرنىڭ يانپاش، سۆڭگەكچىلىرىدىن تۇيۇقسىز ئادەمنى چۆچۈتىپ يانفونلىرىنىڭ «ئۈچ پەدە»، «ئانام قونغان»... مۇزىكىلىرى سايراپ كېتەتتى. ئۇلار رەئىس سەھنىسىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشۇپ چاتراق، قولتۇقلارغا بېشىنى سولاپ تۇرۇپ كۈسۈلدىشىپ كەدىپىنى ئۈچۈراتتى. ناھىيىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك شۇنداق بىر كاتتا قۇرۇلتايدىنمۇ مۇھىم قانداق زۆرۈر ئىشى باردۇر ئۇنداقلارنىڭ دەپ ئويلاپ قالىمەن گاھىدا. يەنىلا ھەرۋاقىت ئىنتائەتمەن دېھقان ۋەكىللەر ئەستايىدىللىق بىلەن يىغىن تەرتىپىنى ساقلىسا، بەزى رەھبەر ۋەكىللەر تولا تالاغا يۈگرۈپ قۇرۇلتاي ئەھلىنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. تالاغا چىقىشىغۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. بىراق، دىققىتىنى يىغىپ دوكلات ياكى پىكىرلەرنى تىڭشاۋاتقان ۋەكىللەرنىڭ دىققىتىنى چېچىپ، جەينەكلەپ، ئۇيان- بۇيان ئىتتىرىپ، دولىسىدىن ئاتلاپ، پۇتىغا دەسسەپ ياكى پۇتلاشقانغا ھومىيىپ يىغىن كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزەتتى. ئارانلا ئۈچ كۈن ئېچىلىدىغان قۇرۇلتاي ياكى ئۇنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا ئۇياقتىن كېلىپ بولغىچە بۇياقتىن شېكەر خۇشامەت بىلەن ھال سوراپ كەلگەن تەخسىكەش — چاپانچى كۆتۈرمىكەشلەرگە مېھمان بولۇش ئۈچۈن يىغىندىن كۆز بويامچىلىق بىلەن قاچقان مۆھتەرەم رەھبەر «ۋەكىل»لەر بىز تەنەپپۇسقا چىققاندا ئالدىمىزغا چالا مەست- خۇشخۇيلاشقان، ئېگىز- پەس دەسسىگەن ھالدا ئۇچراپ قالاتتى. بۇلار خەلققە مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ۋەكىللىك قىلسا كېرەك.

ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن تۈزۈم بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بۇ تۈزۈمنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدا قاتلاممۇ قاتلام ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. يەنى بىر ۋەكىل ئەڭ كېمىدە نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ۋەكىلى بولغان بولىدۇ. بىر ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك نوپۇزى، سالاھىيىتى، ئىقتىدارى ۋە ۋەكىللىك سۈپىتىدىن سەللا چاتاق كۆرۈلسە، بار ئۈمىد ۋە ئارزۇسىنى شۇ ۋەكىلگە باغلاپ ئولتۇرغان مىڭلىغان- ئونمىڭلىغان پۇقرانىڭ ھوقۇقى دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرايدۇ. بىر ۋەكىل ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلالمىسا بىر كىشىلىك خاتالىق كۆرۈلمەستىن، نەچچە مىڭ كىشىلىك خاتالىق كۆرۈلگەن بىلەن باراۋەر. شۇڭا ۋەكىل بولغان كىشى ئۆزىنىڭ رولى، مەجبۇرىيىتى، ھوقۇقىنى ئۆزى مەنسۇپ ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنپەئىتى بىلەن باغلاپ چۈشەنمىكى لازىمدۇر.

گەرچە ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۈپەت- ساپا جەھەتتىن پەيدىنپەي سەرخىللىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىلەرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. بەزى ۋەكىللەرنىڭ ساپاسى شۇ قەدەر تۆۋەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېمىدە بىرەر مىڭدىن ئادەمگە ۋەكىل بولۇپ چوڭ قۇرۇلتايغا قاتنىشىۋاتقانلىقىنىڭ ۋەزنىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ. مەن بىلەن بىر يېزىدىن يىغىنغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان بىر ئايال بولىدىغان. ئۇ، قۇرۇلتاينىڭ ھەريىللىق سانلىق يىغىنلىرىغا كەلگەندە، ئالدى بىلەن يىغىن كاتىبات باشقارمىسى تارقىتىپ بەرگەن «يىغىن كۈنتەرتىپى»نى مالتىلايتتى ۋە بىردەم: «چۈشلۈك ئارام نېمىدېگەن قىسقا؟» دېسە، بىردەم: «بۈگۈن كەچكە ئويۇن ئورۇنلاشتۇرماپتىمۇ؟» دەپ ۋايسايتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ: «ئۆزلىرى قۇرۇلتايغا كەلگەنمۇ ياكى ئويۇن كۆرگىلىمۇ؟» دەپ قويسام خاپا بولۇپ، چىچاڭشىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇنداق خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ يىغىلىشنى بىكارلىق «خان ئېشى» يېيىش، ھەقسىز ياتاقلاردا ئېغىناپ يېتىش، ئارتىس

سەتەڭلەرنىڭ ئۇسۇل ـ ناخشىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۆڭۈل ئېچىش دەپ چۈشىنىۋالدىغان، خەلقنىڭ غېمى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ۋاقىت، سەھنە، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، پۇرسەتنى نەپسى ـ قارنىنى تويغۇزىدىغان يەرگە ئايلاندۇرۇۋالدىغان، «ۋەكىل» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى ـ مەنىسىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان قارا قورساق ۋەكىللەرمۇ ئۇچراپ قالىدىكەن.

مەن تۇنجى يىلى قۇرۇلتايغا قاتناشقىنىمدا، قۇرۇلتايغا سۇنىدىغان پىكىر ـ تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى رەتلەپ يېزىپ چىقىۋاتاتتۇق. گەرچە يېزىمىزدىكى رەھبەر ۋەكىللەرنىڭ يىغىنغا سۇنىدىغان پىكىر ـ تەكلىپلەر توغرىلىق بىز بىلەن باش قوشۇپ كېڭەشكە چولىسى تەگمەي قالغان بولسىمۇ، مەن يېزىدا دېھقانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ خاتىرىلىۋالغان مۇھىم مەسىلىلەرنى رەتلەپ، ئومۇمىيلىق، قاراتمىلىققا ئىگە زۆرۈر پىكىر ـ تەلەپلەرنى يېزىپ چىقىۋاتسام، ھېلىقى «ئويۇنخۇمار» ۋەكىلدىشىم قولىدىكى پىكىر تولدۇرۇش قەغىزىنى ماڭا سۇنۇپ:

ـ مانىمۇ يېزىۋەتسىلە، سىلى يازغۇچى بوغاندىكىن، ـ دەيدۇ. ئۆزى نېمە ئىش قىلغۇچى ئىكەنا؟! بوپتۇلا، يەنىلا ئۆزۈم يازسام ياخشىدەك، دەپ پىكىرلەرنى رەتلەپ يېزىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان يول، سۇ ئىنشائات مەسىلىلىرىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ يېزىپ چىقىۋاتسام، ناھىيىمىزنىڭ باشقا بىر يېزىسىدىن كەلگەن، بىز بىلەن بىر مۇزاكىرە گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەن بىر قانچە ۋەكىل قوللىرىدىكى پىكىر جەدۋىلىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ماڭا ئۇزىتىشتى:

ـ ئۇكامىي، ماۋۇنىمۇ يېزىپ بەرسىلە، گاچچىدە.

سەل تېڭىرقاپ قېلىپ:

ـ يېزائىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلمىسەم، قانداق يازالايمەن؟ ـ دېسەم،

ـ ۋاي، ئۆزلىرى بىلىپ، ئىشقىلىپ بىر نەرسە يېزىپ تولدۇرۇپ بەممەدىلا، قوللىرىدىن كەگەندىكىن، ـ دەيدۇ. ماۋۇ ئىشنى! خەت ساۋاتى بولغان بىلەن دىت ساۋاتى يوق ۋەكىللەرمۇ بوپقالىدىكەن دېسە؟ ئۆز قىينىچىلىقىمىزنى لايىقىدا، ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىپ، بۇنىڭ ھەل قىلىش تەدبىر ـ لايىھىلىرىنى، نامۇۋاپىق تۈزۈم ـ سىياسەتلەرگە قارىتا پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىساق، كىم بىزنىڭ ھالىمىزنى چۈشەنسۇن؟ كىم بىزنىڭ ھالىمىزغا يەتسۇن؟ بىزنىڭ ھال ـ ئەھۋالىمىزغا لايىق تەدبىر ـ پىلان، سىياسەت ـ تۈزۈملەر نەدىن كەلسۇن؟ ۋەكىللەرنىڭ تەدبىرسىز، ساپاسىز، جۈرئەتسىز، ساختىپەز، شەكىلۋاز رەسمىيەتچىلىكى ئاقىۋەتتە پۈتكۈل ئەل ـ يۇرتنىڭ بىقۇۋۇللۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋەكىل ـ ئالاقچى ناباب بولسا، پۇقرانىڭ زۇۋانى تەدبىر بەلگۈچىلەرگە يەتمەيدۇ ـ دە، ھەقلىق گەپ ـ تەلەپلەر ئىگىسگە يەتمەي، قۇرۇق قايناش، ئۆز قۇيرۇقىنى تالاش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بەزى ۋەكىللەر كەنت، يېزىلاردىلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئۇششاق، چويلىدا توختىمايدىغان مەسىلىلەرنى قۇرۇلتاي ۋە ئۇنىڭ يىللىق يىغىنلىرىغا سۇنۇپ ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدىكەن. مەن ئويلايمەن: خەت ساۋاتى بولۇپ دىت ساۋاتى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ۋەكىل بولۇشقا سالاھىيتى توشمايدۇ. خەلقتە ئۆز ۋەكىلىنى سايلاش ھوقۇقى بار. دېمەك خەلق ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز ۋەكىلىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سايلىشى كېرەك. سايلانغۇچىلارمۇ ئۆزىنى دەڭسەپ باققىنى تۈزۈك. قۇرۇلتايىنى پاخاللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن «خان ئېشى»نى بىھۇدە ئىسراپ قىلغاندىن، خەلقنىڭ تەقدىرى ھەققىدە سۆزلەيدىغان ئاجايىپ ئېسىل پۇرسەتنى بىكاردىن بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كۆرە، ئۆزىنى ئۆزى چەتلەپ، ئاق ـ قارىنى بىلىدىغان دىتلىق كىشىلەرگە ئورۇن بوشىتىشىمۇ دانىشمەنلىك جۈملىسىدىندۇر. بەزىدە ۋاز كېچىشمۇ تۆھپىدۇر.

زامان كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ۋەكىللىرىگە بولغان ئېھتىياجى ھەم خەلقنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچىمۇ كۈندىن كۈنگە ھەسسىلەپ ئارتىپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق دەۋردە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسى ئىنتايىن مۇھىم. يۇقىرى ساپالىق، قىزغىن، پائالىيەتچان، مەسئۇلىيەتچان ئادەملەر خەلق ۋەكىلى بولسا، خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ مەسىلە مۇھاكىمە، مۇلاھىزە قىلىنالايدۇ ھەم تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارە ـ تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلالايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ تىنچلىق ئىچىدە تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا، قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە پايدىلىق. ساپاسىز، ئوي ـ پىكرى يۇزە، شەكىلۋاز، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىز، جانباقتى ۋەكىللەر خەلقنىمۇ، ھۆكۈمەتنىمۇ ئالدايدىغان كۆز بويامچىلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. خەلقنىڭ ھالى ـ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغۇدەك، ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ ـ پىكىر، پىلان ـ تەدبىرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكىنى پىكىر بېرىپ تۈزەتكۈدەك مەسئۇلىيەتچان باش بولمىسا ۋەكىل دېگەننىڭ قوغۇنلۇقنىڭ قارانچۇقىدىن پەرقى قالمايدۇ. خەلقنىڭ ۋەكىلى سۆزسىزكى، خەلقنىڭ خالىس جاكارچىسى بولۇشى كېرەك. خەلق ۋەكىللىرى خەلقنىڭ جاكارچىسى بولمىسا، يىغىن ـ قۇرۇلتايدا خەلقنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈگۈنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىسا، يېشىلمىسە، «تىنچ قۇرۇلتاي ـ يىغىن» ئاچقىلى بولغان بىلەن، «تىنچ جەمئىيەت» بەرپا قىلغىلى بولماس.

ئاساسىي قاتلام، بولۇپمۇ يېزا ئاساسىي قاتلام خەلق ۋەكىللىرى ـ ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆزى، ئېغىزى، تىلىدۇر. شۇنداقلا بىر نەپەر خەلق ۋەكىلىگە چالا ساۋات بولسىمۇ بىر تالدىن بىلەتنى ھەجىلەپ يېزىپ ئاۋاز بەرگەن بىرەر مىڭ، ھەتتا نەچچە مىڭ سايلىغۇچىنىڭ كۆزى، ئېغىزى، تىلى، دىلى مۇجەسسەمدۇر. ئەگەر ۋەكىل بولمىش بۇ كۆز نەق نەرسىنىمۇ كۆرمىسە، تىل ـ ئېغىز بار نەرسىنىمۇ سۆزلەپ، بايان قىلىپ بېرەلمىسە، ئۇ، خەلقنىڭ ـ ئۆز سايلىغۇچىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىغان، ھۆكۈمەت بەرگەن پۇرسەتنى ھارام قىلغان، ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولىدۇ.

مەن خەلق ۋەكىلى بولغان بەش يىلدا شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، خەلق ۋەكىلى دېگەن بىر ئاددىي ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى بىر زور ھوقۇق؛ ئالاھىدە ئىمتىياز ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەت؛ قول كۆتۈرۈش ماشىنىسى ئەمەس، ھەيدىگۈچى، باشقۇرغۇچى؛ قارانچۇق ئەمەس، نازارەتچى؛ نانقېپى ئەمەس، باشلامچى بولۇشى كېرەككەن. «ئالدىنقىسى بولدۇممۇ ياكى كېيىنكىسمۇ؟» دېگەننى دىتلاش ھەققىي مەسئۇلىيەتچان خەلق ۋەكىلىنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بۇرچىدۇر.

2007 ـ يىل ماي، سەھرايى ئەرمۇدۇن

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى(M1)



# «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

## خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا «پۇقرالار ۋەكىللىرى»نىڭ سانى «مەنسەپدارلار ۋەكىللىرى»نىڭكىدىن كۆپ بولغىنى ياخشى

«شىنخۇا كۈندىلىك تېلېگراممىا خەۋەرلىرى»دىن گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى لىۇجۇ شەھىرى رۇڭشۇي مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ 14-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2-ئومۇمىي يىغىنى يېپىلىدىغان ۋاقىتتا ۋەكىللەردىن 49 كىشىنىڭ يىغىنغا رۇخسەتسىز كىرمىگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچىدە 45 كىشىنىڭ مەزكۇر ئاپتونوم ناھىيىدىكى يېزا-بازار، ئىدارە-ئورگانلارنىڭ بىرىنچى باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. بۇ، ئىلمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە مەنسەپدارلار ۋەكىللىرىنىڭ پۇقرالار ۋەكىللىرى سانىدىن زىيادە كۆپلىكىنى كۆرسەتتى. «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى»لىكنى قوشۇمچە زىممىسىگە ئالغان بۇ 45 مەنسەپدارنىڭ يىغىنغا رۇخسەتسىز كىرمىگەنلىكى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ مۇنداق بىر قانچە مەسىلىنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. 1. مەنسەپدارلارنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، ۋەزىپىسى ئېغىر بولغاچقا «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى»لىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا راستتىنلا ئامالسىز قالغان. 2. ئاشۇ مەنسەپدارلار ئۆزلىرىچە «خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاي دېگۈدەك رولى بولمىسا، رەسمىيەت ئۈچۈنلا چاقىرىلغان ئۇنداق يىغىنغا كىرسىمۇ-كىرمىسىمۇ بەربىر»دەپ قارىغان. 3. ئۇلار «بىز دېگەن ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەمۇرىيەتنىڭ مەنسەپدارلىرى، شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا رۇخسەتسىز قاتناشمىساقمۇ بۇنىڭ كارى چاغلىق» دەپ تونىغان. 4. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ئادەتتە ھۆكۈمەت، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قارارلار قاراپ چىقىلىپ، بۇ ھەقتە بېكىتمىلەر ماقۇللىنىدۇ. بۇنداق يىغىنلارغا كىرمىگەندە ئۆزلىرىنىڭ مەيدانى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ سېلىشتىن، ئۆز ئورنىغا پايدىسىز دوكلات ۋە قارارلارنىڭ بېكىتىلىشىگە قاتنىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، مەنسەپدار ۋەكىللەرنىڭ، بولۇپمۇ «بىرىنچى باشلىق» ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىغا توپ-توپى بىلەن قاتناشماي قويۇشى ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ئالدى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا: «خەلق قۇرۇلتىيى ئانچە مۇھىم ئەمەسكەن. ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا شۇنچە كۆپ مەنسەپدار ۋەكىل دوكلاتلار قاراپ چىقىلىپ، مۇھىم قارارلار بېكىتىلىدىغان مۇھىم يىغىنلارغا رۇخسەتسىز كىرمەيدۇ؟» دېگەن گۇمانىي قاراشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ يىغىندا بىر قاتار دوكلات ۋە قارارلىغا قاراپ چىقىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى دۆلەتنىڭ سىياسىي بايلىقلىرىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىك ئەمەسمۇ؟ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئادەتتە نىسبەت بويىچە چۈشۈرۈلگەن نامزاتلار سانى ئارىسىدىن سايلام ئارقىلىق

ترجىمە كۆزنىكى

ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدۇ. ساھەلەر بويىچە بىردىن تەقسىملەنگەن نامزاتلار ئاساسدا ئاشۇ ۋەكىللەر ھەتتا يىغىنغىمۇ كىرمىسە ، ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا ئورتاق قاتنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولامتىمۇ؟ بۇ، سىياسىي بايلىقلارنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىك بولماي نېمە؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنسەپدارلاردىن بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سەۋەبسىز يىغىنغا قاتناشمىسا، باشقا پۇقرالار ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمانى بولمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا خەلق قۇرۇلتىيى ئۆزىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، شۇنداقلا خەلق ھۆكۈمىتى، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جارى قىلدۇرالامتى؟ بۇ خىل خاھىش ئاخىرقى ھېسابتا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىدارى ۋە رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بۇ ھەم ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئېغىر مەسىلە ۋە پەرقنىڭ ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمىغانلىقى ۋە تۈزىتىلمىگەنلىكىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: 98.3% جۇڭگولۇق ئېلىمىزدىكى مەمۇرىيەت سىلىنىمىسىنىڭ ئىسراپچىلىقى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئاساسلىقى ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش، ئومۇمنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا سەيلە ـ ساياھەت قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. (26 ـ مارتتىكى «جۇڭگو ياشلار گېزىتى»گە قاراڭ). بۇنى ئۇزۇن يىللىق سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كونا كېسەل ـ ئىللەت دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىۋاتقانلىقىدا، چىرىكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدا، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بولۇمسىزلىقى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكىدە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋەكىللەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى نازارەت قىلىپ«ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش»نى خالاپ كەتمەيدىغان مەنسەپدارلاردىن تەركىب تېپىۋاتقانلىقى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز بۇرچىنى دېگەندەك ئادا قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولماقتا.

دۆلەت قاتلىمى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: ئېلىمىزنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئۇزۇندىن بۇيان نېمە ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى ـ GDP نىڭ 4.1%ىگىمۇ يېتەلمەيدۇ؟ ئېلىمىزنىڭ نوپۇسى دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 22%نى تەشكىل قىلغان تۇرۇقلۇق سەھىيە خىراجىتى نېمە ئۈچۈن دۇنيا سەھىيە ئومۇمىي خىراجىتىنىڭ ئاران 2%نى ئىگىلەيدۇ؟ ئېلىمىز يەنە نېمە ئۈچۈن سەھىيىگە مەبلەغ ئاجرىتىش ۋە تەقسىملەشنىڭ ئادىللىقى جەھەتتىمۇ دۇنيادىكى 191دۆلەت ئىچىدە 188 ـ قاتاردا تۇرىدۇ؟ بۇ، كىشىلەردە «مەمۇرىيەتنىڭ ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بولۇمسىزلىقى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىكمۇ ـ قانداق؟» دېگەن سوئالنى تۇغدۇرماي قالمايدۇ. ۋەھالەنكى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ 60% ـ 80%نى مەنسەپدارلار ئىگىلەيدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇلارمۇ پۇقرالارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، پۇقرالار تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مەمۇرىي مەنسەپدار بولغاچقىلا ، تەپەككۇر ئادىتى جەھەتتىن پەقەت مەمۇرىيەتنىڭ يېتەكچىلىكى ، ئۆز ئورگىنىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنىلا چىقىش قىلىدۇ.

ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلمىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، نامۇۋاپىقلىق ئۇزۇندىن بۇيان ساقلانغان كونا مەسىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېلىمىزدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئېغىر توسالغۇ بوپكەلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زىيالىيلار، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ۋە سايلىغۇچىلار خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سايلام ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىن پۇقرالارنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرىنى سەپلەشنى ئۈزمەي ئىلتىجا قىلىپ كەلمەكتە. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ بۇ يىلقى «ئىككى يىغىن»ى مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاڭ يۈەنچېڭ قاتارلىق ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان دېھقانلار ۋەكىللىرىنى كۆپەيتىش ھەققىدە تەكلىپنامە سۇندى؛ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى دېڭ مېڭيى قاتارلىقلار خەلق قۇرۇلتىيىدىكى مەنسەپدارلار ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى زور مىقداردا ئازايتىش ھەققىدە تەكلىپنامە سۇندى. بۇنىڭ بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كېلەركى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام چارىسى توغرىسىدىكى قارارىدا كېلەركى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر ئارىسىدا دېھقان، ئىشچىلار ۋەكىللىرى سانىنىڭ ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. بۇ، خەلق رايىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ ھەم دۇنيا دېموكراتىيە ئېقىمىغىمۇ تازا ماس كېلىدۇ.

نۆۋەتتە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قانات ياياقتا. شەھەر، ئۆلكە ۋە دۆلەتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىمۇ باشلىنىۋاتىدۇ. مۇئەللىپ ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە بارلىق سايلىغۇچىغا شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، بۇ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى مۇۋاپىق سايلاپ چىقىپ، دېھقانلار، ئىشچىلار ۋە شەھەر نامراتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى كۆپەيتىپ سايلاپ، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدىكى ساداسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، خۇسۇسىي كارخانىچىلار ۋە ئادۋوكاتلاردىن تەركىب تاپقان يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا مۈلۈكدارلار قاتلىمى ۋەكىللىرىنىمۇ مۇۋاپىق كۆپەيتىش لازىم.

قىسقىسى، پەقەت «پۇقرالارنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرى» سان جەھەتتىن «مەنسەپدار ۋەكىللەر»دىن ئېشىپ چۈشەلىسىلا، ئاندىن ئېلىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ۋە نازارەتچىلىك سەۋىيىسى راۋۇرۇس ئۆسىدۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ساقايماي كېلىۋاتقان مەرەز كېسەلنىڭ ساقىيىشىغىمۇ ئۈمىد باغلىغىلى بولىدۇ.

---

جاڭ جېنچياڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2007 ـ يىل 6 ـ سانىغا بېسىلغان. ئابلىكىم ئوسمان ھەقىيار تەرجىمىسى. تەرجىمان: گۇما ناھىيە ج خ ئىدارىسىدا ساقچى ئوفىتسېر

www.uyghurkitap.com

# ئاجىزلارنى ئاۋام ئالدىغا سۆرەپ چىقىشنىڭ نېمە ھاجىتى

تېلېۋىزوردا يۈزى پوكاندەك قىزارغان، كۆزىدە ياش ئەگىگەن، چاچلىرى چۇۋۇق، ئۇستىۋېشى جۇل-جۇل بىر قىزچاق پەيدا بولۇپ، تىترەڭگۈ ۋە بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دېدى: «ئىسمىم χχ، بۇ يىل 11ياشقا كىردىم. ئائىلەم بەك نامرات بولغاچقا، ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەندىم، مۇئەللىم مېنى باللار ئالدىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى... بىراق ئاپامدا پۇل يوق. تەلىيىمگە χχ ئوقۇش فوند جەمئىيىتى ماڭا ياردەم قىلدى. مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇيمەن...»

بۇ، مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر تېلېۋىزىيە قانىلىدا مەلۇم مىنېرال سۇ كارخانىسىنىڭ 30-ماي كۈنى كەچتە كۆرسەتلىگەن ئېلانى ئىدى.

— داڭلىق ناخشا چولپىنى χχ خانىم (ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى بىر ناخشىچى) بىزنىڭ يۇرتىدىشىمىز، يۇرتىمىزنىڭ پەخرى. بۇ چولپىنىمىزنىڭ قەلبى گۈزەل مېلودىيىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى مېھىر-مۇھەببەتكە لىق تولغان. بۈگۈن ئۇ ئوقۇشسىز قالغان ئۈسمۈر شياۋرۇيگە سېخىيلىق بىلەن 2000 يۈەن ئىئانە قىلدى!

رىياسەتچى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئوقۇغۇچى شياۋرۇيمۇ كېچىلىكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى، تۆۋەندە ئۇنى تەشەككۈرنى بايان قىلىشقا تەكلىپ قىلايلى. قېنى شياۋرۇي، سەھنىگە مەرھەمەت!

بۇگەپ بىلەن تەڭ تېلېكامېرا ۋە رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ ھەممىسى شياۋرۇيگە توغرىلاندى.

تىترەپ تۇرغان شياۋرۇي شۇنداق دېدى: مەن بۇ يىل ئالتە ياشقا كىردىم. دادام مەدىكار ئىشلەۋاتقاندا، تام بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. كېيىن ئاپاممۇ ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى. مەن 70 ياشتىن ئاشقان بوۋام-موماملار بىلەن تۇرۇۋاتىمەن؛ بىراق ئۇلارمۇ ھەم كېسەل ھەم يوقسۇز... بىراق، بىراق مېنىڭ ئوقۇغۇم بار...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە رىياسەتچى چەبدەسلىك بىلەن قولىغا مىكروفوننى ئېلىپ، تاماشىبىنلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— بەختكە يارىشا ناخشا چولپىنى χχ خانىم ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ياردەم قىلدى. بۇ 2000 يۈەن ھەرھالدا شياۋرۇينىڭ بىرقانچە يىللىق ئوقۇش خىراجىتىگە يېتىدۇ. بىز ناخشا چولپىنى χχخانىمغا ھۆرمەت بىلدۈرمەي، تەشەككۈر ئېيتماي تۇرالمايمىز!

بۇ، يېقىندا شەنشىنىڭ شەرقىدىكى مەلۇم بىر شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن «ھېس-تۇيغۇلار ۋولقانى» ناملىق ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن كۆرۈنۈش.

كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىرتوپ ناتىۋان بالا ئالدىنقى رەتتە ئولتۇراتتى. ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئوغۇل بالىنىڭ مەڭزىدە ياش تامچىلىرى تۇراتتى. بالىلارنىڭ قولىدا تېشىغا «200 يۈەن ئىئانە قىلىندى»دېگەن خەت يېزىلغان بىردىن قىزىل كونۋېرت بار ئىدى.

بۇ، مەلۇم گېزىتنىڭ 3-ماي كۈندىكى سانىنىڭ 1-بېتىگە بېسىلغان «گۆدەكلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزەيلى»ناملىق بىر پارچە سۈرەتتىكى كۆرۈنۈش بولۇپ، سۈرەتنىڭ ئاستىغا مۇنداق چۈشەندۈرۈش بېرىلگەنىدى: «ياخشى نىيەتلىك تاغىلارنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا! 2005-يىل 18-سېنتەبىردە جىنەن شەھرىگە قاراشلىق لىچېڭ رايونى سۇنسۇن بازىرى شىدۇنچيۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار تىيەن تىيەن قاتارلىق 12 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرى لىچېڭ رايونى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى تيەن χχ ئىئانە قىلغان 200 يۈەندىن ياردەم پۇلىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھاياجاندىن يىغلاپ كېتىشتى!»

مېنىڭچە، ئاجىزلارغا مەردلىك بىلەن ياردەم قولىنى سۇنغانلار، نامراتلارغا ياخشى نىيەت بىلەن ھىممەت قىلغانلار ھەممىمىزنىڭ دېگۈدەك ھۆرمەت-ئېھتىرامىنى قوزغايدۇ، ئەلۋەتتە! شۈغىنىسى، يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى زادى نېمە ئويلارغا سالار؟ خېلى كۆپ سانلىق كىشى ئۇنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئانچە بەك زىغىرلاپمۇ كەتمەس، ئېھتىمال. بىراق مەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى باشقىچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ باقتىم. جۈملىدىن، بىرىنچى خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى ئېچىندىم؛ ئىككىنچى خىل ئەھۋالنى ئىنسانپەرۋەرلىككە مۇخالىپ ھەرىكەت، دەپ بىلدىم؛ ئۈچىنچى خىل ئەھۋالنى باللارنى گويا جىنايەتچىلەرگە ئوخشىتىپ قويغان، ئۇچىغا چىققان رەزىللىك دەپ تونۇدۇم.

نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ چۈنكى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە قانداق خىلاپ قىلمىشلاردىن ئىكەنلىكىنى قويۇپ تۇرايلى، پسىخولوگىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندىمۇ بۇ بىر پەسكەشلىك. چۈنكى، ناۋادا سىز ياردەم قىلغان كىشى ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى ياكى ئۇرۇق-تۇغقىنىڭىز بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا سىز ئۇلارنىڭ شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ «ئېچىنىشلىق باللىق دەۋرى»نى سۆزلىشىگە چىداپ تۇرالامتىڭىز؟ خوش، شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا باشقىلارنىڭ باللىرىنى قەستەن شۇنداق قىلغۇزىسىز؟

قائىدە بويىچە، باللار پېداگوگىكىسىدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايانكى، بىر بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىدىن تەستە يېتىلىدىغىنى — غۇرۇر، ئەڭ ئاسان دەپسەندە بولىدىغىنىمۇ ھەم يەنە شۇ غۇرۇر. دېمەك ئاشۇنداق بىچارە باللارنى سەھنىگە چىقارغاننىڭ ئۈستىگە، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق داۋراڭ كۆتۈرۈش — بۇلارنى خالايىق ئالدىدا سازايى قىلغان بىلەن باراۋەر. بۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئەلاچى باللارنى سەھنىگە چاقىرىپ مۇكاپاتلىشى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى ئاشۇ بىچارە باللار ئۆزلىرىنىڭ تارتقۇلۇقلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىش ئارقىلىق، ئۆز يارىسىنى ئۆزى تاتىلايدۇ؛ نامراتلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنى پەس كۆرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئاشۇ باللارنىڭ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ساخاۋىتى بىلەن كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، مەكتەپكە كىرەلەيدىغانلىقى ئېنىق، ئەلۋەتتە! لېكىن ئۇلارنىڭ بەخت تۇيغۇسى، خۇشاللىقى، بولۇپمۇ ئۇلارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرىچۇ؟

مېنىڭچە، خەير-ساخاۋەت بىلەن مېھىر-شەپقەت ئاتا قىلىشتا مۇنداق بىر نەچچە مەنزىل كۆزلەنسە كېرەك: 1. «ئوڭ قولۇڭ قىلغان ياخشىلىقنى سول قولۇڭ ئۇقمىغاي» («تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل»ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئورتاق تەۋسىيىسى. — مۇھەررىردىن تولۇقلىما ئىزاھ) دەپ قارىغۇچىلار. بۇنداقلار خەير-ساخاۋەت، ھىممەت-ياخشىلىق دېگەنلەرنى چىن ئىخلاسى بىلەن

قىلدىغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئىنس ـ جىنغا تىنمايدۇ.

2. «نام ـ شەرىپىمنى بىلىپ قالغاي، لېكىن داۋراڭ قىلنىمىغاي»دەپ قارىغۇچىلار. بۇنداقلار باشقىلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلغاندا نام ـ شەرىپىدىن ئۆزگە ھېچنېمىنى ئاشكارىلىماي غەمەسسىدە كۆزدىن غايىب بولۇپ، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى پەقەت خاتىرە دەپتىرىگىلا پۈتۈپ قويىدۇ.

3. «قىلغان ياخشىلىقىمدىن پۈتكۈل خەلقئالەم خەۋەر تاپقاي»دەپ قارىغۇچىلار. بۇنداقلار كىچىككىنە ئىشنى قىلىپ بولغۇچە ماقالە يازدۇرۇپ ئۆزلىرىنى ماختىتىدۇ؛ ھەممىلا يەردە نۇتۇق سۆزلەپ، قىلغان ـ ئەتكىنىنى ئەل ـ جامائەتكە داۋراڭ سالىدۇ.

4. «ئىككى تەڭگىلىك ساۋابلىقىم بەدىلىگە ئىككى مىڭ تەڭگىلىك نۇسرەت كۆرگەيمەن»دەپ قارىغۇچىلار. بۇنداقلار باشقىلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈشتە، ئاشۇ «ساۋابلىق»لىرى بەدىلىگە ھەسسىلەپ نەپ ئۇندۇرۇشنى كۆزلىگەن بولىدۇ.

5. «جاھاندا باشقىلارنىڭ ھەممىتىگە بېقىنمىسا كۈن ئاللمايدىغان مۇنداق ئەبگارلارنىڭمۇ بارلىقىنى خالايىق بىلىپ قالغاي»دەپ قارىغۇچىلار. كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، ھېس ـ تۇيغۇ، ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى دېگەنندەك بىلىپ كەتمەيدىغان ئۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خەير ـ ساخاۋەت قىلىشتا كۆزلىگەن پايدا ـ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ساۋابلىققا موھتاج بولۇۋاتقان ئاجىز ـ بىچارىلەرنى خەلقئالەم ئالدىغا سۆرەپ ئاچىقىپ، شەرمەسار قىلىۋېتىدۇ.

خوش، ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ «مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش» يولىنى تاللىغان ساخاۋەت ئىگىسى، سىز يۇقىرىقى بەش تۈرنىڭ قايسىسىغا تەۋەدۇرسىز؟!

---

سۈن جېڭجۈن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «شىنخۇا تورى»نىڭ 2006 ـ يىل 4 ـ ئىيۇلدىكى بېتىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل سېنتەبىر سانى (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانى) غا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئامانگۈل شاھياقۇپ تەرجىمىسى. تەرجىمان: قەشقەر ۋىلايىتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ فىزىكا، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي لېكتورى

# بەزى رەھبەرلەرنىڭ «ئامموۋى نۇقتىئىنەزەرى»

دوكلات بەرگەندە سەھنىدە ئولتۇرۇش «ئاممىغا يۈزلەنگەنلىك»، ئويۇن كۆرگەندە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇش «ئاممىنى يېتەكلىگەنلىك»، كىنو كۆرگەندە ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇش «ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆككەنلىك»، چەت ئەللەرگە چىقىپ تەكشۈرۈشتە بولۇش «ئاممىغا ۋەكىللىك قىلغانلىق»، خالىسانە ئەمگەككە چىققاندا بويىنى كۆرسىتەلىك «ئاممىغا ئىشەنگەنلىك».

---

بۇ قىسقا فېلىيەتون «گۇاڭجۇ گېزىتى»نىڭ 2007 ـ يىل 3 ـ ئاپرېل سانىدىن«گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تەرمىلەر»گېزىتىنىڭ 2007 ـ يىل 16 ـ ئاپرېل سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان

# لۇڭ يىگىتىنىڭ نەزەرىدىكى بىر قېتىملىق يامغۇر

بىرەيلەن تەيۋەنلىك ئايال يازغۇچى لۇڭ يىگىتەيدىن سوراپتۇ:

— ئەگەر سىزنى ناتونۇش بىر ئەلگە ئاپىرىپ قويسا، ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نېمىگە قاراپ بەلگىلەيسىز؟

لۇڭ يىگىتەي بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

— بۇنىڭغا بىر قېتىملىق يامغۇرنى ـــ ئەڭ ياخشىسى تازا قاتتىق ئۈچ سائەت ياغقان قارا يامغۇرنى كۆزىتىشلا كۇپايە قىلىدۇ. يامغۇر يېغىۋاتقاندا، سىز يامغۇرلۇقنى تۇتۇپ بىردەم كوچا ئايلىنىڭ. ئەگەر شىمىڭىزنىڭ پۇچقىقى ھۆل بولغان بولسىمۇ، پاسكىنا بولمىغان بولسا؛ ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىغان بولسىمۇ، توسۇلۇپ قالمىغان بولسا؛ كوچىلار تېيىلغاق بولسىمۇ، سۇ يىغىلىپ قالمىغان بولسا، بۇ تەخمىنەن تەرەققىي قىلغان ئىلغار دۆلەت ھېسابلىنىدۇ؛ ئەگەر كوچىغا يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان، دۇكاندارلارنىڭ چەينەك ـ چۆگۈنلىرى لەيلەپ كوچىغا چىقىپ قالغان، باللار تۆت كوچا دوقمۇشىدا ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى بوغۇپ بېلىق تۇتۇپ يۈرگەن بولسا، بۇ بەلكىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇشى مۇمكىن.

پاھ، بۇ نېمىدېگەن ئېسىل گەپلەر ـ ھە! كۆز كۆرگەن ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر شەھەردە، تۈن كېچە سائەت بىر بولغاندا بىرەر قىز بالىنىڭ كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلىسىڭىز، بۇ شەھەر تىنىچ ـــ بىخەتەر شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سىز 110غا تېلېفون بېرىپ، ساقچى ئون مىنۇت ئىچىدە ئالدىڭىزغا ھاسراپ ـ ھۆمۈدەپ، قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا كېلەلىگەن بولسا، بۇ مۇشۇ شەھەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى خىزمىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، مەسئۇلىيەتچان ئىكەنلىكىنى؛ ئەگەر سىز چوڭ كوچىدىكى قىزىل چىراق بار كوچا ئاغزىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سىزىقتىن بىر قەدەممۇ ئالدىغا مېڭىشقا پېتىنالماي تۇرغىنىنى بايقىسىڭىز، بۇ مۇشۇ شەھەردىكى جامائەت ئىشلىرى باشقۇرۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ چاغدا بۇ شەھەردە قانچىلىك تىياتىرخانا، گۈزەل سەنئەت سارىيى بارلىقى كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ. سىز رېستوران ـــ بەزمىخانىلارنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا بىرمۇ ھۆكۈمەت ماشىنىسى يوقلۇقىنى بايقىغان بولسىڭىز، بۇ، مۇشۇ شەھەردىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ خېلى پاك ـ دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئادەملەر ھەمىشە سان ـ سىپىرلارغا ـــ GDP، GNP... غا، ئېگىز قەۋەتلىك بىنالارغا ئىشىنىپلا، «چوڭ» تەرەپلەرگە قاراپلا بەزى تەپسىلاتلارغا سەل قارايدىغان خاتالىقنى سادىر قىلىپ تۇرىدۇ.

---

ياڭ ليۇ يى قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «بۇگۈنكى كەچلىك گېزىت»نىڭ 2007 ـ يىل 11 ـ ئاپرېل سانىدىن «گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تەرمىلەر»گېزىتىنىڭ 2007 ـ يىل 16 ـ ئاپرېل سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. بۇ ئىككى يازمىنىڭ تەرجىمانى: ئىسمائىل ئىبراھىم. تەرجىمان ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

www.uyghurkitap.com

# ئېلانلىرىمىزدىكى ئۇستاتلىقلار

دەستەكچىلىك: ھازىر خېلى بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن «دۆلەت دەرىجىلىك سەرخىل مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن»، «مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئېسىل مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن»، «ئۆلكە دەرىجىلىك داڭدار مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن» دېگەندەك ئېلانلار زاماندىن قېلىپ، قانداقتۇر «خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن»، «ئەل بازارلىق مەھسۇلات شەرىپىگە نائىل بولغان» دېگەندەك گەپلەر مودا بوپكەتتى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنداق كاتتىلىقتا تەڭداشسىز «ئالتۇن ھەللىك تەرىپ»لەر بارا-بارا پاخاللىشىپ، 2000 يۈەنى بارلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئەكېلىپ ئېسىۋالالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

كۆپپاڭچىلىق: بەزى ئېلان سودىگەرلىرى ناخشا چولپىنى، كىنو چولپىنى ياكى تەنھەرىكەت چولپانلىرىدىن بىرەرسىنى نەچچە تۈمەن يۈەن ياكى نەچچە ئون تۈمەن يۈەنگە سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چولپانلار شياڭگاڭ شېۋىسى پۇراپ تۇرىدىغان دۆلەت تىلىدا قانداقتۇر «مەن پەقەت ... نىلا ئىشلىتىۋاتىمەن»، «... نىلا ئىچىۋاتىمەن»، «... نىلا كىيىۋاتىمەن» دېگەندەك گەپلەر بىلەن مەھسۇلاتنىڭ ئېسىللىقى ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ.

گۇۋاھچىلىق: ھازىر بىر قىسىم مەھسۇلاتلار ھەققىدە ئاۋام-پۇقرانى گۇۋاھ-شاھىتلىققا تارتىپ، پەند-نەسىھەتكە سېلىش ئېلانچىلىقتىكى يېڭىچە ھۈنەرلەردىن بوپقالدى. مەسىلەن: بەزى ئېلان سودىگەرلىرى بېيجىڭدىن بىر «ۋاڭ دالى»نى، شاڭخەيدىن بىر «جاڭ مېيلى»نى، گۇاڭجۇدىن بىر «ماشياۋ شياۋ»نى ئىستېمالچى پۇقرالار رولىدا مەلۇم بىر مەھسۇلاتنىڭ ئېسىللىقى ھەققىدە گۇۋاھچىلىققا تارتىدۇ. ئۇلار ئاشۇ مەھسۇلاتنى خىلمۇخىل يەرلىك شېۋىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدۇ.

كۆپتۈرمىچىلىك: بەزىبىر ئېلانلىرىمىز شۇنداق ئاجايىپكى، قول سائىتىنى ئايروپىلاندىن يەرگە تاشلىۋەتسىمۇ، چىكىلداپ مېڭىۋېرىدۇ؛ لۆم-لۆم كارىۋاتنى يول دەزمىلى(يول چىڭداش ماشىنىسى) دەسسەپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ، مىجىلىپ كەتمەي شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدۇ؛ تەنھەرىكەتچىلەر خۇرۇم ئاياغ بىلەن مارافونچە يۈگرۈشكە چۈشىدۇ؛ يۈرەك كېسىلىنىڭ دورىسىدىن بىر تالنى مومىيانىڭ ئاغزىغا سالسا، مومىيا دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ؛ بىرنىتۇۋادا سەكسەنغۇرنىڭ تۈكىنى چۈشۈرسىمۇ، ئۇنىڭ بىسى يېنىپ كەتمەيدۇ.

دورامچىلىق: ھازىر ئېلان سودىگەرلىرى ئېلان سەنئىتى ئەسەرلىرى قانچىكى ئېلانغا ئوخشىمىسا شۇنچە ياخشى دەپ قارامدۇ، ئىشقىلىپ نۇرغۇن ئېلاندا داڭلىق رىياسەتچىدىن بىرى مىكروفوننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تىمكىن ھالەتتە، قىلماقچى بولغان ئېلاننى خۇددى خەۋەر ئوقۇغاندەك «شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە ‹خەلق گېزىتى›دە خەۋەر قىلىنىشىچە، پالانى ماركىلىق بوۋاقلار سۈت تالقىنى نۆۋەتتە پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدىكى يېڭى بىر ئەۋلاد داڭدار مەھسۇلاتقا ئايلانغان ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن باشلايدۇ. بۇنى ئون جۇڭگولۇقنىڭ توققۇزى «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسى بولسا كېرەك، دەپ ئولتۇرۇپ كۆرۈۋېرىدۇ.

ئەخمەقانىلىك: بەزىبىر ئېلانلىرىمىزدا بىر ئوقۇغۇچى مەلۇم بىر خىل ماركىدىكى مېۋە شەربىتىدىن بىر پىيالە ئىچىۋەتسە ئىمتىھاندا 100 نومۇر ئالىدۇ؛ بىرەيلەن مەلۇم بىر خىل داڭدار مەھسۇلاتتىن تەييارلانغان سوۋغاتنىڭ شاراپىتى بىلەن مۇھىم بىر ئىشنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىۋالىدۇ؛ ئاشىقىدىن كۆڭلى يېنىپ قالغان قىز، يىگىتى باغلىۋالغان مەلۇم ماركىلىق كەمەرنى كۆرۈپلا، نىيىتىدىن يېنىپ، يىگىتكە سوئىدىشىدۇ.

بېشارەتچىلىق: فرانسىيەدىكى كىرىستىن ئىسىملىك بىر ئايال چولپان «پالانى ماركىلىق گىرىملىك ماڭا ئامەت ئېلىپ كەلدى» دېگەن ئېلانغا چىقىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىر يىل تۈرمىدە ياتقانىكەن. لېكىن بىزنىڭ چولپانلىرىمىز بولسا «پالانى ھاراقنى ئىچسىڭىز ئامەتىڭىز كېلىدۇ»، «پوكۇنى كاستۇم-بۇرۇلكىنى كىيسىڭىز ئىشلىرىڭىز ئوڭغا تارتىدۇ» دېگەندەك ئېلانلارغا ھەدەپ چىقىۋاتىدۇ.

---

ۋۇشياۋبو ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «كومېدىيە دۇنياسى»ناملىق ژۇرنالدىن «ھېكمەتلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 9-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. سەنۇبەر ئابدۇرەھمان تەرجىمىسى. تەرجىمان: غۇلجا شەھىرى «يېڭى ھايات» يولى 5-كوچا 215-قورۇدا

# نېمىشقا جۇڭگولۇقلارنىڭ «ساپاسى تۆۋەن»

مەن ئەزەلدىنلا كىشىنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە ئادىمىيەت ساپاسىنى ئىرق ۋە«مىللىيەتلىك» بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغاچقا، لياڭ چىچاۋنىڭ «ھېكايە قەلبىنى، قەلب سىياسىينى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەندەك ئۆگۈتلىرى، خۇشنىڭ «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» شوئارى ۋە لۇ شۈننىڭ «مىللىيەتلىك ئىسلاھاتى» تەشەببۇسىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپلا يۈرۈيمەن، خالاس. يەنە كېلىپ غەربنىڭ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر قىسىم «جەمئىيەت سەرخىللىرى»نىڭ ئاللىقانداق «ساپاسى تۆۋەن جۇڭگولۇقلار دېموكراتىيە ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ» دېگەندەك سەپسەتىلىرىدىن قەۋەتلا يىرگىنىمەن. چۈنكى بۇ ئىرقىي كەمسىتىش تەرەپدارلىرى بىلەن بىر مۇقامدا توۋلىغانلىق-تە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىرقىي كەمسىتىش مۇددىئاسىدىكى بۇنداق فاشىستىك قاراشلار ھەتتا پىكىر ئەركىنلىكى بولۇشقا قويۇۋېتىلىدىغان ئەللەردىمۇ قاتتىق چەكلىنىدىغان تۇرسا! ھالبۇكى «تۆۋەن ساپا» مەسىلىسى گويا كوچىدىكى ئەخلەتتەك ئادەمگە ماڭدامدا بىر پۇتلىشىپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تالاي كىشىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئەزگۈ ئەمەللىرى راستتىنلا يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ

www.uyghurkitap.com

بېقىش، ھەقىقەتەن زۆرۈردەكمۇ قىلىدۇ.

يېقىندا «شىنخۇا» تورىنىڭ پىنسىيىدىكى ئالىي مۇخبىرى شۇبويۇەن «شىنخۇا» توردا «ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى تۆۋەن ساپايىمىزدا خاراكتېرلىنىدۇ» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلغۇدى، بۇ ھەقتىكى بەھس ـ مۇنازىرە قىزىپلا كەتتى. مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇئەللىپى گوۋۇيۇەن دۆلەت بايلىقى كومىتېتى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جۇئېمېڭنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى تۆۋەن ساپالىق نوپۇسنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ؛ جۈملىدىن ئېلىمىزدىكى ساۋاتسىزلار 80 مىليوندىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭغا چالا ساۋاتلارنى، شۇنداقلا كومپيۇتېر ۋە پەن ـ تېخنىكا ساۋاتسىزلىرىنى قوشقاندا ساپاسى تۆۋەن ئاھالە نەچچە يۈز مىليونغا يېتىدۇ. ساپاسى تۆۋەن ئاھالىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەننەرخىنى توختاۋسىز ئۆرلىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۈنسايىن چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ.» مەن شۇ ئەپەندى قويغان مۇنۇ پىكىرنىڭ جېنى بار، دەپ قارايمەن: «ئاھالىنىڭ ساپاسى ئەلۋەتتە ئەخلاقىي ساپانى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. خوش، ئۇنداق بولسا بىزدىكى ئەخلاقىي ساپاغا ياتىدىغان ئەڭ ئېغىر، ئەڭ يادرولۇق ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق مەسىلە زادى نېمە؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغىلا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، قانۇن ئېڭىمىزنىڭ ئۆتە ئاجىزلىقى؛ يەنە بىرى، سەممىيەتسىزلىكىمىز! چۈنكى بىز ئىمتىياز، ھوقۇق ۋە مۇناسىۋەتنى قانۇندىن ئۈستۈن كۆرىمىز. شۇڭا گاھىدا قانۇنسىز قىلمىشلاردىن نومۇس قىلىش ۋە نەپرەتلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئىقتىدار ۋە تەدبىركارلىقنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارايمىز(‹سېنىڭ سىياسىتىڭ بولسا، مېنىڭ تەدبىرىم بار› دېگەن كەلىمە دەل مۇشۇ سەۋەبنىڭ تۇغۇندىسى بولسا كېرەك. ـــ مۇھەررىردىن تولۇقلىما). ئادەمنى خاۋاتىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بەزى ھارامتاماقلار ۋە ساختىپەزلەر قىلمىشىغا يارىشا جازاغا تارتىلمايۋاتىدۇ؛ ‹توخۇ يۇرەكلەر يالغاچ قالۇر، قاپيۇرەكلەر دەۋران سۈرۈر›، ‹ياۋاشلىقنىڭ ـــ كالۋالىقنىڭ› دېگەن كەلىمىنى تۇتىيا بىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە يارىشا جازالانماقتا يوق، ئەكسىچە، كۈندىن كۈنگە ھاكىكسى ئېشىپ، جاھانغا پاتماي قېلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلىرىمىز ‹بۆرە مەدەنىيىتى›نى ھەدەپ كۆككە كۆتىرىپ، كىشىلەرنى بۆرىدەك ياۋۇزلۇق بىلەن باشقىلارنىڭ رىسقىغا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىۋاتىمىز. قىسقىسى، ئىجتىمائىي سەممىيەت گويا غۇلىغان تاغدەك تىرىپىرەن بوپكېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئەخلاق ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى ۋەجىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىقتىسادىي زىياننىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ئېنىق بىر نېمە دېيىش بەسى مۇشكۈل. قىسقىسى، ئەخلاق ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بالايىئاپەتلەرنى مائارىپ ساپايىمىزدىكى نابابلىقلار ئايرىدە قىلغان تارتقۇلۇقلاردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى دېسەك، مېنىڭچە، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.»

تورداشلار ۋاڭ جۇئېمېڭنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرى ھەققىدە «ۋاڭ ئەپەندىنىڭ بۇ قاراشلىرى ناتىسستلارچە پىكىرنىڭ ئەينەن ئۆزى» دەپ «بىلجىرلاپ»مۇ بېقىپتۇ. چۈنكى بۇنىڭغا مېنىڭچە ۋاڭ جۇئېمېڭنىڭ مۇنۇ گەپلىرى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك: «ئىلغارلىقتىن مۇستەسنا قالغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ھەتتا بۇزغۇنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە!» ھالبۇكى، مەن ۋاڭ ئەپەندى بىلەن شۇ ئەپەندىنىڭ گەپلىرىگە راستتىنلا قايىل بوپقالدىم. شۇنداقتە! مەدەنىيىتىمىزدىكى ئازغۇنلۇقلار، قانۇن ئېڭىمىز بىلەن سەممىيەت قارىشىمىزدىكى ئاجىزلىقلار ئەجەبا «تۆۋەن ساپا»يىمىزنىڭ جانلىق ئىپادىلىرىدىن ھېسابلانماسمۇ؟ بىزدىكى ساپاسىزلىق ھەققىدە ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن مىساللىنى ساناپ بېرەلەيمەن تېخى! مىسالەن: تەن ساپايىمىز ھالا بۇگۈنگىچە ۋاي دېگۈدەك ياخشىلىنىپ باقمىدى؛ نۇرغۇنىمىز ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى يوق غالچا مىجەزلىكىمىزگە باقماي نىزاخورلۇق، ساختىلىق، ئىككىيۈزلىمىلىك قىلىمىز؛ دىلىمىز بىلەن تىلىمىز، دېگىنىمىز بىلەن قىلغىنىمىز پەقەت بىردەك ئەمەس؛ ئىجتىمائىي ئەخلاق دېگەنلەرگە بەكلا سەل قارايمىز.

بەس! تۆۋەندىكى گەپلىرىمگىمۇ قۇلاق سېلىپ بېقىڭ! دانىشلىرىمىز «ئىش ئاخىرلاشقانسېرى قىيىنلىشار» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. جۈملىدىن سىز بىز خەقتىكى ساپانىڭ تۆۋەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان 100 خىل ھادىسىنىڭ 99 نى ئېنىق كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى بىرىنى كۆرمىگەن بولسىڭىز، گەرچە ھەقىقەتكە يېتىشكىڭىزگە بىرەر ـ يېرىم قەدەم قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئاڭقىرالماي «ھەسسىنەي» دەپ لېۋىڭىزنى چىشلەيسىز. خوش، ئۇنداقتا زادى نېمە ئۈچۈن بىز خەقنىڭ ساپاسى تۆۋەن؟ ئۇنى بىزدىكى مەدەنىيەت، مىللىيەتلىك، ئىرق ۋە ئىنسانىي تەبىئەت ئامىللىرىنىڭ قايسىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان؟ ياكى ئۇنىڭ باشقىچە سەۋەبى بارمۇ؟ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ۋاڭ ئەپەندى بىلەن شۇ ئەپەندىنىڭ « قالاق ھەتتا بۇزغۇنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ساپانىڭ تۆۋەنلىكى ئايرىدە قىلغان» دېگەن گېپىنى بىر تۇرۇپ رەت قىلغۇممۇ كېلىدۇ. چۈنكى «ساپا» دېگەن گەپ ئۈستىدە ئىنچىكە كاللا قاتۇرۇپ باقىدىغان بولساقلا شۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتىمىزكى، ئادەمنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىكى ساپاسى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىكى ساپاسى تۆۋەن بولسا، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان تالاپىتى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئەدناسى تەن ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئىجتىمائىي ساپا، كەسپىي ساپا ... دېگەندەك بىرنەچچە ئامىلغا ئايرىش مۇمكىن. ئۇ ئامىللار گاھىدا مۇستەقىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرسا، گاھىدا ھەتتا بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپمۇ قالىدۇ. بىر ئادەمنىڭ باشقا جەھەتتىكى ساپاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تەن ساپاسى تۆۋەن بولسا، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خۇددى باجىن ئەپەندىدەك كېسەل ئازابىغا چىدىيالماي تەگرىدىن ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بەرگىنىدىن ئالغىنى ئېشىپ كېتىدۇ. بىلىم ـ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى جۈملىدىن ئېرىشكەن دىپلومىنىڭ كاتتىلىقى ۋەجىدىن جەمئىيەتتە

كۆتكىنىدەك يۈكسەك ئورۇنغا نائىل بولغان بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ساپاسى تۆۋەن بولسا، جۈملىدىن قانۇن ئېڭى، سەممىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ چىرىكلىشىشمۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىجتىمائىي ئورنىغا مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى بولىدۇ-دە، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەل-جامائەتكە كەلتۈرىدىغان بۇزغۇنچىلىقى بىرى ئونغا، يۈزگە ھەتتا مىڭغا تېتىيدىغان توسقۇنسىز «بۇزغۇنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»گە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ كەسپىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسەك ساپاسى جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولالماي قالىدۇ. تورداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى «بىلجىرلاش»لىرىغا قۇلاق سېلىپ باقايلى: «ئىشچى ۋە دېھقانلىرىمىزنىڭ ساپاسى راستتىنلا ئۆتە تۆۋەنمۇ؟ مەنمۇ ئىلگىرى ئاشۇنداق ئويدا ئىدىم. چۈنكى مەن بۇرۇن دۆلەت ئىلكىدىكى بىر زاۋۇتتىكى ۋاقتىمدا زاۋۇت چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ۋاستە قىلغان سۈپەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم قازىنالمىغانىدى. بۇنىڭغا دەل ئىشچىلار ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىردىنبىر سەۋەب بولغانىدى. ئەمما گۇاڭدۇڭغا بارغاندىن كېيىن مۇنداق بىر ئىشتىن ھەيران قالدىم. يەنى ئۇ يەردىكى زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسىدە ISO9000سۈپەت كاپالىتى سىستېمىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى مەن ئىلگىرى تۇرغان دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ زاۋۇتنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن. قىزىق يېرى، ئۇ زاۋوتلاردىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھېلىلا ئېتىزدىن چىققان، ئاران دېگەندە تولۇقسىز ئوتتۇرىنىچە ئوقۇيالىغان دېھقانلار ئىكەن. دېمەك، سۈپەت جەھەتتە ئىلغار باشقۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئومۇملاشتۇرالماسلىقىمىزدىكى سەۋەب ئىشچىلاردا ئەمەس، بەلكى بىزدەك يۇقىرى قاتلامدىكى باشقۇرغۇچى ‹ئاتامان›لاردا ئىكەن.»

بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىزدىكى ھەرقانداق قاتلامغا ياتىدىغان ساپا مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت تۈزۈمدىنلا كۆرۈش مۇمكىن. شۇنداق ئەمەسمۇ! تەن ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىگە جەمئىيىتىمىزدىكى داۋالاش كاپالىتى تۈزۈملىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ؛ لېكىن شۇنداقتىمۇ دۆلەت سەھىيە باشقۇرۇش تارماقلىرى گوۋۇيۈەنىڭ «سەھىيە ئىسلاھاتىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى» دېگەن يەكۈنىگە تېخىچە قايىل بولغىنى يوق. زىيالىيلار بىلەن ئاق ياقىلىقلار قاتلىمىدىكىلەر يازىدىغان ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ جىقلىقى ۋە تۇرمۇش بېسىمىنىڭ ئېغىرلىقى ۋەجىدىن كۈنسايىن زەئىپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ؛ ئالىدىغان خىراجىتىنىڭ ئۆتە يۇقىرىقلىقى بىلەن بىلىم-مەدەنىيەت ساپايىمىزنىڭ كۈنسايىن چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان مائارىپىمىز قانداقتۇر بىر قىسىم كىشىنىڭ «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرىخى» گىلا ئايلىنىپ قالدى؛ چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى بىلەن، دۆلىتىمىزدىكى شۇنچىۋالا كۆپ زىيالىيمىزدىن بىرەرسىمۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىدى؛ بىزدە ئىجتىمائىي ئەخلاق تۇيغۇسى، قانۇن قارىشى ۋە سەممىيەت ئېڭى ئومۇميۈزلۈك ئاجىز بولغاچقا، پۇقرالىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ھە دېسىلا ئوغرى-قاراقچى بوپكېتىۋاتىدۇ؛ يەنە كېلىپ جەمئىيىتىمىزدە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە ئادەمنى سەممىيىتىگە تايىنىپ باشقۇرۇشقا ئالاقىدار تۈزۈملەر تېخىچە مۇكەممەللىشىپ كېتەلمىگەن بولغاچقا، پۇقرالىرىمىز ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ «ئوغرىلارنىڭ چوڭى قۇتۇلۇپ، كىچىكى تۇتۇلىدىغان» تۈزۈمنىڭ ئىشارىتىدە ياشاۋاتىدۇ؛ بازار مېخانىزمى مۇكەممەل تۇرغۇزۇلمىغاچقا، ھوقۇق ۋاستىلىقىدىكى بايلىق مونوپوللۇقى قاتارلىق ئىللەتلەر غالچا مىجەزلەر، ئىككى يۈزلىمچىلەر ۋە نىزاخورلارنىڭ تۇپلىگىدىن توغاچ ئوغرىلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىۋاتىدۇ ... ۋاھاكازالار. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز خىق ئاشۇنداق پۇتلىكاشاڭ ۋە بىھۇدە ئىچكى خوراشلار تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدىمىزدىكى كۈچ-قۇدرىتىمىزنىڭ ئاران دېگەندە 30 پىرسەنتىنىلا جارى قىلىشقا قادىر بولالايمىز؛ ھالبۇكى قىممەتلىك ۋاقتىمىز ۋە ئەقىل-ئىدرىكىمىزنىڭ 30 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى دەل «ھوقۇق سىياسىيى» ۋە «مۇناسىۋەت سىياسىيى» ئۈچۈن ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىمىز، خالاس. بىز خىق تۆرىلىشىمىزدىنلا ھاماقەت ۋە «خەقنىڭ خاپىلىقىدىن خۇشلۇق ئىزدەيدىغان» نىزاخورلاردىن قىلىپ يارىتىلغانمۇ ئەمەس. لېكىنزە، مەلۇم بىر خىل تۈزۈم شارائىتىدا شەكىللەنگەن مۇھىت زور كۆپچىلىكنىڭ ئىقتىدار-كارامەتلىرىنى چەكلەپ، ئاخىرى ئۆز ئەركىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتالمايدىغان قىلىپ قويىدىغانلىقى ئېنىق، ئەلۋەتتە.

ماركس: «ئادەم — ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بىز خەقنىڭ ھەرقايسى ساھەدە گەۋدىلىنىۋاتقان تۆۋەن ساپايىمىز قالاق تۈزۈمنىڭ ئادەمىيلىكىمىزدە ئەكس ئەتكەن زۆرۈر ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى تۈزۈم ياخشى بولسا، ئۇنى بۇزىمەن، دەپمۇ بوزغىلى بولمايدۇ؛ ئەكسىچە، تۈزۈم ناچار بولسا، ياخشىلارنىڭ ياخشىلىق قىلمىقىمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

ھاسىلىي كالام: بىز خەقنى «ساپاسى تۆۋەن»لىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قانداقتۇر «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» ۋە «مىللىيەتلىك ئىسلاھاتى»دا ئەمەس، بەلكى تۈزۈلمىمىزدىكى نۇقسانلارنى تەنقىد قىلىپ، تۈزۈم قاتلىمىدا قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى زېرىكمەي يەكۈنلەپ مېڭىشتا. چۈنكى، گال پىچاقنى ھەر كۈنى بىلەۋەرسە شەمشەرگە ئايلىنىدۇ ئەمەسمۇ!

---

تېك چاۋياڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «شەرق سۇبھىسى» گېزىتىدىن «جۇڭگودىكى 2005-يىللىق نادىر فېلىيەتونلار» ناملىق مەجمۇئەگە كۆچۈرۈپ بېسىلغان. سېيىت تىلىۋالدى، ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم ئارغۇ تەرجىمىسى . تەرجىمانلار: سېيىت تىلىۋالدى: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ خادىمى، ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم ئارغۇ : قەشقەر ۋىلايىتى ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ خادىمى(M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بۇ كۈنلەردە رىزقىم بار

— ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كۈنلەر

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

## ئازابلىق تاللاش، مەنە ئىزدەش سەپىرى

ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ نەزەرىدە مەن «تەلەيلىك» ئادەم ئىدىم. ئۇلار «تەلەي» سۆزىنى ئىشلەتكەندە قانداق ئويلايدۇ، بۇ ماڭا نامەلۇم. ئەمما بىلىش كېرەككى، بىراۋنىڭ تەلىيى تۇيۇقسىزلا ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدۇ. ئەشۇ «تەلەي»نىڭ كەينىگە قانچىلىك رىيازەت، ئەجىر، تەر سىڭگەن، بۇنى شۇ تەلەي ئىگىسىنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. سىدىن باشقىلار ھەۋەس بىلەن تىل چاكىلدىتىدىغان ئەشۇنداق «تەلەي»گە ئېرىشكىنىڭدە ئۇھ دەپ ئۆزۈڭنى تاشلاپ ھۇزۇرلانغۇڭ كېلىدۇ. ئەمما كۆپ ھالدا ئۇنداق قىلالمايسەن. ھەتتا بەزىدە تېخى شۇ «تەلەي»دىن تويۇپ، ۋاز كېچىشكىمۇ مەجبۇر بولىسەن. بۇ ئەخمەقلىقمۇ؟ بىزارلىقمۇ؟ قانائەتسىزلىكمۇ ياكى«بولغانچە بولغۇم كېلىدۇ» دەپ «تەلەي - ئامەت»نىڭ تېخىمۇ چوڭىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلىشمۇ؟ بۇ قېتىم بىھېساب ئەجىر ۋە تالاي جۈرئەت - تەۋەككۈلچىلىكىم بەدىلىگە كەلگەن «تەلىيىم»دىن ئۆزۈم خالاپ ۋاز كەچتىم: ياخشى كۆرۈپ قىلىۋاتقان خىزمىتىم، ئايدا مۇقىم كىرىپ تۇرىدىغان مائاشىم، مېنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىپ تۇرىدىغان ئىللىق ئائىلەم بار ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم قىلچە تەۋرەنمەستىن بۇ «زىيان»لارغا چىدىدىم. بەزىلەر بۇنى زىيان دېگەنىدى. مەن دەيمەن: بۇ زىيانمۇ؟ مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن بەدەل كېرەكقۇ! «ئېسىت ئەجرىڭ ! . . .» دېدى جاپاكەش ئانام. «راھەتنى تاشلاپ جاپاغا ماڭغان ئەخمەق!» دېدى دىلكەش دوستلىرىم. «چەت ئەلدىكى ئوقۇشىڭىز قاچان تۈگەيدۇ؟ ئەمدى كىمنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلارمىز؟» دەپ ئەپسۇسلۇق ئارىلاشقان سەممىيىتىنى بىلدۈرۈشتى ئوقۇغۇچىلىرىم. ھەممىسىگە رەھمەت دېدىم ئىچىمدە. ئۆتكۈنچى راھەت ۋە ئىجتىمائىيلىشىشتا يۇقتۇرۇۋالغان قانائەت تۇيغۇسى ئۆزۈمگە تالىق ھېسلىرىمنى تالان - تاراج قىلىپ مېنى غەپلەتكە چىللاشقا باشلىغاندا، بېرىلىپ ئىشلىسەم قولۇمدىن ئىش چىقىش مۇمكىنچىلىكى بار ئەھۋالدا، مەن يەنىلا 30 ياشلىق ئۆمرۈمگە چېكىت قويۇپ ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىسلاھ قىلىش قارارىغا كەلدىم - دە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى تاللىدىم. قۇرۇلغان 2002 - يىلىدىن بۇيان 6500دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم

مەن كۆرگەن دۇنيا

سالغان، قۇرۇلغاندىن تارتىپلا ئوقۇغۇچىلارنى تىل ھەم ئەدەبىيات جەھەتتىن تەربىيىلەشنى نىشان قىلىپ كېلىۋاتقان «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى»نى ۋاقىتلىق تاقىدىم؛ يېزىۋاتقان «ئىنگلىز تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېلىشتۇرما گراماتىكىسى»نى يېرىم يولدا توختىتىپ قويدۇم؛ قولۇمدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كۇرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپ تارقىتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ماڭا ئۆزۈمنىڭ كەملىكىمنى، مەسئۇلىيىتىمنى ۋە يېڭى ئىستەكلەرنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان، ئۈچ ئايلىق بولغان ئوغلۇمغا يىغلاپ تۇرۇپ خوش دېدىم. «سەرخۇش»، ئىجادىيەت، خىزمەت، ئائىلە، بالا... بۇلار مېنىڭ زېمىنىدا 30 يىل دەسسەپ يۈرۈپ ھېس قىلغان ئەڭ چىن ۋە سەممىي خۇشاللىقلىرىم، ھاياتىمنىڭ ئەڭ تاتلىق تۇيغۇ- مەنىلىرى سىڭگەن نەتىجىلىرىم ئىدى. ھەممىسىگە كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ خوش دېدىم ۋاقىتىنچە. بۇ ئۇلارنى تاشلاش ئەمەس، بەلكى ئەشۇ سۆيۈملۈك نەرسىلەرنى يۈرىكىمگە مەھكەم تاڭغان ھالدا ئۆزۈمنى تېخىمۇ بۈيۈك مەنزىلگە باشلاش ئىدى. ئوغلۇم سۆزلىيەلمەيتتى. ماڭىدىغان كۈنۈم تاتلىقلىشىپ بوۋاقلىقىنىڭ ئەڭ يۇمران چاغلىرىغا تەئەللۇق يېڭى- يېڭى قىلىقلارنى چىقىرىۋاتقان ئوغلۇم ياشلىق كۆزلىرىمگە قۇچىقىمدا تۇرۇپ ئۈن-تىنسىز قاراپ كەتتى. ئۇ، ياشلىق كۆزلىرىمنىڭ كەينىدە داۋالغۇپ تۇرغان يۈرىكىمدىكى ھېسلارنى چۈشىنەرمۇ؟ بوۋاق- بىر پاكىز ۋۇجۇد. ئەشۇ سۈزۈك، غۇبارسىز پاكىزلىقتا يۈزلەنگەندە مەن يىغا قايىنىمىدا قالماقتا ئىدىم. 2003 ـ يىلى ئىيۇندا، ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىددىنىنىڭ مەن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» ناملىق كىتابقا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسىنى ئالغىلى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان چېغىمدا، ئۇ كۆيۈنۈش ئاھاڭىدا بالدۇرراق توي قىلىشىمنى جېكىلەپ: «ئۆيلەنمەي، باللىق بولماي تۇرۇپ مۇكەممەل ئەر بولالمايسىز. ئائىلىنىڭ لەززىتىنى باللىق بولغاندا بىلىسىز» دېگەنىدى. راست ئېيتىپتىكەن، بۇلماقتەك ئوغلۇمنى ھەر قېتىم قۇچىقىمغا ئېلىپ تويماي پۇراپ كەتكىنىمدە، بىر خىل بۇرچ ۋە ئۈمىد ئارىلاشقان تاتلىق خۇشاللىق ئىچ- ئىچىمنى يايرىتىۋېتەتتى؛ بالامدىن 30 يىل بۇرۇنقى ئەكسىمنى كۆرگەندەك بولاتتىم- دە، ئاتامغا، مەرھۇم دادامغا بولغان قايىللىق، سۆيۈنۈش تۇيغۇسىغا، يېڭىچە ئارمانلارنىڭ قۇچىقىغا بۆلىنەتتىم. مانا ئەمدى قىيالماسلىق بىلەن بۇ خۇشلۇقلارغا خوش دېمەكتە ئىدىم. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئاكا «مۇكەممەل ئەر» دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتقان بولغىيتىكىن، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئەمما، ھازىر ئويلىسام ئەركەك بولغاندىكىن قۇربان بېرىشلەرگە، جاپالارغا، ھايات ھەر بىر پەللىسىدە تاسقىغان چاغدىكى دىشۋارچىلىقلارغا چىداش كېرەككەن. ھەر قانچە كامىل ئادەمنىڭ قاشقىسىغىمۇ «مۇكەممەل ئەر» دېگەن خەت يېزىلغان ئەمەس. ئەمما ئۆزلۈك سېزىمى يوقالمىغان، ئۆزىدىن ھالقىشنى ئادەت قىلغان روھنىڭ ئادەمنى يېڭىچە بىر سەپەرگە- ئۆزىنى ئىزدەش سەپىرىگە باشلايدىغانلىقىدا گەپ يوق. مانا مۇشۇ سەپەرگە ۋە شۇ سەپەردە مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان سىناقلارغا دادىللىق بىلەن يۈزلىنەلىگۈدەك ئادەم مۇكەممەل بولالمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا بارغانسىرى پىشىدۇ، يېتىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، چەت ئەلدە ئوقۇش ھەممە نەرسىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇ بىر خىل «تەلەي»، بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇ چىقىشلى بولمايدىغان چوققا. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم ساھەسىدە «تەلەي» دەيدىغان نەرسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا كىم ئىشىنەركىن؟ ئەگەردە بار دېگەندىمۇ، ئۇ چوقۇمكى مېھنەتنىڭ مېۋىسى. بىھېساب مېھنەتكە بىر تەلەي كېلەر بەلكىم. ئىنگلىز تىلىنى نەچچە يىل بوشاشماي ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئىزدىنىشتىن كېيىن، يەنى يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ماڭا ھېلىقى «تەلەي» ئارقا-ئارقىدىن نېسىپ بولغان بولدى. توي قىلغىنىمغا يېرىم يىل بولغاندا ئاۋۋال ئەنگلىيىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان نوتتىڭخام ئۇنىۋېرسىتېتى (Nottingham University) نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەنگلىيە كىل ئۇنىۋېرسىتېتى(Keele University) نىڭ ئىنگلىز تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇش چاقىرىقنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئىزدىنىش، توختاۋسىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بەدىلىگە كەلگەن بۇ چاقىرىقلارنى دەڭسەپ قايسى ئۇنىۋېرسىتېتتا، قايسى كەسپتە ئوقۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» (Ford Foundation Scholarship) غا ئېرىشكەنلىكىم ھەققىدىكى خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى- دە، مېنى تېخىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ زور سوممىلىق ئوقۇش مۇكاپاتى بولۇپ، ئامېرىكا فورد ساخاۋەت تەشكىلاتى ئۇنى دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش، دۇنيا مىقياسىدا نامراتلىق ۋە قالاقلىقنى يوقىتىش مەقسىتىدە تەسىس قىلغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ بايا تىلغا ئېلىنغان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۆز خىراجىتىم بىلەن ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئىككىلەنمەيلا «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» بىلەن ئوقۇشنى تاللىدىم. بۇ تاللاش چەت ئەلگە بىر يىل كېچىكىپ تۇرۇپ مېڭىشىمدىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يېرىم يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا تېلېفون پۇلىدىن ئوقۇش پۇلىغىچە بولغان ھەر قانداق خىراجەت ھەققىدىكى غەم- قايغۇدىن مۇستەسنا ھالدا ئوقۇشۇمدىن دېرەك بېرەتتى. 2007- يىلى 28- فېۋرال «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» ھەيئىتىنىڭ بېيجىڭ ئىش باشقارمىسىدىكى خادىملار تېلېفون قىلىپ ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدىن چاقىرىق كەلگەنلىكىنى، ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا يولغا چىقىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ھەم خۇشال بولدۇم ھەم جىددىيلەشتىم. خۇشاللىقىمنى، جىددىيلىشىشىمنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. تالاي ۋاقىت، زېھىن، ئىقتىساد، مېھرىنى بەدەل قىلىپ تىرىشىش، ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئاخىرى ماڭا يول بەرگەنىدى ۋە ھەم بۇ خۇشاللىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر مۇنچە بېسىم، ئەندىكىش، جىددىيلىشىشنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئائىلەمنىڭ يەڭگىيدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. بىز ئائىلىمىزنىڭ ۋە بۇ دۇنيانىڭ يېڭى بىر ئەزىز مېھمىنىنى تەقەززالىق ئىلكىدە ساقلاۋاتاتتۇق. مەندىكى تەقەززالىق ۋە جىددىيلىك ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇۋاتاتتى. خۇداغا شۈكۈر، بالام ساق- سالامەت تۇغۇلدى. مەن خاتىرجەم بولۇشنى ئىستەيدىغان چوڭ ئىشتىن بىرى تاماملاندىيۇ، مېنى تېخىمۇ جىمغۇر، خىيالچان قىلىپ قويدى. ھەي!!! كۆزۈمنى يۇمۇپ جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا چۈشتۈم. چاقىرىق كېلىپ ماڭغۇچە بولغان ئارىلىقتا يازسا

www.uyghurkitap.com

رومان بولغۇدەك مۇرەككەپ ئىشلارنى، سورۇقچىلىقلارنى، ھەتتا دۈشمەنلىكلەرنىمۇ باشتىن كەچۈردۈم. ئىشقىلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن چەت ئەلگە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ماڭىدىغان ھەر بىر ئىلىم ئىگىسى تەبىئىي ھالدا باشتىن كەچۈرىدىغان جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتۈم...

20 ـ ئىيۇن، مەن ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىن قوزغىلىدىغان كۈن. ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ئايروپورتقا ئانام، تۆت ئاكام، ئىنىم ئۇزاتقىلى چىقتى. ھەممەيلەن بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتىم. مېنىڭ كۆزۈمدە ياش، ئانامنىڭ كۆزىدە ياش. ئاكا ـ ئىنىلىرىم يىغلىماسلىققا تىرىشىپ تۇرغىنى بىلەن، خوشلىشىش ئالدىدىكى مۇرەككەپ ھېسلىرىنىڭ ھەممىسى يىغلىپ كېلىپ كۆز چاناقلىرىغا سىغدالىغان. بارسا كەلمەس يولغا ماڭمىغاندىكىن، يىغلاش بىھاجەت ئىدى. ئەمما ئارىمىزدىكى قان ـ قېرىنداشلىق ئىختىيارىمىزنىغا باقماستىن كۆز چاناقلىرىمىزدىن ياش بولۇپ سىرغىيتتى. «بالاڭدىن خاتىرجەم بول، سەن كەلگۈچە ماڭغۇدەك، ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ چىققۇدەك قىلىپ چوڭ قىلىمەن» دېدى يىغلاپ تۇرۇپ ئانام. «ياخشى ئوقۇپ كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز! ئوقۇ، ئەمما قولۇڭدىن ئىش چىقسۇن!» دېدى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقى قىلىدىغان ئاكام. قايسىبىر كىتابتىن: «ئادەم بۇ دۇنيادا ئاخىرقى ھېسابتا نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟» دېگەن سوئالغا «سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىلگەنلىكىنى ئوقۇغانمەن. ئەمدى ۇ جاۋابنىڭ ۋەزنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتاتتىم. مەن زۈمنىڭ ئەقىدىسىگە بولغان ئېتىقادىم، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جتىمائىي مەسىلىلەر تەتقىقاتىغا بولغان ئىزدىنىشىم، خەلقىمگە ۋە ئائىلەمگە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن راھەتتىن ۋاز كېچىپ، ئازابلىق تالالاشلارغا چىداپ بۇ سەپەرگە چىقىۋاتاتتىم. ئائىلەمدىكىلەر ماڭا بولغان مۇھەببىتى، مەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى گەپ بىلەن ئەمەس، بالا جاپاسىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن ئىپادىلەۋاتاتتى. ئادەمنى تىنىمسىز ئۈمىدۋار ياشاشقا، يېڭى پەللىگە ئۈندەيدىغان ئامىللار ئىچىدە سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش تۇيغۇسىنىڭ كۈچى نەقەدەر زور ـ ھە! ئەمما، ئادەمنىڭ ئۆز خەلقىگە، تۇپرىقىغا، ئائىلىسىگە بولغان مۇھەببىتى غايەت زور بەدەل تەلەپ قىلىدۇ.

22 ـ ئىيۇن چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ئايروپورتىدىكى جىددىي تەكشۈرۈشلەردىن تەرلەپ ـ تەپچىرەپ دېگۈدەك ئۆتۈپ، كورىيە سېئول ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھونولۇلۇغا بارىدىغان يولۇچىلار ئايروپىلانىغا چىققىنىمدىلا ئۆزۈمنىڭ چەت ئەل سەپىرىگە مېڭىۋاتقىنىمغا تولۇق ئىشەنچ قىلدىم. جىددىيلىكىم پەسەيگىنى بىلەن، بېشىم سەل ئاغرىشقا باشلىغانىدى. ئۈستىۋېشىمدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرنى سۈرتكەچ ئايروپىلان ئىچىگە سەپسالدىم. ئايروپىلاندا كۈتكۈچىلىك قىلىۋاتقان كورىيە قىزلىرى ھەقىقەتەنمۇ سىپايە، چىرايلىق ئىدى. بەل تاسمىسىنى باغلىۋېلىشىمنى راۋان ئىنگلىز تىلىدا تاپىلاۋاتقان كۈتكۈچى قىزغا، ئۇنىڭ چىرايىدىكى يېقىملىق كۈلۈمسىرەشكە قاراپ ئىختىيارسىز ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى تونىي بلايېرنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ئەنگىلىيىلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئانتونىي گىددېنس (Anthony Giddens)نىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىق»( لوندون پولىتىي نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدىكى «تۇيغۇ ئەمگىكى» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ قالدىم. كورىيىلىك قىزنىڭ ماڭا قىلغان ئادەتتىكىچە تەبەسسۇمى تەبىئىي، يېقىملىق. ئەمما بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان بولۇشى ناتايىن. تۇيغۇ ئەمگىكى ـ كىشىلەرنىڭ خوجايىنىغا، ئىشلەۋاتقان مائاشىغا يۈز كېلىش ئۈچۈن جىسمانىي كۈچىنىلا ئەمەس، تۇيغۇسىنىڭ، ھېسسىياتىنىمۇ سەرپ قىلىش جەريانى. «ئارمان» تاللا بازىرىدىكى، «مېھراج» تېز تاماقخانىسىدىكى ئۇيغۇر قىزلارنىڭ، بۇ ئايروپىلاندىكى كورىيىلىك قىزنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئەمەلىيەتتە بىر خىل تۇيغۇ ئەمگىكى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق تەبىئىي كۈلۈمسىرەش ئۈچۈن تالاي قېتىملاپ مەشىقلەندۈرۈلگەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، بۇ قىزلارنىڭ تۇيغۇ ئەمگىكىگە قاتنىشىۋاتقان چاغدىكى كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلىرىنىڭ سۆيگۈ ئىزھارلىرىنى ئاڭلىغان چاغدىكى كۈلۈمسىرەشلىرى، ھېچقانداق زورۇقۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان چىن تەبەسسۇملىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقساق، بۇ كۈلۈمسىرەشلەرنىڭ چىنلىق، تەبىئىيلىك دەرىجىسىدىكى پەرقلەر ئۆزلىكىدىن مەلۇم بولاتتى. جەمئىيەتشۇناسلىق ئەمەلىيەتتە مۇشۇ پەرقنىڭ كەينىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبكە بەكرەك دىققەت قىلىدىغان قىزىقارلىق پەن. مەن جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىگە ئۆزۈم خالاپ كىرىشكەندىن بۇيان خىيالچان، شەكىلدىن ماھىيەتنى ئىزدەشكە كۆچەيدىغان بوپقالدىم. كورىيىنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» فىلىمىدىكى يۈگجۇنىڭ ئەدەبلىك سالام ـ سەھەتلىرىنى ئەسلىتىدىغان كورىيىلىك كۈتكۈچى قىزلارنىڭ چىرايىدا بىر خىل نۇر بار ئىدى. بۇ نۇر ماڭا نېمىشقىدۇر كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئازراق بولسىمۇ مۇناسىۋەتتى باردەك تۇيۇلدى. قىزلارنىڭ چىرايىدىن يېقىملىق گۈزەللىككە چۈمكەلگەن ئۆزگىچە بىر نۇر بالقىپ تۇراتتى. ئادەم ئۆز ۋەتىنى ۋە جەمئىيىتىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلسا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىقۇۋۇللۇق ۋە ئىلاجىسىزلىقتىن قۇتۇلسا، قىلىۋاتقان ئىشىدىن سۆيۈنسە تەبىئىي ھالدا چىرايىدا نۇر پەيدا بولىدىغان گەپكەن. بەش ـ ئالتە يىل بۇرۇن رېئاللىق ھەققىدە ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان، ئىشلەۋاتقان ئىدارەم ۋە ئىنگلىزتىلى سەۋىيەمدىن پەخىرلىنىپ ھاياجان بىلەن يۈرگەن چاغلىرىمدا، مېنىڭ چىرايىمدىمۇ ئاشۇنداق بىر نۇر بار ئىدى (بەلكىم مېنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايىمدىكى نۇر يەڭگىلتەكلىكتە كورىيىلىك قىزنىڭكىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىشىمۇ مۇمكىن). ئەمدى ھەر قانچە زورلاپمۇ چىرايىمدىن بۇنداق نۇرنى كۆرەلىشىم تەس. مەن ئاستا ـ ئاستا چىرايىمدىكى نۇرنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى ھەققىدە ئويلىنىدىغان بوپقېلىۋاتاتتىم. چىرايىمدا نۇر بولمىسا ھېچگەپ ئەمەس، ئەمما قەلبىمدە ئىمان ـ ۋىجدان بولسا، ماڭا بىردەملىك مەنپەئەت ئاتا قىلغان رېئاللىققا پاتقاقتا پاتقاندەكلا پېتىپ بىخۇدلىشىپ كەتمىسەم، ھاياتنىڭ مېنى ھالسىراتقان سىرلىرىنى ماھىيىتىدىن چۈشىنىشكە تىرىشالىسام، ماڭا تۇز بەرگەن تۇپرىقىمغا، سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش تۇيغۇسى ئاتا قىلغان سۆيۈملۈك خەلقىمگە يۈز كېلەلىسەم، روھىي دۇنيايىمنىڭ ھامان يۇپيورۇق نۇر بىلەن تولىدىغانلىقى ئېنىق. مەن ئاشۇنداق تەگسىز خىياللار ئىلكىدە بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سىرتقا سەپسالدىم. كاللام خىيالدىن نېرى بولىدىغاندەك ئەمەس. ھېلى قۇربان بېرىشلىرىمنىڭ ۋەزنى، ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئويلانسام، ھېلى ئەمدى دۇچ كېلىدىغان يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە باش قاتۇراتتىم. قۇربان بېرىش زورايغانسېرى سەن يۈزلىنىدىغان مەجبۇرىيەت تېخىمۇ ئېغىرلايدۇ. « مەن ئويلىنالايمەن،

شۇڭا مەۋجۇد بولالايمەن» دەيدۇ فرانسىيە مۇتەپەككۇرى دىكارت.

## يېڭى ماكان، مەدەنىيەت ئەندىكىشى

ھونولۇلۇ ـ ئامېرىكا ھاۋاي شىتاتىنىڭ مەركىزى، خەلقئارالىق داڭلىق ساياھەت شەھىرى. ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىلغان «جەننەتنىڭ قەھرى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى مۇشۇ يەردە سۈرەتكە ئېلىنغان. تارىختىكى داڭلىق «پېرل خاربور (مەرۋايىت پورتى) ۋەقەسى» مۇشۇ جايدا يۈز بەرگەن. 1941 ـ يىلى يازدا ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ پېرل خاربوردىكى ھەربىي بازىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئامېرىكىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى قايىنىمىغا سۆرەپ كىرگەن. مەن ئوقۇۋاتقان ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ شىتاتتىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوكيانشۇناسلىق كەسپى دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر كەسىپلىرى ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. جۇڭگو تەتقىقاتىغا قارىتىلغان مۇنەۋۋەر مەجمۇئە ـ «جۇڭگو تەتقىقاتى» مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېت تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ. بۇ يىل ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. ئامېرىكا پارلامېنتى مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ «شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزى» ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا. ماڭا بېرىلىدىغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ مەركەز كۆتۈرىدۇ. بۇ مەركەزنىڭ ئادىمى بولغاچقا، بىز باشقا ئاسپىرانتلارغا قارىغاندا بىر مۇنچە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە. «شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزى»نىڭ بىناسى بىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق. مەخسۇس ياسىتىلغان ئاچقۇچ بىلەن كومپيۇتېرخانىغا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ خالىغان ۋاقتىدا كىرىپ مەشغۇلات قىلىساق، پرىنتېردا ماتېرىياللارنى قانچىلىك بېسىپ چىقارساق بولىۋېرىدۇ. ئاسىيا ھەققىدىكى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان بىر مۇنچە ئىلمىي ژۇرنال ... مانا مۇشۇ مەركەزدە روياپقا چىقىدۇ. مەن ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ دەسلەپكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە چەت ئەلگە يېڭى چىققان ئادەم مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان «مەدەنىيەت ئەندىكىشى» جەريانىنى باشتىن كەچۈردۈم. دەسلەپتە بۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكى، پاكىزلىقى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باغچىنى ئەسلىتىدىغان مۇھىتىغا زوقلىنىپ ھاياجان ئىچىدە يۈرگەن بولسام، بارا ـ بارا ئۆي، بالىنى سېغىنىش تۇيغۇسى مېنى قىستىغا، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش قاتارلىق تۇرمۇش ئىشى بېشىمغا كېلىشكە باشلىدى. نېمە ئامال؟ قورساق ياكى غېرىبسىنىشنى دەپلا چىدىماسلىق قىلىش غايىلىك



ئوغۇلبالىنىڭ ئىشى ئەمەستە!؟ نەزەرىمنى كۆز ئالدىمدىكى دۇنياغا ۋە بۇ كۈنلەردىن يەيدىغان رىسق ـ نېسىۋەمگە تىكمىسەم بولمايتتى. شۇ ئارقىلىقلا تۈگىمەن بەدەلگە تۇشلۇق نەپكە ئېرىشىشىم مۇمكىن ئىدى. بۇ ھەم مېنى ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۆزىتىپ قالغان ھەربىر مېھرى ئوت قېرىنداشىمغا يەتكۈزەلەيدىغان ھەقىقىي جاۋاب، كۆيۈنۈش، سۆيۈش بولاتتى. نەزەرىمنى ئەتراپىمغا ئاغدۇردۇم. مەن يېڭى بىر يەرگە بارسام تەبىئىي مەنزىرىلەردىن كۆرە يېڭى ئۇچۇرلارغا، ئادەملەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا بەكرەك دىققەت قىلىمەن ۋە تەبىئىي ھالدا ئۇنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھالقىلارغا باغلاپ تەھلىل قىلىمەن. بەلكىم بۇ جەمئىيەتشۇناسلىققا ئىشتىياق باغلىغاندىن كېيىن مەندە شەكىللەنگەن كەسىپ مىجەزى بولۇشى مۇمكىن. مېنى ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندە ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قالدۇرغىنى ئىجتىمائىي سورۇنلاردىكى ئىشەنچ مېخانىزمى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۆزگىچە بىر خىل ساغلام كەيپىيات بولدى. بايا ئىسمىنى تىلغا ئالغان «شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزى»نىڭ بىناسىغا مۇشۇ مەركەزنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خالىغان ۋاقىتتا كىرەلەيتتۇق. بىناغا قارايدىغان كۆزەتچىمۇ يوق ئىدى، تۈۈك ئۆچۈرۈلمەيتتى، كارىدورلارغا قويۇلغان ئاسىيا تەتقىقاتى ھەققىدىكى كىتاب ئىشكاپلىرى ۋە كومپيۇتېرخانىلارغا قۇلۇپ سېلىنمايتتى. بىز تۇرىدىغان ئاسپىرانتلار ياتاق بىناسىدا كۆپچىلىك ئورتاق ئىشلىتىدىغان توڭلاتقۇ، مىكرو ئوچاق، مۇنچا قاتارلىقلاردىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىي توڭلاتقۇلىرى، ئاشخانا سايمانلىرى، قاچا ـ قۇچا ئىشكاپى بولاتتى ۋە ھېچقايسىسىغا قۇلۇپ سېلىنمايتتى؛ سوپۇن، چاچ پاراشوكلىرى مۇنچىلاردىكى ھەر بىرەيلەنگە ئاتاپ قويۇپ بېرىلگەن ئىشكاپلارغا قويۇلاتتى ئەمما ئىشكاپلار قۇلۇپلانمايتتى. مەن ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەن تۇنجى ھەپتىسى ۋەتەندىكى ۋاقتىمدا تەبىئىي ھالدا يېتىلدۈرۈۋالغان ئۆزۈمگە پۇختا بولۇش، ياتلاردىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسى مېنى بەكلا ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ۋەتەندىن ئەكەلگەن قاچا ـ قۇچىلارنى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئاشخانىغا كىردىم. ماڭا تەقسىملەنگەن سېپىرلىق قاچا ـ قومۇچ ئىشكاپى ئوچۇق ئىدى. ئۆزۈمچە مەخپىي نومۇر ئورناتماقچى بولۇپ خېلى ھەپىلەشتىم. ئەمما ئىشكاپنىڭ ئىشىكى ئېتىلمىدى. قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرسام، نېرىدىكى ئوچاقتا تاماق ئېتىۋاتقان بىرەيلەن (ئىسمىنىڭ ئاچكۇن، گرېتسىيىلىك ئىكەنلىكىنى كېيىن ئۇقتۇم) يېنىمغا كېلىپ سورىدى:

ـ جۇڭگودىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

www.uyghurkitap.com

ـ ھەئە، ـ دېدىممەن ئۇنىڭ قانداق بىلىۋالغىنىغا ھەيران بولۇپ،ـ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

ـ بىزنىڭ بۇ ئاشخانىدا ئۈچ ـ تۆت جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بار، ـ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ـ ئادەتتە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلاردىن باشقىلار قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىنى ئېتىپ يۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەنسىرىشىڭىز بىھاجەت. بۇ يەردە ھەممەيلەن ئاق ـ كۆڭۈل. بىر ـ بىرىمىزگە ئىشىنىمىز، ھېچ ئىش بولمايدۇ، نەرسىلىرىڭىزنى قويۇۋېرىڭ.

مەن ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتىم.

ـ ئەگەر ئىشكاپىڭىزنى راستىنلا ئەتمەكچى بولسىڭىز، ـ دېدى ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك، ـ 1 ـ قەۋەتتىكى تىزىملاش ئورنىغا چۈشۈپ مەخپىي نومۇر ئىلتىماس قىلىڭ.

1 ـ قەۋەتتىكى تىزىملاش ئورنىغا چۈشۈپ مەخپىي نومۇر ئىلتىماس قىلىدىغان جەدۋەلنى تولدۇرۇۋاتسام، بىزنى ئايرودرومغا ئالغىلى چىققان ياپونىيىلىك قىز ئازۇسا ئۇچراپ قالدى.

ـ نېمىش قىلىۋاتىسىز؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ ياپونچە پۇراق خېلى ئېغىر ئىنگلىز تىلىدا.

ـ قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىغا مەخپىي نومۇر ئىلتىماس قىلاي دېگەنتىم.

ئازۇسا كۈلۈپ كېتىپ چاقچاق ئارىلاش قوشۇپ قويدى:

ـ قارىغاندا جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوغرى جىق ئوخشىمامدۇ؟ بۇ دېگەن كوچا ئەمەس، ئۇنىۋېرسىتېت. بىر ـ بىرىمىزگە ئىشەنمىسەك قانداق بولىدۇ؟

ياپونىيىلىك قىز چاقچاق تەرىقىسىدە دېگەن بىلەن، بۇ گەپ مېنى شەلپەردەك قىزارتىۋەتتى.

ـ سىلەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بەك ئېھتىياتچان كېلىسىلەر، ـ دېدى ئازۇسا كۆڭلۈمدىكىنى سەزمەيلا تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن، ـ ئادەتتە ئىشكاپلىرىمىزنى ھېچقايسىمىز ئەتمەيمىز.

مەن يەنە بىر قېتىم ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. ئازۇسا ماڭا خوش دەپ يولىغا راۋان بولدى. مەن ئاخىرى قولۇمدىكى قەلەمنى قويۇپ تىزىملاش ئورنىدىكى قىزغا دېدىم:

ـ بولدى، مەخپىي نومۇر ئورناتماي. سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

ـ ھېچقىسى يوق، ـ دېدى قىز مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

شۇنداق قىلىپ مەن قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىغا مەخپىي نومۇر ئىلتىماس قىلمىدىم. ئەمما، نەچچە ھەپتىگىچە يەنىلا تازا دېگەندەك خاتىرجەم بولالماي، ھەدېسىلا ئىشكاپتىن خاۋاتىرلىنىپ يۈردۈم. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتتى، مەن ئەنسىرىگەن ئىشنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمىدى. بېشىمدىن ئۆتكەن بۇ ئاددىيغىنە كەچۈرمىش مېنى «ئىشەنچ» دېگەن سۆز ھەققىدە خېلىغىچە ئويلاندۇردى. فرانك كراين: « ھەممىلا ئادەمگە ئىشىنىپ كەتسەڭ بەلكىم ئالدىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، ئەمما ھېچكىمگە ئىشەنمەي ئۆتكەن ھايات بەكمۇ لەززەتسىز» دېسە، رالف ۋالدو ئېمېرسون: «ئادەملەرگە ئىشەنگىن، شۇندىلا ئۇلار ساڭا سەمىمىي بولىدۇ؛ ئادەملەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل، شۇندىلا ئۇلارنىڭ يەنە بىر يارقىن تەرىپىنى كۆرەلەيسەن» دەيدۇ. بىز كىچىكىمىزدىنلا ئۆزىمىزگە پۇختا بولۇش، باشقىلارغا ئالدىنىپ كەتمەسلىك ھەققىدىكى تۈگىمەس ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن ئۆسۈپ ـ يېتىلىمىز. ئەمما جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زىيادە خەۋپسىرەش ۋە ئېھتىياتچانلىق تۇيغۇسى ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكىنى مەڭگۈ تېپىپ قويمايدىغان بىر خىل پسىخىكىلىق كېسەل. گەرچە پەرقلىق جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالى بىزنى ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەپ تۇرسىمۇ، بىر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھاۋاسىنى ئىشەنمەسلىك، خەۋپسىرەش، نامەلۇم ئەندىشە كەيپىياتى قاپلاپ كەتسە، ئۇنداقتا بۇ جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرىدە شەخسىيەتچىلىك، بىھۇدە شۈبھىلىنىش خاھىشى ئېغىرلاپ كېتىدۇ ـ دە، زېھىن خورايدۇ؛ قىممەتلىك ۋاقىت ئەرزىمەس ئەندىشە ـ ئۇركۇش ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ھال بىر مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئالاقە قۇرۇلمىسىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ ـ دە، كىشىلەرنىڭ دۇنياغا، ئىنسانغا بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ سوغۇق، گۇمانخور، تەشۋىشلىك بولۇشىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئەمما، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى كۆرۈش كېرەككى، ئىقتىسادىي نامراتلىق تۈگىمىگەن، موھتاجلىق مەسىلىسى تەلتۆكۈس ھەل قىلىنمىغان، مەنىۋى ساپا ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىپ ئۆلگۈرمىگەن، كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز سالمايدىغان ئىجتىمائىي پەزىلەت ئاۋام ئارىسىدا يىلتىز تارتالمىغان جەمئىيەتتە ئادەملەردە ھەرگىز خاتىرجەملىك بولمايدۇ. بۇ ھالدا ئۆزئارا ئىشەنچتىن سۆز ئېچىش تەس.

ماڭا يېقىملىق تۇيۇلغان يەنە بىر ئىش شۇكى، ھاۋايدا ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۆلەكچە يېقىن ئىدى. ھاۋاي شتاتى تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەم، ئوكيان، تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا گارمونىك بىرلىك پەيدا بولغان ۋە بۇ جاي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق داڭلىق ساياھەت شەھىرىگە ئايلانغانىدى. ھاۋايغا كەلگىنىمگە بىر ھەپتە بولغان كۈنى، «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن «ھاۋايدىكى بېھىشباغ» دەپ نامى چىققان گۈزەل جاي ۋايككى ئارىلىغا ساياھەتكە باردۇق. ۋايككى ئارىلى ـ ئامېرىكا تېلېۋىزىيە فىلىمى «جەننەتنىڭ قەھرى» سۈرەتكە ئېلىنغان جاي ئىدى. ئۇرۇمچى ـ دېڭىزدىن ئەڭ يىراق شەھەر، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىپ كاللىسىنى سەگىتىپ كېلىشى ئۈچۈن سائەتلەپ يول مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ. مەن 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىش پۇرسىتى بولۇپ، شۇ چاغدا دېڭىزنى ئاران بىر قېتىم كۆرگەنىدىم. ئۇزاق مۇددەت بېكىك، تار مۇھىتتا، ھەقىقىي كەڭ تەبىئەتتىن ئايرىلىپ ياشىغاچقىمۇ، ۋايككىغا بارغان كۈنى بۇ ئارالدىكى تەبىئەت گۈزەللىكىگە بولغان ھەيرانۇ ـ ھەسلىكتە ئاغزىمنى كاككۇكتەك ئېچىپ قالدىم. شەھەرنىڭ چېتىدە ـ ئاسمانپەلەك ھەيۋەت مېھمانخانىلار، رەت ـ رەت پاكىز كوچىلار يېنىدا بىزگە تېلېۋىزوردىلا كۆرۈشكە نېسىپ بولىدىغان بەھەيۋەت تىنچ ئوكيان لەپەڭشىپ ياتاتتى. ئوكياننىڭ قىرغاققا يېقىن قىسمىدا راھەتلىنىپ سۇ ئۈزۈۋاتقان، ساھىلدا سۇ كېچىپ، سۇ چېچىپ ئويناۋاتقان، تېخىمۇ يىراقتا قورقماي سۇ كانكىسىدا تېيىلىپ ئويناۋاتقان كىشىلەر تىنچ ئوكياننىڭ سۈرىدىن ئەنسىرەيدىغاندەك ئەمەس. بىرنەچچەيلەن ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق باللىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە سۇغا ئەكىرىپ ئويناتماقتا. قىرغاققا 300 مېتىر

كېلىدىغان جايغا ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى قويۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەرتىپكە مەسئۇل بىرەر كىشىنى، قۇتقۇزۇش كىيىمى كىيىۋالغانلارنى ياكى جىددىيلىشىش ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى (كېيىن ئۇقسام، ئوكياندا دولقۇن قاتتىق كۆتۈرۈلىدىغان كۈنلىرى ئالدىن سىگنال بېرىلىپ سۇغا چۈشۈش چەكلىنىدىكەن). زۇمرەتتەك سۈزۈك ئوكيان سۈيى، قىرغاق بىلەن كوچىلارنى ئايرىپ تۇرغان ئېگىز ئارچىلار، غۇر- غۇر شامال ئېلىپ كېلىۋاتقان نەمخۇش ھاۋا، ساياھەتچىلەر سوزۇلۇپ ياتقان توپىرەك ساھىل ئادەمگە جىددىيلىكنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۆزگىچە ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلايتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرىدە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئەمدى شەكسىز ئىشەندىم ۋە سۆيۈندۈم. ئەمما كاللام تېخى ئاددىي بولغاچقا، جىق نەرسىگە ھەيران بولاتتىم. ئېگىز، زىلۋا قىزلارنىڭ ئىچ كىيىمى بىلەنلا كوچىلاردا مېڭىشلىرىنى، ئەر- ئايال، ئوغۇل- قىزلارنىڭ يالىڭاچ دېگۈدەك بىر يەردە سۇ ئۈزۈشلىرىنى، تېخى يېقىندىلا تونۇشقان بەزى شاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىراپ- تېنەپ يېشىنىپ سۇغا ئۆزىنى ئېتىشلىرىنى قوبۇل قىلالمايتتىم. شۇڭا ساۋاقداشلىرىم سۇغا چۈشۈشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ساھىل بويىدىكى ئورۇندۇقتىن قوپماي ئولتۇردۇم. خىياللىرىمنىڭ ئاخىرى چىقمىدىغاندەك ئەمەس. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ بۇ يەردىكى يېرىم يالىڭاچ قىزلارنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىنى قوبۇل قىلالماسلىقىم «مەدەنىيەت ئەندىكىشى» جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىمنىڭ بىر تۈرلۈك ئىسپاتى ئىدى. مېنىڭ ئەقلىمگە سىغمىغان نەرسىنى قوبۇل قىلالماسلىقىمدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەردە ھايات داۋام قىلىۋېرىدۇ. بەلكىم كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، ساۋاقداشلىرىم مەندەك خىيالچان بايقۇشنىڭ ساددا كونسېرۋاتىپلىقىدىن كۈلۈشەر. «كىشىلەر نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟» دېگەن سوئالنى مەركەز قىلغان باش- ئۇچى يوق خىياللىرىم، تەئەججۇپلىرىم ھەر قانداق يېڭى يەرگە، يېڭى دۆلەتكە بارغاندا دۇچ كېلىدىغان «مەدەنىيەت ئەندىكىشى» ھادىسىسىنى ماڭا ئەمەلىي ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى. خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغىنىمدا، يانىدىكى ئورۇندۇقتىكى بىر ئىش دىققىتىمنى تارتتى. ئاق تەنلىك بىر مويسىپىت سول بىلىكىگە ئىككى قۇشنى قوندۇرۇۋېلىپ دان بېرىۋاتاتتى. پەستە- ھېلىقى مويسىپىتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۆت- بەش قۇش ئەتراپتىكىلەرنى كۆرمەيۋاتقاندەك چۇرۇقلاشقىنىچە دان ئىزدەپ يۈرەتتى. پۇتۇمنىڭ تۈۋىگە بىر قۇش كەلدى. مەن ھەيران بولۇپ: «بۇ قۇشلار نېمىشقا ئادەملەردىن قاچمايدىغاندۇ؟ قورقمايدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىغىنىمچە ئىختىيارسىزلا ئۈرۈمچىنى ئەسلەپ كەتتىم. ئۈرۈمچىدە بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز چىرايلىق قۇشلارنى پەقەت قەپەز ئىچىدىلا كۆرىمىز. ئادەم بار يەرگە يېقىن جايلاردا قۇشلارنىڭ ئادەمدىن ئەيمەنمەي تۇرغىنىنى، چۇرۇقلىغىنىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە يوق. كېيىنچە ھاۋايدا ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، تاجلىرى ھەر خىل رەڭدىكى قۇشلارنى ئاشخانىمىزدا جىق ئۇچراتتىم. ئاشخانىمىزنىڭ بالكونى ئوچۇق بولغاچقا، چۈشلۈك- كەچلىك تاماقلاردىن كېيىن قۇشلار كۆكتات ئادالايدىغان كۆلچەكلەرگە كىرىۋېلىپ چۇرۇقلىشىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيتتى، قوغلىمىغىچە قاچمايتتى، ھېچكىممۇ بۇ ئىشلاردىن ھەيران قالمايتتى ياكى قۇشلارنى قوغلىمايتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئىختىيارسىز ئۈرۈمچىدىكى بۇلغانغان مۇھىتتا پەيلىرى قاپقارا رەڭگە كىرىپ قالغان بىچارە قۇشقاچلارنى ئەسلەيتتىم. بەلكىم ئىنسان قەلبىدىكى ئازادىلىك تۇيغۇسى ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقىدىن تېخىمۇ بەكرەك قانائەت تاپسا كېرەك. قۇشلار ئەسلىي ئادەملەرنىڭ دوستى. قۇشلار ئادەمدىن قاچمايدۇ، ئەمما ئادەم قاچۇرىدۇ.

## كىتاب، كۇتۇپخانا ۋە باشقىلار

ھاۋايدا كىتاب باھاسىنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت بولۇشى مېنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. ئۈرۈمچىدىن مۇناسىۋەتلىك كەسپىي كىتابلىرىمنى كۆپرەك ئەكېلىۋالمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا ستاتىستىكىلىق مېتودلار» دېگەن دەرسلىك كىتابنىڭ كونىسىنى مەكتەپ كىتابخانىسىدىن 94 دوللارغا ئالغىنىمدا كىتابنىڭ قىممەتلىكىگە ئىچىم ئېچىشتى. ئەمما بۇ كىتابنى ئالمىسام بولمايتتى. جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا، بىر كىتابنى 700 يۈەنگە يېقىن پۇلغا ئالغان بولاتتىم. ئەگەر بۇ كىتابنىڭ يېڭىسىنى ئالسام يەنە 40 دوللار ئارتۇق تۆلىشىمگە توغرا كېلەتتى. «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» پۇلى ئىچىدە ھەر يىلى كىتاب ئېلىشىمىز ئۈچۈن بېرىلىدىغان 1000 دوللار بار ئىدى. مەن ياخشى كىتابلار بولسا سېتىۋېلىش مەقسىتىدە مەكتەپ كىتابخانىسىنى ئايلاندىم. بۇ بىر مەكتەپ كىتابخانىسى بولسىمۇ، كىتاب تۈرى خېلىلا جىق ئىدى. يېرىم ئايدىن كېيىن ھونولۇلۇدىكى چوڭ كىتابخانىلارنىڭ بىرى بولغان ئالمونا كىتابخانىسىغا باردىم. ئامېرىكىدا كىتابلارنىڭ تۈرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى ھەم بەكلا نەپىس ئىشلىنەتتى. چىرايلىق كىتابلارنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ زىننەت بويۇمى قاتارىدا بولسىمۇ تىزىپ قويغۇسى كېلەتتى. كىتاب باھاسىنىڭ قىممەت بولۇشى بىر ئەمەلىي مەسىلە. ئەمما ئامېرىكىدا مۇقىم خىزمەت تاپقانلارغا كىتاب باھاسى قىممەت تۇيۇلمايدۇ. شۇ كۈنى كىتابخانىدا توپتوغرا ئون سائەت ئايلىنىپتىمەن. كەچتە كىتابخانىدىن قورساقلىرىم ئېچىپ تارتىشقان، ھارغىن ھالەتتە ياتىقىمغا قايتتىم. ئۈرۈمچىدە بىكار بولسام كىتابخانىلارنى ئايلىنىش، كىتابخانىلاردا يېڭى ئۇچۇر ئىزدەش ئۆزۈمدىن بۇيان بىر خىل ئارام ئېلىش ئادىتىمگە ئايلانغانىدى. ھايات تەشۋىشلىرى مېڭەمنى تالجىتقاندا، رېئاللىقنىڭ ئەسلىدىن تالىق بولماسلىقتا تېگىشلىك سوئال — تۈگۈنلىرى كاللامنى ئوچاق قىلغاندا كىتابخانىغا بارسام بىر خىل ئۆزگىچە راھەت تۇيغۇسىغا، ھۇزۇرغا ئېرىشەتتىم. يارىغان كىتابلارنى، ساقلاش قىممىتى بار دەپ قارىغانلىكى كىتابلارنى ئايىماي ئالاتتىم. ئەمما، مەن ھازىر ئامېرىكىدا — يۇقىرى ئىستېمال ۋە كىتاب باھاسى ۋەتەندىكىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت بولغان پۇلپەز ئەلدە ياشاۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئىقتىسادچىل بولمىسام بولمايتتى. «مەن ھازىر ئوقۇغۇچى، يانچۇقۇمغا بېقىپ پۇل خەجلىشىم كېرەك» دەپ ئۆزۈمگە جېكىلەپ تۇرساممۇ، بىلىم تەشنالىقى مېنى كىتابخانىغا- كىتاب جاھازىلىرىدىكى ئۆزۈم كۆرۈپ قويغان كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ئۈندەيتتى. ئاخىرىدا كىتابنى ئەرزانىراق ئالىدىغان ئامالمۇ تېپىلدى. بۇنىڭغا «سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق» دەرسىدە فرانسىيىلىك قىز ساۋاقدىشىم يۇكا (Yucca) نىڭ ئەسكەرتىشى سەۋەبچى بولدى. بىر كۈنى تەنەپپۇس ئارىلىقىدا يۇكانىڭ قولىدا ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن بىر ئىنگلىزچە كىتابنى كۆرۈپ قالدىم.

www.uyghurkitap.com

- نېمە كىتاب كۆرۈۋاتىسىز؟ - دېدىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

- «قار دۆلىتى» - دېدى ئۇ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

- ياپون يازغۇچىسى كاۋاباتا ياسۇنارىينىڭ «قار دۆلىتى» دېگەن ئەسىرىمۇ؟ - سورىدىممەن قىزىقسىنىپ. - سىزمۇ ئەدەبىي ئەسەرگە قىزىقىدىكەنسىز - دە! كاۋاباتا ياسۇنارىينىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇمسىز؟

- ھەئە، مەن ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇشقا ئامراق. بولۇپمۇ كاۋاباتا ياسۇنارىينىڭ ئەسەرلىرى ماڭا شېئىردەك تۇيۇلىدۇ، - دېدى يۈكا. - مەشھۇر ئەسەرلەر ئادەملەرنى ئورتاقلىق تۇيغۇسغا ئىگە قىلىدۇ.

- مەن ئۇنىڭ «كۆز يامغۇرى» ناملىق ھېكايىسىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان. «ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال» دېگەن پوۋېستنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەنىدىم، - دېدىممەن.

ئەدەبىيات- ئورتاق قىزىقىش ھەققىدىكى پاراڭ گېپىمىزنى تەبىئىي ھالدا ئاۋۇتۇۋەتتى. مەن يۈكاغا- ئالدىمىدىكى چىرايلىق فىرانسوز قىزغا قاراۋېتىپ ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى خېلى ۋەزنى بار پاراڭلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا: «ئېسىل كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرغان قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا يېقىملىق بولىدىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. شۇ ئارىدا ياپونىيىلىك قىز كائورىي كېلىپ سۆھبىتىمىزگە قوشۇلدى.

- مەن ئامېرىكىدا ئىككى چەت ئەللىكنىڭ بىزنىڭ يازغۇچىمىز ھەققىدىكى پارىڭىنى ئاڭلارمەن دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. كاۋاباتا ياسۇنارىي بىز ياپونىيىلىكلەرنىڭ پەخرى، - دېدى كائورىي ھاياجانلىنىپ.

- كاۋاباتا ياسۇنارىي رابىندرانات تاگوردىن كېيىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاسىيالىق ئىككىنچى يازغۇچى، - دېدىممەن ۋە كائورىيدىن ئۆزۈندىن بۇيان كاللامدا تۈگۈن بولۇپ تۇرغان بۇ يازغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك سوئالنى سورىدىم، - ئۇ 1968 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن نېمىشقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى پەقەت قوبۇل قىلالمايمەن. بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى بەك ئېغىر ئالىمىز.

كائورىي ئەستايىدىل جاۋاب بەردى:

- كاۋاباتا ياسۇنارىي داڭق قازىنىپ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋاقىت ياپونىيە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ۋەيرانچىلىق- خارابلىقتىن تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان، ياپونىيىنىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇ چاغلار ئىدى. دادامدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ چاغدا ئادەملەر بەك چۈشكۈنلەشكەنىكەن. كاۋاباتا ياسۇنارىيمۇ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمىش.

دۇنياۋى شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچىسى چىنگىز ئايتماتوف: «ئەدىب- دەۋرنىڭ ۋىجدانى» دېگەنىدى. گەرچە مەن كاۋاباتا ياسۇنارىينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق دەپ قارىساممۇ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن تەسىرلىنەتتىم. كائورىينىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بولغاندا، يازغۇچى دەۋر ئالدىدا ئۆزىنى ئىلاجىسىز ھېس قىلىپ ۋىجدان ئازابىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولاتتى. كۆڭلۈمدە بۇ جاۋابتىن دېگەندەك قانائەتلەنمىسەممۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇۋېدىغان بۇ قىزنىڭ يازغۇچىنىڭ ئۆلۈمىنى ئازاب ئېڭىغا باغلاپ تەھلىل قىلىشى مېنى مەلۇم دەرىجىدە قايىل قىلغانىدى.

- ئۈمىد- بەختىسىز ئادەمنىڭ ئىككىنچى يۈرىكى، - دېدىممەن، - بىز ھەممىمىز ئىنگلىز تىلىدىكى مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئاڭلىغان: «قاراڭغۇ كېچىدىن كېيىن هامان تاڭ ئاتىدۇ» ( The dawn comes after the dark). كاۋاباتا ياسۇنارىي ئۈمىد بىلەن ياشىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماس بولغىيتتى. مانا هازىر ياپونىيىلىكلەر قەد كۆتۈردى. ئامېرىكىدەك كۈچلۈك دۆلەتتىمۇ نۇرغۇن ئادەم ياپونىيىنىڭ ماشىنىلىرىنى، ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ھەر قانداق مىللەت ۋە ئادەم بىر مەزگىل چۈشكۈنلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەمما چۈشكۈنلۈككە قانداق مۇئامىلە قىلىش بىر مىللەت ۋە ئادەمنىڭ پىشقان- پىشمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىر ئۆلچەم. مەن ياپونىيىلىكلەرنىڭ روھىغا قايىل. چۈنكى ئۇلار چۈشكۈنلۈك مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىپ رەھىمسىز رېئاللىققا باش ئەگمىدى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتەلىدى.

بىزنىڭ پارىڭىمىز تەبىئىي ھالدا كاۋاباتا ياسۇنارىيدىن باشقا دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچىلارغا يۆتكەلدى. كائورىيغا قارىغاندا يۈكانىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىسى مۇكەممەلرەك ئىدى. شۇ تاپتا ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن بولغان ئۈچىمىزنىڭ ئارىسدا ئىنگلىز تىلى كۆۋرۈك بولۇۋاتاتتى. يۈكا باكالاۋرلىق ئۇنۋانىنى هازىرقى زامان فىرانسىيە ئەدەبىياتىدىن ئالغانىكەن. بىز فىرانسىيىنىڭ ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچىسى ئالبېرت كاموس، ۋەتىنىگە پاتماي فىرانسىيىگە مۇساپىر بوپكەتكەن چېخ يازغۇچىسى مىلان كۇندرا، جۇڭگونىڭ مۇساپىر يازغۇچىسى، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى گاۋ شىڭجيەن، 2006 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈركىيە يازغۇچىسى ئورخان پاموك قاتارلىقلار ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. مەن ئارىلىقتا كائورىيغا چاقچاق قىلدىم:

- ئىسمىڭىز «ۋاپادار ئايال كائورىي» فىلىمىدىكى ھېلىقى ئېسىل ئايالنىڭكىگە ئوخشىغان بىلەن، جىق كۈلمەيدىكەنسىز. بىزنىڭ يۇرتتىكىلەر «ۋاپادار ئايال كائورىي»نى جىق كۆرىدۇ. ئۇ دېگەن ھەمىشە كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئايال.

كائورىي تۇرگۇنرەك قىز ئىدى. ئۇ گېپىمدىن بىر ئاز ئەپسىزلىك ھېس قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر گەپنى بۇراپ ماڭا سوئال قويدى:

- سىز ئەدەبىيات توغرىسىدا جىق نەرسىنى بىلىدىكەنسىز. نېمىشقا ماگىستىرلىقنى ئەدەبىياتتا ئەمەس، جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوقۇماقچى بولدىڭىز؟

- بىزدە مۇنەۋۋەر يازغۇچى- شائىرلار بار. شۇڭا ئەدەبىيات كوچىسىنى پاخال قىلماسلىقنىمۇ بىر ئاقىلانە تاللاش ھېسابلاپ بۇ يولدىن چىقىۋالدىم. يەنە بىر سەۋەب، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن جاۋابىنى ئىزدەيدىغان مەسىلىلەر خېلى بار، - دېدىممەن كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىپ.

سۆھبىتىمىز قىسقا ئەمما كۆڭۈللۈك بولدى. ئەشۇ پاراڭ ئارىلىقىدا يۈكادىن «قار دۆلىتى» دېگەن كىتابنى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى نىمكەش كىتابلار كىتابخانىسىدىن ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم. چۈنكى، نىمكەش كىتابلار كىتابخانىسىغا

بارسام، مەن ئەرزان باھادا ياخشى كىتابلارنى سېتىۋالالىشىم مۇمكىن ئىدى. ئويلىغىنىمدەك بولدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ كىتابخانىنى ئىزدەپ تېپىپ 30 دوللارغا بىر نەچچە كىتاب سېتىۋالدىم. ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان بۇ كىتابلارنىڭ قاتارىدا ئورخان پاموكنىڭ «قار»، ياشار كامالنىڭ «مەممەت ئاۋاق»، گارسىيە ماركوزنىڭ «خولېرا دەۋرىدىكى مۇھەببەت» قاتارلىق رومانلىرى، جەمئىيەتشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن «جەمئىيەت تەرەققىياتى نەزەرىيىسى»، «تۇيغۇ جەمئىيەتشۇناسلىقى» (Jonathan Turner) قاتارلىقلار بار ئىدى. كىتابلار نىمكەش بولغىنىغا قارىماي خېلىلا يېڭى ئىدى.

كىتابلارنى ئېلىپ ياتاققا قايتقاچ كىتاب ھەققىدە بىر مۇنچە خىيال سۈرۈپتىمەن. مەن ھازىرغىچە كىتابنىڭ پايدىسىنى جىق كۆرگەن، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنىڭ لەززىتى ـ ھالاۋىتىنى تېتىغان ئادەم ئىدىم. شۇڭا رېئاللىق ئازابلىق سوئاللىرى بىلەن مېنى قىينىغاندا، يولۇققان مەسىلىلىرىمگە ئېسىل كىتابلاردىن جاۋاب ئىزدەشنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلغانىدىم. ئۆزۈم تەشكىللەپ ئاچقان «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى»دە لېكسىيە سۆزلىگىنىمدە، ئوقۇغۇچىلاردىن: «ئادەمگە پايدىسى ئەڭ بەك تېگىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ ئۆزگىچە ئۇنىۋېرسىتېت قايسى؟» دەپ نۇرغۇن قېتىم سورىغىنىم ئېسىمدە. ئوقۇغۇچىلىرىم بۇ سوئالنى چۈشىنەلمەي دەماللىققا گاڭگىراپ قالاتتى. مەن ئارقىدىنلا: «ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ جاۋاب بېرەتتىم. دېمىسىمۇ، مائارىپ بىز ئىزدىگەن نەرسىلەرنى بېرەلمىگەندە ئارتۇقچە تىت ـ تىت بولۇپ يۈرمەي ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق لازىم نەرسىلەرنى تولۇقلاش ـ ئاقىلانە تاللاش يولى، شۇنداقلا قۇرۇق دادلاپ، قاقشاشتىن مىڭ ئەۋزەل. ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ـ ئەمەلىيەتتە بىر ئادەتلىنىش جەريانى. نۇرغۇن كىشى مەكتەپتىن، مۇئەللىمدىن چوڭ ئۈمىد كۈتىدۇ. بۇمۇ خاتا ئەمەس. ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا ئادەمگە ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرالايدىغان، مۇستەقىل پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تىڭشاش پۇرسىتى ئاتا قىلىدىغان مائارىپ شەكلى ـ يەنىلا ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش. مىللىي مائارىپ نۇرغۇن كرىزىسلىق سوئالغا دۇچ كەلگەن ھازىرقىدەك ۋاقىتتا ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنىڭ رولى ۋە پايدىسى تېخىمۇ زور. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى، كىتاب ئوقۇشتىن كېلىدىغان تەپەككۇر قۇۋۋىتىنى قانداق قىلىپ قىممەتكە ئايلاندۇرۇشتا.

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە كومپيۇتېر ئارقىلىق كۇتۇپخانىدىن كىتاب ـ ماتېرىيال ئىزدەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇ ئۆرۈنۈشۇم مېنى يېپيېڭى بىر خۇشاللىق دۇنياسىغا باشلاپ كىردى. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك چاغنى ئۆتكۈزگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ باققان. ئەمما ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى مەيلى كىتاب تۈرى، مەيلى كۆلەم، مەيلى مۇلازىمەت جەھەتتىن بولسۇن بىر خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كۇتۇپخانىسىغا خاس ھالدىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن مېنى ھەقىقەتەن ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ھەيرانلىق ئىلكىدە خەۋەر تاپتىمكى، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارىيەت ئالىدىغان كىتاب سانىغا چەك قويۇلمايدىكەن. ئوقۇپ بولالىساق بىر قېتىمدا بىرەر يۈز كىتاب ئارىيەت ئالساقمۇ بولىدىكەن. يەنە كېلىپ ئارىيەت ئالماقچى بولغان كىتابنىڭ ئۇچۇرىنى ئىزدىگەندىن كېيىن ئۆزىمىز ئىزدەپ تېپىپ پەسكە ئېلىپ چۈشىدىكەنمىز. مەن ئىشىنىچ مېخانىزمىنىڭ ئادەمگە ئېلىپ كېلىدىغان سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى كۇتۇپخانىدىمۇ ھېس قىلدىم. تاللا بازىرى شەكلىدىكى كۇتۇپخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئادەمگە ئۆزىنى قەدىرلەش، بىلىمنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ۋە ئەركىن پىكىر بوشلۇقى ئاتا قىلاتتى. سىزنى نازارەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ بولماسلىقى ۋە ئالىدىغان كىتابلارغا چەك قويۇلماسلىقى سىزگە ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇلازىمىتىگە تۇشلۇق ئىلمىي روھ تىكلەشنى ۋە بېرىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشنى جېكىلەپ تۇراتتى. مانا بۇ ـ ئۈنسىز تەربىيىنىڭ رولى. ئۈنسىز تەربىيە ئادەمنى قەلبىدىن ئۆزگەرتىدۇ، تەسىرلەندۈرۈپ مېڭىسىنى يۇيۇپ ماڭىدۇ. تۇنجى قېتىم كۇتۇپخانىغا كىرگەن كۈنۈم بەش سائەت ئايلىنىپتىمەن. ئىشقىلىپ ئېسىڭىزگە كەلگەنلىكى كىتابنىڭ ئىنگلىزچە ماۋزۇسىدىكى ھالقىلىق سۆزلەرنى كىرگۈزسىڭىز، ئۆزىڭىز ئىزدىمەكچى بولغان مەزمۇندىكى كىتاب ھامان بىر يەردىن تېپىلاتتى. مەركىزىي كونترول سىستېمىسى ئورنىتىلغاچقا، كۇتۇپخانىنىڭ ئىچى ھەر قانداق ۋاقىتتا سالقىن ئىدى. رەت ـ رەت كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ۋاراقلاۋاتقان سۇرلۇك پروفېسسورلارنى، سەپەر چامادانىنى سۆرەپ كىرىپ لىق كىتاب قاچىلاپ چۈشىۋاتقان ئاسپىرانتلارنى كۆرگەندە، كىشى تەبىئىي ھالدا ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان «تەتقىقات تەلۋىلىكى»نى، شوئارغا ئايلانغان: «تەتقىق قىل، ئېلان قىل! بولمىسا يوقال!» (publish or perish!) دېگەن گەپنىڭ ۋەزنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. كۇتۇپخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن چىقىدىغان ھەر قايسى ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ يېڭى ئىلىم ژۇرناللىرى قويۇلغانىدى. مەن ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا «ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ خەلقئارادىكى نوپۇزى توغرىلىق جىق ئۇچۇرنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە «ھاۋايغا بارغاندا بۇ ژۇرناللارنى تاپقىلى بولارمۇ؟» دەپ ئەندىشىدە بولغانىدىم. كۇتۇپخانىغا كىرىپ بۇ ئەندىشەمنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يالغۇز «جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى» توغرىلىقلا ئون خىلغا يېقىن ئىلىم ژۇرنىلى بار ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ساھەلىرىدە ئىلىم ژۇرناللىرىنى چىقىرىدىكەن. جۇڭگو تەتقىقاتىغا قارىتىلغان دۇنياغا داڭلىق ئىككى ژۇرنالنىڭ بىرى ئاۋسترالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېت تەرىپىدىن، يەنە بىرى مەن ئوقۇۋاتقان ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلاتتى. ئىلىم ژۇرناللىرى قويۇلىدىغان ئىشكاپلارنىڭ ئارىلىقىنى ئارىلاۋېتىپ ئېرنېست ھېمىڭۋاي، ۋىللىيام فولكنېر ھەققىدە مەخسۇس ئىلىم ژۇرناللىرىنىڭ چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ بەكلا ھەيران قالدىم. ئىچىم ئاچچىقمۇ بولدى. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن مەشھۇرلىرىمۇ ئاجايىپ ئەتىۋارلىنىدىكەن ھەم بۇ خىل ئەتىۋارلاش قۇرۇق ماختىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىكەن. «ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ بىر خىل تەلۋىلىك!» دەيدۇ ئېرىخ فروم. بىز ئۆز ئۇلۇغلىرىمىزنى قەدىرلەشتە ئېغىزىمىزدىن ماغزاپ چاچرىتىپ ماختىنىش، پەخىرلىنىش ھېسسىياتى نۇقتىسىدىلا توختاپ قالساق بولمايدۇ. ئىلمىي روھ ئارىلاشقان مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئادەمدە سوغۇققانلىق، ئاۋام ئارىسىدا قىزغىنلىق، قۇرۇق شوئاردىن خالىي ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش

www.uyghurkitap.com

كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. مەن ئىلىم ژۇرناللىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ ئاشۇ ئويلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. كۇتۇپخانىنىڭ 4 ـ قەۋىتىدە جۇڭگو تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك كىتاب ـ ماتېرىياللار تولۇق تېپىلاتتى. مەن «شىنجاڭ ھەققىدە قانداق ماتېرىياللار باردۇ؟» دېگەن قىزىقىش بىلەن كومپيۇتېرنىڭ ئىزدەش رامكىسىغا «شىنجاڭ تەتقىقاتى» دېگەن خەتلەرنى كىرگۈزدۈم. 50 نەچچە خىلغا يېقىن تور كاتالوگى ئېچىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، كىتابلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ئىدى. ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تېپىلماسلىقىدىكى سەۋەبمۇ ناھايىتى ئايدىڭ ئىدى. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئۆزىمىزنىڭ ئاۋازىنى خەلقئارادا ياڭرىتالىغۇدەك پىشقان، تەسىرى چوڭقۇر ئالىملىرىمىز يوقنىڭ ئورنىدا بولغاچقا، بىز ھەققىدىكى تەتقىقاتنى باشقىلار قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتىم. يۇرتىمىزدىكى بەزى زىيالىيلار ئارىسىدا خېلىلا ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان ئۆزىگە مەپتۇن بوپكېتىش كېسىلى، «ماغزاپ بىلىم» تەتقىقاتى ۋە ئىلىم ساختىپەزلىكى ھەققىدە ئازابلىق خىياللارغا چۆكتۈم. موڭغۇللار، زاڭزۇلار ھەققىدىكى تەتقىقات بىزنىڭكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ ئىدى. ھەتتا خەلقئارادا نوپۇسى بىزدىن نەچچە ھەسسە ئاز بولغان مياۋزۇلار ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ. بىز قاچانغىچە «قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا» بولۇپ ئۆتەرمىز! تىل ئۆتكىلى قاچانغىچە كۆپىنچىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى بەزلەشتىكى باھانىسى بولار! ئىنگلىز تىلى بىلىدىغانلار بولسا قاچانغىچە ئۆزىنىڭ بۇ تىلنى بىلىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ئۆتەر!ـ ئىچىمدە شۇنداق ئاچچىق سادالار ياڭرايتتى: بىز بەزىدە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ رولىنى چۈشكۈرىدىغان سادالارنىمۇ پات ـ پات ئاڭلاپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە، بىر مىللەتنىڭ روھى، دەرد ـ ھەسرىتى، خۇشاللىقى، مەۋجۇدلۇقىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش ئىجتىمائىي پەنلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بىز ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە خەلقئارادا تەسىرى بار بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي پەن ئالىمىغا ھەقىقەتەنمۇ موھتاجمىز! ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ قەسىرىگە تېخى چىن مەنىسىدىن ـ ھەقىقىي كىرمىدى! ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتمىدى ھەم ئۆتمەيدۇ! ئىچىمدە ئاشۇنداق سادالار دەۋرەپ تۇراتتى. ئۇ گەپلەرنى كىملەرگىدۇر ۋارقىراپ تۇرۇپ دېگۈم كېلەتتى. لېكىن ئەتراپىمدا بىرمۇ ئۇيغۇر يوق.

خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئەمدى كىتابخانىلاردىن كىتاب ئېلىپ يۈرمىسەممۇ بولاتتى، ئەمما ئالدىمغا يېڭى بىر مەسىلە قويۇلغانىدى. بىر ـ بىرىدىن ئېسىل يېڭى ئىدىيە ۋە تەنقىدىي ئويلار بىلەن يېزىلغان كىتابلارنى قانداق ئوقۇش، قانداق ھەزىم قىلىپ ئەمەلىيەتكە قانداق تەتبىقلاش، ۋاقىتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، قايسى نۇقتىدىن پىكىر قىلىش، بۈگۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مەندىن سەنئەت، ماھارەت تەلەپ قىلىۋاتاتتى. كىتاب ئېلىش ئەمما ئوقۇماسلىق، ئوقۇش ئەمما ھەزىم قىلماسلىق، ھەزىم قىلىش، ئەمما ئوقۇغانلىرىدىن يېرىم ـ يارتا خۇلاسە چىقىرىشقا ئالدىراش ـ بىر خىل ئەخمەقلىق، تەتقىقاتتىكى ئۆزىنى كۆرستىش كېسىلى ئىدى. تۈزۈكرەك ئىش قىلىشىم كېرەك. بۇ ئاخىرىدا ۋاقىت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلاتتى. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ يىللىق، پەسىللىك، ئايلىق، ھەپتىلىك ۋە كۈنلۈك پىلان تۈزۈۋالىدىغانلىقى، ھەتتا ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن «ۋاقىت ئىگىلەش كۇرسى»غا قاتنىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمدى ئۆزۈم بۇنى ئەتراپىمدىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھاياتىدىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتاتتىم. ئامېرىكىلىقلار بەكمۇ ئەمەلىيەتچىل ئىدى. كۈندىلىك پىلان تۈزمىسە، شۇنىڭغا ئەمەل قىلماي قالمايتتى. كۈندۈزنىڭ ھەر بىر سائىتىدە قانداقلا بولمىسۇن بىر خىل ئىشنى (ئادەتتە بولسىمۇ) بېجىرەتتى. بىر كۈنى بىزنىڭ «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» پروگراممىمىزغا مەسئۇل بولغان دوكتور كىم سىمول ئەپەندى ماڭا ئەتىسى ئەتىگەن ئىشخانىسىغا كىرىشىمنى، پاراڭلىشىدىغان ئىش بارلىقىنى تاپىلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆزۈمچە: «ئۇ ئىشخانىسىغا سائەت سەككىزدە كىرسە يېرىم سائەت تازىلىق قىلىش، بىر كۈنلۈك ئىشنى پىلانلاش بىلەن ئۆتىدۇ، ۋاقىچىرەك كىرەي» دەپ ئويلاپ سائەت سەككىز يېرىمدە ئىشخانىسىغا كىردىم. كىم سىمول ئەپەندى ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە ئەپۇ سورىدى:

ـ مەن سىزنى سائەت سەككىزدە كىرسە پاراڭلىشارمىز، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس، ھازىر سائەت سەككىز يېرىم بولدى. باشقا بىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە دېيىشىپ قويغان، ۋاقىت توشۇپ قالدى، كەچۈرۈڭ، ـ ئۇ ۋاقىت جەدۋىلىنى بىر قۇر كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، ـ ئەتە 11دە كىرىڭ، شۇ چاغدا تاللايدىغان تېمىڭىز ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشايلى.

خىجىللىقتا ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقتىم. ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا نە ھەققىم؟ بۇ ئىش مېنى ۋاقىت ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى ھەققىدە يەنە بىر قېتىم ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچى، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىككى نۇقتىدىن ـ ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن كۈچلۈك ۋاقىت ئېڭىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسى (pragmatism) نىڭ ئاساسچىسى، ئامېرىكىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ۋىلىيام جامېس (William James) ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى، يەنە بىر گىگانت پەيلاسوپ جون دېۋېي (John Dewy) لارنىڭ تەسىرى، پەلسەپىنى رېئال تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئەمەلىيەتچانلىق، رېئاللىققا يۈزلىنىش روھى ئاۋام ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە ئاز كەم بىر ئەسىرگە يېقىن تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى رېئاللىققا نىسبەتەن ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسىنى بېرىلىپ ئۆگىنىش، ۋىلىيام جامېس بىلەن جون دېۋېينىڭ مائارىپ، ئىنسان ۋە رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى جانغا ئەسقاتىدىغان بايانلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى تۇرمۇشقا تەتبىقلاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ھادىسىدىن تېخى ماھىيەتكە نەزەر سېلىشقا قۇربىتى يەتمەيۋاتقان، رېئاللىق بىلەن خىيالپەرەسلىك ئارىسىدا ئۆزلىكىنى يىتتۈرۈپ قويۇۋاتقانلار ئۈچۈن بۇنداق قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر ئىدى. ياپونىيىلىكلەرنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش روھىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسا كېرەك. ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنى ساقلاپ قالغان ئاساستا تەرەققىياتتا ئالدىغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇرلارنىڭ

مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە تاشلىنىدىغان ئەھمىيەتلىك قەدەم. ئەمما ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان، ئىراق ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ تالاي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈشى ۋە نارازىلىقىغا سەۋەبچى بولۇشى نەتىجىسىدە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ، ھەتتا بەزى زىيالىيلار ئارىسىدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ گېپى چىقسىلا بېشى ئاغرىيدىغان، غەربنىڭ نەرسىلىرىنى زەھەرلىك دەپ قارايدىغان خاھىش باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇ، تەنقىدىي ئويلىنىشنىڭ كەم بولۇشى تۈپەيلى كېلىپ چىقىۋاتقان بىر تەرەپلىمىلىك، ئەلۋەتتە. ئامېرىكىنىڭ ھەممە نەرسىسى زەھەرلىك بولسا، ئامېرىكىلىقلار ئىجاد قىلغان ئايروپىلان، تېلېفون، كومپيۇتېر، يۇمشاق دېتاللار ۋە باشقا كەشپىياتلارنى ئىشلەتمەسەك، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىگە، پەن- تېخنىكا كۈچىگە قايىل بولمىساق بولىدۇ. لېكىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش، تەنقىدىي ئويلىنىش قابىلىيىتى سىياسىي تەشۋىقاتنىڭ ياكى بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتسە، بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرەپ- ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن ۋاقىت ئېڭى. بىز ئادەتتە «ھايات قىممەتلىك» دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلايمىز. ئەمما ھايات بىر ئابستراكت ئۇقۇم، ئەمەلىيەتتە ئۇ كونكرېت ۋاقىتتىن تەركىب تاپىدۇ. كونكرېت ۋاقىت نۇقتىسىدىن يىللار ئەسىرنى، ئايلار يىلنى، ھەپتىلەر ئاينى، كۈنلەر ھەپتىنى، سائەتلەر كۈننى... تەشكىل قىلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار بىر كۈنلۈك ئىشنى سائەتلەرگە تەقسىملەيدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدە تۈگىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، شۇنىڭ پېيىدە يۈرۈپ باشقا ئىشلارغا دىققىتىنى چاچمايدۇ. رىچارد لېۋىس (Richard Lewis) «ۋاقىتتىن پايدىلىنىش» (The Use of Time) (لوندون بىرلىي نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى) دېگەن كىتابىدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋاقىت باشقۇرۇش ئېڭىنى باشقا مىللەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، دۇنيادىكى ئۈچ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئادىتىنى تىلغا ئالىدۇ. بىرىنچىسى، ئامېرىكانلارنى مەركەز قىلغان، گېرمانلار ۋە شۋېتسارىيىلىكلەرگە ئورتاق بولغان تۈز سىزىقلىق ۋاقىت (linear Time). بۇ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئادىتىدىكى كىشىلەر ئېنىق نىشان بىلەن ۋاقىتنى كونكرېت تەقسىملەپ، تۈز سىزىق شەكلىدە ئىلگىرىلەيدۇ. بىر ۋاقىتتا بىر ئىشنى قىلىدۇ، كۈندىلىك ۋاقىت جەدۋىلىدىكى پىلانغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر قانداق يېڭى ئىشقا ۋاقىت ئاجراتمايدۇ. ئىككىنچىسى، جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئىسپان، ئىتالىيانلارنى مەركەز قىلغان كۆپ مەزمۇنلۇق ۋاقىت (Multi-actives). بۇ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش شەكلىدە كىشىلەر كۈندىلىك پىلان تۈزىدۇ، ئەمما ئورۇندالمىسا ياكى يېڭى ئىش چىقىپ قالسا پىلاننى كېيىنگە سۈرىدۇ. بىر ۋاقىتتا نەچچە خىل ئىشنى تەڭ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتنى مەركەز قىلغان دەۋرىيلىك ۋاقىت (Cyclic time). بۇ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش شەكلىدە كىشىلەر «تاڭ ئاتسا يەنە كەچ بولىدۇ، چىققان قۇياش يەنە ئولتۇرىدۇ. ۋاقىت ئادەمنىڭ ئىلكىدە ئەمەس، دەۋرىي قىلىپ مېڭىۋېرىدۇ» دېگەن ئويغا ئادەتلەنگەن. مۇقىم ۋاقىت جەدۋىلىمۇ تۈزمەيدۇ، ئىشلارنى جەزمەن مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە بېجىرىشكە ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ۋاقىتنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ.

راست گەپنى قىلغاندا، ئۆزۈمدىن بېرى ۋاقىتىمنى پىلان بويىچە تەقسىملەپ كېلىۋاتقان بولسامىمۇ، ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى ۋاقىت ئېڭىغا پەقەتلا ماسلىشالمىدىم. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياخشى ئادىتىنى قوبۇل قىلماقچى بولۇپ ئايلىق پىلانىنى كۈنگە، كۈنلۈك پىلانىنى سائەتكە تەقسىملەپ ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈشكە تىرىشسامىمۇ، پىلانىم ھەدېگەندە بۇزۇلۇپ تۇردى. پىلان بويىچە ئىش قىلىشقا تىرىشاتتىم، ئەمما ھامان ۋاقىت جەدۋىلىمدىكىدىن سىرت يېڭى ئىشلار كۈندە دېگۈدەك چىقىپ تۇراتتى. ئاخىرى كۈندىلىك پىلان تۈزۈشتىن ۋاز كەچتىم. قارىغاندا، بۇ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئېڭى ئادەمدىن يۈكسەك چىدام، مەشىق ۋە ئۇزۇن جەريان تەلەپ قىلىدىغاندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلۇمنى كەسكىن ئىسلاھ قىلمىسام بولمايتتى. بولمىسا، ئوقۇماقچى بولغان كىتابلىرىم، قىلماقچى بولغان تەتقىقاتلىرىم، جاۋاب ياپماقچى بولغان سوئاللىرىم شۇ پېتى تاشلىنىپ قالاتتى. مەن بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتىم. ئامېرىكىلىقلارنىڭ يىللىق، ئايلىق، ھەپتىلىك ۋە كۈندىلىك پىلانلارنى تۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كالېندارلىرى ئاجايىپ نەپىسلىكى بىلەن مېنى قاتتىق جەلپ قىلدى. بەزى كالېندارلار ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن خاتىرە شەكلىدە ئىشلىنەتتى. مەن يىللىق پىلان كالېندارىدىن بىرنى قىممەت بولۇشىغا قارىماي سېتىۋالدىم- دە، ئۆزۈمنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن خاتىرىنىڭ باش بېتىگە ئىنگلىز ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا مۇنۇ قۇرلارنى يېزىپ قويدۇم: «خىيال ئارزۇغا تەڭ ئەمەس، ئارزۇ نەتىجىگە تەڭ ئەمەس. بۈگۈنكى ۋاقىتنى خارلىشىڭ ئەتە ئۆزۈڭنىڭ خارلىققا قېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ».

## ئىنگلىز تىلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىمىز؟

ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئەپەندى «مەن ۋە ئۇيغۇرتىلى» دېگەن ماقالىسىدە: «مەن ئۇيغۇر تىلى بىلگىنىم ئۈچۈن قاتتىق پەخىرلىنەتتىم. ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىدىغان ھەر قانداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتىم. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، يېڭى بىر تىل ئادەمگە يېڭى بىر جۈپ كۆز، يېڭى بىر جۈپ قۇلاق، يېڭى بىر مېڭە، يېڭى بىر قەلب ئاتا قىلىدىكەن» دەپ يازىدۇ. بۇ باياندا تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۈنۈمى جايىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يېڭى بىر تىلنى مۇكەممەل ئۆگىنىشنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىدىكى تاقاق بىر دەرۋازىنى ئاچىدىغانلىقى، تەپەككۇرنى قاناتلاندۇرىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، يېڭى بىر تىلنى ئۆگىنىش يېڭى بىر خىل تەپەككۇر شەكلىنى ئۆگىنىشتۇر. ئەمما، سەممىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش مەقسىتى، ئۇسۇلىدا ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مۇنچە مەسىلە بار ئىدى. مەن بۇ مەسىلىلەرنى خېلى بۇرۇن ھېس قىلغان ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە ئازراق بولسىمۇ پايدىسى يېتەر دېگەن مەقسەتتە «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى»نى باشقىچىرەك مېتودتا تۈزۈشكە تىرىشقانىدىم. ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ھەققىدە تەبىئىي ھالدا يەنە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇنىڭغا بىر قانچە ئىش سەۋەب بولدى.

مەن «شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزى»نىڭ ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى 12 قەۋەتلىك بىناسىنىڭ 12 ـ قەۋىتىدە تۇراتتىم. بىزنىڭ قەۋەتتە ئاز ساندىكى ياۋروپالىق ۋە ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاسىيادىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. بىر ئاشخانىدا يىگىرمىگە يېقىن ئادەم بولغانلىقتىن كىرىپ ـ چىقىش، تاماق ئېتىش داۋامىدا تەبىئىي ھالدا دوستانە پاراڭلار بولۇپ تۇراتتى. دەسلەپكى كۈنى بىر ۋېيتناملىق ئاسپىرانتنىڭ يەنە بىر ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچى بىلەن قىلىشقان پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار ئىنگلىز تىلىنى تولىمۇ بۇزۇلغان تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى. بەزىدە مەقسەتلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇقتۇرالماي تامغا يېزىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك بولمىغاچقا، نېمە دېيىشۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىشمۇ بەك تەس ئىدى. ئەسلىي ئۇلار يېڭى مەۋسۇمدە تاللىماقچى بولغان دەرسلىرى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانىكەن. كېيىنچە مەن خېلى كۆپ ئاسپىرانتنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىپ ھەيران قالدىم. ئۇلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش، سۆزلۈك سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدا گەپ يوق. بولمىسا ئۇنىۋېرسىتېتقا تاللىنالمايدۇ. لېكىن كۆپىنچىسىنىڭ تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك، راۋان ئەمەس ئىدى. تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ ئامالسىز ئىدى. مەن ۋەتەندىكى ۋاقتىمدا «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى» ۋە بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتتا نەچچە قېتىم ئىنگلىزچە لېكسىيە سۆزلىگەن، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىنگلىزچە ئېغىز تىلى كۇرسلىرىنى ئاچقان، چەت ئەللىكلەر يوق شارائىتتا تامغا، ئەينەككە قاراپ سۆزلەش، ئۆز ئاۋازىمنى ئۈنئالغۇغا ئېلىش ئارقىلىق ئېغىز تىلى قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرگەنىدىم. ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بۇ تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ پايدىسىنى كۆردۈم، ئۆزۈمنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئەۋزەللىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتىم. ۋېيتناملىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىلى ئىنگلىز تىلىغا تەستە كېلەتتى، بەزىدە ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى. تايلاند، فىلىپپىندا ئىنگلىز تىلى ئىككىنچى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەچكىمۇ، بۇ دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر ئىنگلىز تىلىنى نىسبەتەن راۋان سۆزلەيتتى. ھىندىستانلىق، پاكىستانلىق ئوقۇغۇچىلار راۋان سۆزلىگەندەك قىلغان بىلەن، گېپىدە ئۆز ئانا تىللىرىنىڭ پۇرىقى كۈچلۈك ئىدى. نەچچە قېتىم بىر نەچچە ئوقۇغۇچى مەندىن: « ئىنگلىز تىلىڭىز ياخشىكەن، چەت ئەلدە نەچچە يىل تۇرغان؟» دەپ سورىدى . مەن چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغانلىقىمنى، ئىنگلىز تىلىنى پۈتۈنلەي ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەنگەنلىكىمنى ئېيتقىنىمدا ئۇلار ھەيران قېلىشاتتى. كېيىن بۇ سوئالغا نەچچە قېتىم دۇچ كەلدىم. بىر كۈنى ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىدە ماگىستىرلىقنى تۈگىتىپ ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى جاڭ خاۋ مەن بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

ـ سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەن ئارتۇقچىلىقىڭلار بار. مەن ۋەتەندىكى ۋاقتىمدىمۇ ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان بىر نەچچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بىلەن ياخشى ئۆتەتتىم.

جاڭ خاۋ دەۋاتقان بۇ گەپنى مەن ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدىمۇ بىر قىسىم خەنزۇ بۇرادەرلەردىن، چەت ئەللىكلەردىن ئاڭلىغان. بۇ گەپنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىلى ئەۋرىشىم ـ يېپىشقاق بولغاچقىمۇ، ئېيتاۋۇر ئىنگلىز تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوڭايلا ئاغزى كېلەتتى. ياپونىيىلىك، كورېيىلىكلەرگە تەلەپپۇز قىلىش تەس كېلىدىغان گېرمان تىلىدىكى «ئۆ، ئۆ»، ئەرەب تىلىدىكى «ق»، رۇس تىلىدىكى «ژ»، فرانسۇز تىلىدىكى «غ» تاۋۇشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز تىل ئىدى. ئەمما بۇ بىر خىل ھېسسىي كۆزىتىش. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزى ئىتتىك چىقىشى بىلەن ئىزچىللىقى، چىدامچانلىقى ۋە يۈكسەك غايىسى كەم ئىدى. تېز قىزىپ تېز سوۋۇيتتى. ھەر خىل مەقسەتتە ۋە ھەتتا باشقىلارنى دوراپ چەت ئەللەر تىللىرىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئېنىق مەقسەت، سىجىللىق، ئىجتىھاتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىغان ھەر قانداق ئوقۇغۇچىنىڭ تىل ئۆگىنىشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتلىك چۈشكۈنلۈك، تىلدىن سوۋۇش، قورقۇش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. چەت ئەللەر تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردا ئىككى قۇتۇپقا ئېغىش مەۋجۇد. يەنى، بىر قۇتۇپتىكىلەر ـ خېلى جىق ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىپمۇ تىل ئۆگىنەلمەي چېكىنگەنلەر. بۇنداقلار خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپمۇ بىرەر ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەي تىل ئۆگىنىشتىن سوۋۇپ كېتىدۇ ۋە ھەتتا بەزىلەرنىڭ سوۋۇشى ئۇلارنىڭ باشقا جەھەتتىكى ئىنتىلىشلىرىگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، مىجەزىدىكى تۇتامسىزلىققا، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، ئەلۋەتتە. بەلكىم تىل ئۆگىنىشتە نەتىجە قازىنالمىغانلار نېمە ئۈچۈن ئۆگىنەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى، تىل ئۆگىنىشتىكى غايە، ئۇسۇل ۋە جەريان مەسىلىلىرى ھەققىدە ئويلانغان بولسا، بۇنداقمۇ نەتىجە كېلىپ چىقماس بولغىيدى. يەنە بىر قۇتۇپتىكىلەر دەل بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، چەت ئەللەر تىللىرىغا خېلى تىلى كېپقالغان، مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەنلەر ئۇلارنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. بۇلاردا ئۆزلىرىگە تەمەننا قويۇش ھەددىدىن زىيادە كۈچىيىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چەت ئەللەر تىللىرىنى سۆزلىيەلىگىنى ئۈچۈنلا ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ، ھاكاۋۇر. دۇنياۋى تىلدىن بىر ـ ئىككىنى بىلگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ھاياجان ئۇلارنى كۆرەڭ، چوڭچى قىلىۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق تەنتەك ھاياجان بىر خىل بىنورماللىقنىڭ ئىپادىسى. بىزنىڭ ئۇلاردىن «تىل ئۆگىنىش ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتمۇ؟ چەت ئەللەر تىللىرىنى بىلىش ھەممىنى بىلگەنگە تەڭمۇ؟» دەپ سورىغۇمىز كېلىدۇ. توغرا، چەت ئەللەر تىللىرىنى ياخشى سۆزلەش بەلەن ئىش، ئەمما ئۇ ھەممىنى بىلگەنگە باراۋەر ئەمەس. چەت ئەللەر تىللىرى ـ نىشانغا، يۈكسەك پەللىلەرگە يېتىش داۋامىدا بېسىپ ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك، ئەمما ئاخىرقى نىشان ئەمەس، ئاخىرقى توچكىمۇ ئەمەس. چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىنى قورال قىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلار بەكمۇ جىق.

ياشلىرىمىزنىڭ چەت ئەللەر تىللىرىنى ئۆگىنىشى ھەققىدە ئويلىنىشىمغا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىلمۇ بار. مەن ۋەتەندىكى چېغىمدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق رومانلىرى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ۋەتەندە بۇ كىتابلارنىڭ ئىنگلىزچىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ھاۋايغا كېلىپ كىتابخانىدىن، كۇتۇپخانىدىن، گۇگۇل (Google)، ئامازون (Amazon) قاتارلىق خەلقئارالىق تور

كىتابخانىلىرىدىن بۇ كىتابلارنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئەمما ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى. بەلكىم مەن ئاڭلىغان ئۇچۇر ئېنىق بولماسلىقى ياكى تەرجىمە قىلىنغان بولسا تاپالمايۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ ئورۇنۇش داۋامىدا يېڭى بىر نۇقتىنى ھېس قىلدىم. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخى خەلقئارالىق تونۇلغان بولمىغان بوز- بوزلۇق. بىزدە تەرجىمە قىلىشتا تېگىشلىك، چەت ئەللىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدىغان رومان، شېئىر ۋە ماقالىلاردىن ئازراق بولسىمۇ بار. ئەمما ئۇنى ئىنگلىز تىلى قاتارلىق خەلقئارالىق تىللارغا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلالايدىغان تەرجىمانلار يوق دېيەرلىك. ماگىستىرلىق، دوكتورلۇقنى چەت ئەللەردە ئوقۇش ئەسەر تەرجىمە قىلالايدىغان ساپا، ئىقتىدار، قابىلىيەت ھازىرلىغانغا تەڭ ئەمەس. چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى نەشر قىلىشنى خالايدىغان نەشرىيات سودىگەرلىرىنى تېپىش بەسى مۈشكۈل. بۇ ئەھۋالدا مۇنداق بىر ئاچچىق رېئاللىق ئۆزلىكىدىن ئايان بولىدۇ: بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن ئوڭ تاناسىپ. ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىمۇ بىچارىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئارىسىدا ئۆزىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئويلانغانلار باردۇ. ئەمما بۇ ھەقتە قاتتىق مېھنەت قىلىۋاتقان ياكى بىرەر ئەمگەكنى روياپقا چىقارغانلارنى مەن تېخى ئۇچراتمىدىم. چۈنكى، چەت ئەللەردە يېزىقچىلىق قىلىش بەكمۇ تەس ئىش. ئوڭاي ئىشقا كۆنۈپ كەتكەن تەبىئەت بىلەن بۇ نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ. ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسى زىگمۇند باۋمەن (Zygmund Bauman): «مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەسلىكتىن، ھەل قىلىش كۈنتەرتىپىگە قويماسلىقتىنمۇ يامان» دەپ يازىدۇ. تىل ئۆگىنىش پوزىتسىيىمىزدە، مەقسىتىمىزدە مەسىلە بولغانىكەن، ئۇنداقتا بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ۋە جاۋاب ئىزدەشكە ئورۇنۇش زۆرۈر. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، 1950- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىنىڭ توختى باقى ئارتىشى، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق پېشۋالىرى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە يول ئېچىپ بەرگەن، ھازىر چولتا بولسىمۇ «خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەزەرىيىسى» بار بولدى. ئەمدى دۇنياغا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ پۇقرالىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىنگلىزچە- ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرچە- ئىنگلىزچە دېگەنگە ئوخشاش كۆپ تىللىق، قوش يۆنىلىشلىك تەرجىمە تەقەززاسىغا ۋە شۇنداق بىر دولقۇنغا موھتاج بولۇۋاتىمىز. بۇ ئورۇنۇش پۈتكۈل خەلقىمىزنى دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى بىلەن خەۋەردار قىلىشتا تولىمۇ زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەلۋەتتە ئانا تىل ۋە باشقا چەت ئەللەر تىللىرىغا ئوخشاشلا پۇختا، يۇقىرى ساپالىق تەرجىمە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى، بۇ تەرجىمە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى بولسا مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، رەھبەرلەرنىڭ زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ قاتناشقان «سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق» دەرسىدە گۇرۇپپا مۇزاكىرىلىرى ۋە مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇراتتى. مەن ئىنگلىز تىلىدا چەت ئەللىكلەر بىلەن مۇنازىرىگە چۈشۈپ نۇرغۇن يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشتىم. بۇ جەرياندا ئېغىز تىلى ئىقتىدارىمدىن ياخشى پايدىلاندىم. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىمۇ باش مۇنازىرىچى بولۇپ خېلى جىق مۇنازىرىگە قاتناشقان. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىم ئىنگلىز تىلىدىكى مۇنازىرىلەردە خېلىلا ئەسقاتتى. ئارىلىقتا ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ياتىقىدىن تېلېفون بېرىپ ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەنلىكىمنى تەبرىكلىدى ۋە كېيىنىڭ ئاخىرىدا ئىنگلىز تىلىدا ئەسەر يازالايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن تىرىشىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئەمما بۇ ئۈمىدنى ئاقلاش ناھايىتى زور ئەقلىي كۈچ ۋە زېھىن تەلەپ قىلاتتى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنىڭ بۇ سۆزىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىستىكى، ئىخلاسى ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇقىمىزنى تاشقى دۇنياغا ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى ئىزدەيدىغان بۇرج تۇيغۇسىنىڭ پۇرىقى بار ئىدى. مەدەنىيەتلەر پەقەت مانا شۇنداق ئاكتىپ، يۈزمۇ- يۈز دىئالوگلىشىش ئارقىلىقلا ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشالايتتى، تەرەققىي قىلالايتتى. تېلېفوننى قويۇپ خىيال قاينىمىدا ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم. ھەربىر ئۈمىد، تىلەك مەن ئۈچۈن غايەت زور بېسىم ۋە قامچا ئىدى. ياخشى ئاتقىمۇ بەزىدە قامچا كېرەكتۇ، ئاخىر. بولۇپمۇ ئېزىلەڭگۈ تەكرار تورمۇش رىتىمىغا كۆنۈكۈپ كەتكەن بىزلەر ئۈچۈن بېسىم، قامچا تېخىمۇ كېرەك ئىدى. مەن ئەنشۇ بىر خىلدىكى تەكرارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمدىن ھالقىشنى ئىختىيار قىلغانىدىم. روسىيىگە پاتماي ئەنگلىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە خەلقئارادا يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشىپ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مۇساپىر پەيلاسوپ ئىسەيا بېرلىن «رېئاللىق تۇيغۇسى» دېگەن كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ: «ئەسلىدىنلا ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولمايدىغان ۋە سېنى چىرىتىدىغان رېئاللىققا ۋە شۇ رېئاللىق ئاتا قىلغان ۋاقىتلىق مەنپەئەتكە ئالدانساڭ، ئۆزۈڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن». مەن ئالدانماسلىققا تىرىشتىم. يېقىن- يارانلارمۇ مېنىڭ ئالدانماسلىقىمنى، ئۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىمنى، ئۆزۈمنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشۇمنى تىلەۋاتىدۇ. ئىنگلىز تىلىنى بىلىپ كاللامدا يېڭى ئىدىيە بولمىسا، ئىنگلىز تىلىدا پاراڭ قىلسام، ئەمما پارىڭىمدا يېڭى مەزمۇن بولمىسا بۇ مەن ئۈچۈن خەتەرلىك ئىش ئىدى. ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىيەلىگىنى ئۈچۈنلا پەخىرلىنىپ يۈرۈش، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىمەن دەپ ھەتتا ياتلارنىڭ دىنىغا، يولىغا كىرىپ كېتىش، ئۆز تىلى، مەدەنىيىتىدىن زېرىكىش، دادلاش دەل ئالدىنىش، ئۆزىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ تىل ئۆگىنىش ئەمەس، تىل، دىل ۋە يەنە تالاي نەرسىنى نابۇت قىلىش ئىدى. بۇ بىز ماڭىدىغان يول ئەمەس ئىدى. رابىندرانات تاگور: «ئۆز تىلىمىز بىلەن دېيىلگەن سەپسەتە باشقىلارنىڭ تىلى بىلەن دېيىلگەن ھېكمەتتىن ئۇلۇغ» دەيدۇ. ياشلىرىمىزنىڭ چەت ئەللەر تىللىرىنى ئۆگىنىشتىكى پوزىتسىيىسى، ئاز بىر قىسمىنىڭ تىل ئۆگىنىشتە ئېزىپ كېتىشى، تىل ئۆگىنىشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى قىزىقچانلىق ۋە تەنتەكلىككە يەم قىلىپ بېرىش جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن تەتقىقات قىلىشقا، جاۋاب ئىزدەشكە ئەرزىيدىغان تەرەپلەر ئىدى. بىزدىكى چەت ئەللەر تىللىرىنى ئۆگىنىش مەسىلىسىنى جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئويلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئەنگلىيە دۇرھام

ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان باقى ئابلىمىت ئاكىمىزنىڭ «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكتورلۇق ماقالىسى يېزىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ خۇشھال بولدۇم. دېمەك، مەن ئويلىنىۋاتقان بىر مەسىلىنىڭ باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ دىققەت نەزەرىگە ئېلىنىشى، بىزنىڭ تىل ئۆگىنىش پائالىيىتىمىزنىڭ غايە، مەقسەتچانلىق قاتارلىق نۇقتىلىرىدا مەسىلە بارلىقىدىن ۋە ئۇنى جىددىي تۈزىتىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۈنلەر بەكمۇ تېز ئۆتتۈۋاتىدۇ. ئارىلىقتا پېئارل خاربورغا ساياھەتكە چىقتۇق. ئۇ يەرگە بارغان چېغىمدا تارىختىكى «پېئارل خاربور ۋەقەسى» ۋە مۇشۇ ھەقتە ئىشلەنگەن كىنوغا باغلاپ نۇرغۇن خىيال سۈردۈم. كېيىن شەھەر چېتىدىكى ۋاييانخۇ ئارىلىغىمۇ باردىم. ھونولۇلۇنىڭ كوچىلىرىنى تالاي قېتىملاپ يالغۇز ئايلاندىم. كوچىلارنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىدە، گۈزەللىكىدە گەپ يوق. ئاسمانپەلەك بىنالار ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. يوللار پاكىز، تىنچ، ئازادە. مىغىلداپ ئۆتۈشۈپ يۈرىدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەمما مېنىڭ ئويۇمچە، ئېگىز بىنا دېگەن ئۈرۈمچىدىمۇ كۆرمىڭ، نەنسەندىكى گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى بۇ يەردىكىدىن قېلىشمايدۇ. بۇ يەرنىڭ ھەيۋىتى، پاكىزلىقى، گۈزەللىكى مەن ئۈچۈن نېمە؟ بۇ يەردىكى ئورنۇمچۇ؟ «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» (ئۆزبېك شائىرى مۇقىمىي شېئىرى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەندەك، پېئارل خاربوردا، ھونولۇلۇ كوچىلىرىدا، ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىدە سۈرگەن خىياللىرىم بىۋاستە ھالدا مەۋجۇدلۇقىمىزغا، بىز دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرگە ۋە باشقا ئىجتىمائىي تېمىلارغا ياندىشاتتى. ھاۋاينىڭ كارنىۋىتىدا يېتىپ ئۇيغۇرنىڭ چۈشىنى كۆرەتتىم. ھاۋاينىڭ يولىدا ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇدلۇق مەسىلىلىرىنى نىشان قىلىپ كېتىپ باراتتىم... دەسلەپكى كۈنلەردە ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولىدىكى ئاشخانىلاردا يېگەن لەڭمەنلەرنى، ئانام ئېتىپ بەرگەن پولۇ ــ چۆچۈرىلەرنى، «يەنئەن» يولىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۆپىلىك يولنى شۇنچىلىك سېغىندىم. ئەمما ھاۋايدىكى ئوقۇش مۇھىتىغا باشچىلاپ كىرىشىپ كېتىشىم بىلەن بارا ـ بارا قورساق غېمى ئۇنچە مۇھىم بولماي قالدى. تەييار چۆپ، گاڭپەن قاتارلىق ۋاقىت ئاز كېتىدىغان تاماقلار بىلەن قورساقنى گوللاشقا ئۇستا بوپكەتتىم. «كۆنگەن ياماندۇ، كۆيگەنمۇ؟» دېسە، «كۆنگەن» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن بۇرۇنقىلار. كاللا نېمىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگەنگەندە، مەززىلىك تاماقلارغا كۆنۈپ كەتكەن غەلۋىخور قورساقمۇ رايىش بوپقالىدىكەن. ئەمما ئىنگلىز تىلى دۇنياسىدا يۈرۈۋېرىپ ئۇيغۇر تىلىنى شۇنچىلىك سېغىنىشىمكى، ئالدىراشچىلىقتا، ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان كىتابلارنى ئېلىۋالمىغىنىغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلدىم. ئانا تىلنىڭ مېھرى ئاجايىپ بولىدىكەن. مەن ئىنگلىز تىلىدا دەرس، مۇنازىرە، ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرىغا قاتنىشاتتىم. لېكىن مەندىكى ھېس ـ تۇيغۇ، تەپەككۇر، تىنىق ھامان ئۇيغۇرچە ئىدى. مېھرىلىك ئۇيغۇر تىلى تىنىقىم، خىيالىم، چۈشۈم بىلەن بىرلىشىپ مەنىۋىيىتىمنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغانىدى. داغىستان شائىرى رەسۇل ھەمزەتوف:

*مېيلى قايسى تىلدا زوق ئالسۇن ھەركىم،*
*مېنىڭ ئۆز تىلىمغا جېنىم ملك پىدا .*
*ئەگەر ئانا تىلىم يوقالسا ئەتە،*
*مىن بولاي تېنىمەسىن بۈگۈنلا جۇدا.*

دەپ يازغاندا، بەلكىم ئانا تىلنىڭ ئىشقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى شام قىلىپ ئېرىتىۋەتكەندۇ ۋە بەلكىم ئۇ ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قويۇق شوئار بىلەن چەكلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى دېمەكچى بولغاندۇ!

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ بىر ئاي بولغاندا، ئۈرۈمچىدە قولۇمدا ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن بىر ئوقۇغۇچۇمدىن ئېلخەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە ياخشى ئوقۇشۇمغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن بەزى مەسىلىلەرگە مەسلىھەت بېرىشىمنى ئىلتىماس قىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ھەققىدىكى سوئاللىرىغا مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن خېتىمنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇلارنى قېتىپ قويدۇم: «ھاۋايدىكى كۈنلىرىمگە بەرىكەت تىلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. مەنمۇ ئۆتتۈۋاتقان ھەر بىر كۈنۈمگە مەنە، كاللامدا يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمەن. خۇدا راۋا قىلسا ياشايمىز. كۈنلەر ئالبومىنى يېڭى مەنىلەر بىلەن بېزەشكە تىرىشىمەن. چۈنكى ماڭا تۇز بەرگەن تۇپراقنىڭ مەندە قەرزى بار. ئىشىنىمەنكى، مېنىڭمۇ بۇ كۈنلەردە رىزقىم بار».

2007 ـ يىل ئاۋغۇست، ھونولۇلۇ

---

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى (M3)،(M1)

بۇ سان 2007 ـ يىل 10 ـ ئاۋغۇستتا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ سېنتەبىردە باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن (M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

www.uyghurkitap.com




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2007 ـ يىل 5 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەت ئىچى نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەردە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەردە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58_22　باھاسى: 5 يۈەن




樂
تەڭرىتاغ باغرىدا ياڭرىغان شادلىق سادالىرى.


قىلىپ پەرۋازىيەنە ئوزلە ئۇسسۇل شاھى ماھارەتتە،
تەئەججۇپ ئەيلىسۇن ئاسمان پەرىزاتى خىجالەتتە.








شادلىقىم سەندىن تۆت ئەۋلاد
四代同樂